# تارىم

11

1988

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور ئادرىسى
www.uyghurkitap.com



كوكۆلا چاچ

سۈرەتنى ئابلىز غوجامنىياز تارتقان.

# تارىم

( ئايلىق ئەدەبىي ژورنال )

# TARIM

11

1988

38 - يىل نەشرى

باش مۇھەررىر: ئابلىمىت سادىق.
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ئەخەت تۇردى، قاھار جېلىل
تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):
ئابدۇشۇكۇر تۇردى، ئابلىمىت سادىق، ئابلىز نازىرى، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت تۇردى، ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيوپ، غوپۇرجان بۇرھانوف، قاھار جېلىل، قەييۇم تۇردى، مۇھەممەت شاۋۇدۇن، ئىمىن تۇرسۇن، ياسىن خۇدابەردى.



تۆمۈر داۋامەت

# تۈركىيە ئىلھاملىرى

## قۇش ئارىلى

قۇش ئارىلى ئىزمىرنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. بۇ ئارال قاغىلارنىڭكۆپلىكى بىلەن داڭلىق. ئۇ يەردە بىر قەدىمىي قورغان بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى قەدىمكى زاماندا دېڭىز قاراقچىلىرى سالغانىمىش.

ياتار قۇش ئارىلى قولتۇقى ھامان،
ئېگىلگەن ساداقتەك ئاجايىپ يوغان.
كۆك دېڭىز، كۆك ئاسمان كەتكەن ئۇلۇشۇپ،
قارىساڭ كەڭ ئىگەي دېڭىزى سايان.
مەزىسىز قولتۇقتا
چوقچىيىپ چىققان —
بىر ئارال تۇرىدۇ يىگانە - غېرىب.
مىسالى، چارچىغان غايەت چوڭ بىر قۇش
ئانىسى قويىندا ياتار دەم ئېلىپ.
ئەي ئارال، تاغ سىنىڭ مىسلى دەرپەردەڭ،
دېڭىزلار قۇچىقىڭ گويا ئاچقان كەڭ.
قۇشلارنىڭ ناۋاسى يوقالغاچقىمۇ،
قارىسا غېرىبتەك كۆرۈنۈسەن زەپ،
قارىسا بىتاقەت شۇنچىلا ئۆزەڭ.

بېھىساب ئەسىرلەر ئۆزگىرىشلىرى.
قوڭۇر خادا تاشلارغا بولغان مۇجەسسەم.

قەد كېرىپ مەغرۇر قارايدۇ ئۇلار
دېڭىزنىڭ دولقۇنى، بورانلارغا ھەم.
قۇشلارچۇ؟
غايىب بولغىلى نەكەم.
تەبىئىي چۆمۈلۈش جايى ئىكەن بۇ،
ئاخىرى ئادەملەر قىلىشقان تۇيۇپ،
دېگەن: بۇ ھوزۇردىن قۇشلارلا يالغۇز
بەھرىمەن بولۇشقا بولماس يول قويۇپ.

شەھەرگە ئاشۇنداق ئايلانغان ئارال،
ماتورلۇق كېمىلەر كەلگەن توپلۇشۇپ.
كۆچۈشۈپ كېلىشكەن ساياھەتچىلەر،
بۇ گۈزەل مەنزىرىگە مەپتۇن بولۇشۇپ.

قۇشلار ئۇچۇشۇپ كەتكىلى قاچان،
بىلمىدۇق،
ماڭدىمۇ ئىنساندىن ھۈركۈپ،

يا ئىزدەپ تېخىمۇ بېھىشتەك ماكان؟
قۇشلاردىن ئايرىلىپ قالغان ئارالدا
قالغىنى پەقەت بىر قەدىمىي قورغان،
قاراقچىلار ئوتتۇرا ئەسىردە سالغان،
ۋە ئايمىغى ئۈزۈلمەس سەيلىچىلەرنىڭ
كۈلكىسى،
خۇشاللىق بىلەن ياڭرىغان.

## قۇملۇق ۋە دېڭىز

### قۇملۇق — باياۋان

يۇرتۇم مېنىڭ
چېتىدە تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ.
ئۇ يەردە بورانلار، قۇم دولقۇنلىرى
دېھقان ھاياتىنى يالماپ يەم ئەتكەن.
ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قىلىپ كەلگىنى
قۇملاردا پارقىراپ ئۆپىرىغان كەتمەن.

قاغجىراپ كەتكەن كەڭ مۇنبەت تۇپراق،
تاك ئۆسەر دەرەخلەر مايماق بولۇشقان.
ئاتىلار قەلبىنى ئېچىشتۇرۇپ بەك
زىرائەتلەر قۇرۇغان، سارغايغان.
قۇملاردا سۇ مەنبەلىرىنى كۆمۈپ،
يالمىغاندۇ قانچە ئېتىز — بوستاننى
ئاشۇ چېكى يوق قۇملۇق — باياۋان.
ئۆگەنگىنىمدە مېڭىشنى تەمتىلەپ،
تەلمۈرەتتىم زۇمرەت سۇلار تامان.
بولاتتىم يېشىل ئېتىزنى كۆرگەندەك
بىرەر سۈزۈك كۆلنى كۆرگەنلا ھامان.

يۇرتۇم مېنىڭ
چېتىدە تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ.
رەھىمسىز بورانلار، سارغۇچ قۇملار
ئاتىلار ئارزۇلىرىنى ئەيلىدى ۋەيران.

ئەقىل يېشىدا كىرگەندىن باشلاپ
كۆرگەنلىرىم
ئاتامنىڭ يېرىلغان يۈز، يېرىك قوللىرى.
قۇملۇق بوران
ئۇلارنى شۇنداق تاۋلىغان،
ئويمىچىلىق پىچىقىدا
ئويۇپ شۇنداق ياسىغان.
ئۇنىڭدا ئىزلىرى بار
ئاتىلارنىڭ قۇملۇق بوران بىلەن ئېلىشقان.
شاھىدى ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ
تەبىئەتنى يەڭگەنلىكىنىڭ.
ئەمدى
سۈزۈك سۇلار قويۇلدى ئېكىنزارلارغا،
قۇملۇقلار بولدى كۆككۆلمەيدان.
كۆز يەتكۈسىز ئېتىز - دالىلار
بېھىشتەك جىلۋىدە قىماماقتا جەۋلان.
يەنە قارىغىنىمدا چەكسىز قۇملۇققا،
ئاچچىقمۇ، تاتلىقمۇ بىلەلمىدىم ھېچ
كۆڭلۈمدىكى تۇيغۇنى شۇئان.

بارغانمەن دۇنيادا تالاي ماكانغا،
يېشىللىق ماڭا تونۇش ۋە ئىللىق ھامان.
لېكىن يەنىلا ياتار ئىگىلەپ
قەلبىمنىڭ كۆپ قىسمىنى قۇملۇق — باياۋان.

### دېڭىز - ئوكيان

ئادەتلەنگىنىمدە
قۇملۇقلارنىڭ چەكسىزلىكىگە.
پايانسىزلىقى بىلەن دېڭىز - ئوكيان
قىلدى مېنى ھەيرانۇ - ھەس.
كەڭ كەتكەن تېگى يوق، چېكى يوق سۇ
چايقىلار لەرزان
تۇتىشىپ كۆك بىلەن پەۋەس.

بېشلاپ ئادەملەرگە
تەسەۋۋۇر، خىيالنى شۇنچە تۇگىمەس.
يوغان ۋە كېلەڭسىز كېمە-پاراخوتلار
دېڭىز ئالىمدە
كۆرۈنەر قۇمچاقتەك كىچىك، ئەرزىمەس.
كۆكۆش، زەڭگەر، كۆپكۆك،
زۇمرەتتەك،
يېشىل تاشتەك،
ياۋروپا قىزلىرىنىڭ كۆك كۆزلىرىسىمان،
كۆپكۆك، كۆپكۆك دېڭىز سۇلىرى
قىلدى ماڭا ئىنئام،
دولقۇنلۇق، تۈگىمەس
شېئىردى ھېسسىيات — ھەۋەس.
ئاھ، بىپايان دېڭىز - ئوكيان،
كۆپكۆك ۋە يېشىل دېڭىز - ئوكيان.
مەدھىيىلەشكە سېنى چوڭقۇر مۇھەببەتتە
چىرايلىق سۆز تاپالمىدىم، بەس.
مەن پەقەت،
كۆڭۈل - كۆكسۈمنىڭ
چەكسىز بولۇشىنى سېنىڭدەك،
قەلبىمنىڭ
پاك بولۇشىنى سېنىڭدەك
قىلىمەن ئارمان.
مەن يەنە
بىر قىسمىڭنى سېنىڭ
ھېلىمۇ قىزغاق تۇرىۋاتقان
يۇرتۇمغا راۋان
باشلاپ كېتىشنى قىلىمەن ئارمان.
بولسۇن دەپ
قۇرغاق سارغۇچ قۇملۇقلار
يېشىل ئېتىز، يېشىل بوستان.

## «بۇلبۇل تېغى»

بۇۋى مەريەم ئانىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا تۇرغان جايى «بۇلبۇل تېغى» نىڭ ئۈستىدە بولۇپ، تاغ باغرىدا بىر بۇلاق بار، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇۋى مەريەم ئۇنىڭ سۈيىنى ئىچكەنلىكتىن ئۇ «مۇقەددەس سۇ» دەپ ئاتالغانمىش.

بۇ ئىسىم يېقىملىق زەپ ئەجەب،
مىسالى گىرىك چۆچەكلىرىدەك.
بۇ يەردە دەرەخلەر باراقسان
ۋە گۈللەر ئېچىلغان پورەكلەپ.
ساپ ھاۋادىن ياشىرار يۈرەك،
رەڭلەر خىلمۇ خىل چاقنىغان.
قەدىم جايى بۇ مەريەم ئانىنىڭ
ئاشۇ تاغ ئۈستىگە ئورناشقان.

ئېقىنغا ئوخشايدۇ سەيياھلار،
كونىلار يەلكەننى ئەسلىتەر.
ئىرقى ئوخشىماس ئادەملەر
خىلمۇ خىل تىل بىلەن سۆزلىشەر.
دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايىدىن
كېلىشىپ بىر ئۆيدا تېۋىنىپ،
قىلىشار ئادەملەر تاۋابنى
مەريەم بۇۋىگە سېغىنىپ.
ئارزۇنى ئىزھارلاپ دىلىدا،
تۇرۇشار سۈكۈتتە،

مۇقەددەس —
مەريەمنىڭ ھەيكىلى ئالدىدا.
بىلمىدىم، ئۇلار ئۆز ئەقلىدە
ئويلىدى نېمىلەر ھەققىدە.
چىرايى تەقۋادار ئاجايىپ،
تۇرۇشار سۈكۈتتە جىمىدە.
شۇنچە پاك ئوخشىماس ئادەمگە —
ياشىغان بۇ دۇنيا ئىچىدە.

چىققاندا مەريەم بۇۋىنىڭ
شۇ قەدىم جايىدىن ئايرىلىپ،

uyghurkitap.com



قېرىلار قەدىمى ئاستىلار،
ياشلارنىڭ سۆھبىتى جانلىنىپ.
قانغۇچە ئوينىشار باللار،
باغلىق بولمايدۇ ئۇلاردىن
ئارزۇغا يەتتىكى قايسىلار؟

قاپتالدا بىر بۇلاق بار ئىكەن،
«مۇقەددەس سۇ» دەپ نام چىقارغان.
بەس ـ بەستە ئىچىشەر ئادەملەر،
يۈز يۈيار قول يۇيار، شادىمان.
بەزىلەر سوغىغا ئۇسۇشار،
ئىچىدۇ ئۆيلەردە دوست ـ ياران.
شۇ سۇنى ئوتلىغان ئادەمنىڭ
ھەل ئىمىش مۇرادى بىگۇمان.
پەلەكنىڭ چاقى كۆپ چۆرگىلەپ،
ئۆمرىمدە قەد كەرگەن كۆپ پىلان.

مەنمۇ ھەم ئىچتىم چوڭ بىر ئوتلام،
يۇدۇم يۈزقولۇمنى شۇ ھامان.
بىردىنلا تارقالدى ھارغىنلىق،
يەڭگىللىك ھېس قىلدى ھەمدە جان.

بولسىمۇ خىرىستىيان دىنىنىڭ
مۇقەددەس ماكانى شۇبۇ يەر،
مۇنداق سۆز ئادەملەر ئىچىدە
ئېغىزدىن ئېغىزغا يۆتكىلەر:
كىم قىماسا بۇ يەرنى بىر تاۋاپ
«ھاجى»غا ئايلىنار،
كۆپ ساۋاب.
مېنى رام قىلالماس خۇراپات،
قالدۇردى لېكىن بۇ ساياھەت
تارىخ ۋە ھاياتلىق ھەققىدە
مەندە كۆپ ئەسلىمە، خىيالەت.

## ئاتا تۈرك مەقبەرىسىگە مۇھەببەت

ئاتا تۈرك ــ تۈرك ئاتىسى دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. ئۇ تۈركىيىنىڭ مىللىي قەھ ـ رىمانى، جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرغۇچىسى، بىرىنچى نۆۋەتلىك رەئىس جۇمھۇردۇر. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى مۇستاپا كامال ئىدى.

تۈرىمەن
مارتاپى تۆپىلىكىدە،
كۆمۈلگەن بۇ يەرگە ئۇلۇغ بىر ئادەم.
يەلپۈيدۇ
چۇۋۇلغان چېچىمنى يېنىك،
سوۋۇتۇپ
يۈرىكىمنىڭ قايناق قېنىنى،
مەيىن ۋە سالقىن تاغ شامىلى شۇدەم.
قەدىمي قورغانغا ئوخشايدۇ ئەجەب
بۇقەبرە،
ئالدىمدا قەد كېرىپ تۇرغان
شۇنچىلا ئېگىز ۋە شۇنچىلا ھەيۋەت.

گويا بىر مويسىپىت تارىخىي ئاتا
ياغدۇرۇپ بەستىدىن سۆلەت، ئادالەت.
بىر مىللىي قەھرىمان كەچۈرمىشىدىن
سۆزلەيدۇ رىۋايەت كەبى ھېكايەت.
سۆزلىنەر يارىتىش ـ بەرپا قىلىشنىڭ
ئۇلۇغۋار تۆھپىسى، ئاجايىپ شۆھرەت.
تۈركىيە ئاتىسى سىز ئاتا تۈرك،
ھەم تۈرك خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلى،
خەلقىغە بىلدۈرگەن چەكسىز ساداقەت.

بۇ گۈزەل تۇپراقنى چەيلىگەن چاغدا،
جاھانگىر زالىملار تۆمۈر تاپاندا،

قاراقچى خۇنپەرلەر قىلىچ ئوينۇتۇپ،
ىسگۇناھ جاللارنى قىرىپ چاپقاندا؛
رىيازەت، ئازابلار چەككەندە خەلق،
مىللەتنىڭ تەقدىرى قىلىپ خەتەردە؛
چىقتىڭىز، مۇستاپا كامال ئۆزىڭىز،
دەس تۇرۇپ ئاتلىنىپ مۇشكۈل سەپەرگە.
ئىقتىدار، ئەقىل ۋە ئەرلىكتە هامان،
پۈتۈن بىر مىللەتنى باشلاپ ماڭدىڭىز
يېڭى بىر ئەسىرنىڭ تاڭلىرى تامان.
تۇغىنى هۆرلۈك ۋە مۇستەقىللىكنىڭ
كۆتۈرۈپ ئېگىزگە،
قوغلىدىڭىز تېز
يۇرت—ۋەتەن باغرىدىن زالىملارنى سىز.

دەم ئالماي، ئۆزىڭىزنى ئوڭشاپمۇ تۇرماي
خارابلىق ئىچىدە ياتقان تۇپراقتا
قايتىدىن گۈللەتتىڭىز سەلتەنەتنى
ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ،
قالماي ئۇزاققا.
ئىسلاهات قىلدىڭىز دادىللىق بىلەن،
جېمىكى مەينەتنى، سېسىق ئەخلەتنى
قالدۇرماي قومۇرۇپ، تازىلاپ بەلەن.
دۇنيا مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلدۇرۇپ،
چىقتىڭىز هارماستىن قورال-لاندۇرۇپ
بىلىمدە، ئىرپاندا، مەدەنىيەتتە
بۇ قەدىم مۇسۇلمان ئەهلىنى هەيۋەت.
ياۋروپا، ئاسىيا چېگرىسى ئارا،
قەد كەردى مۇنەۋۋەر باتۇر بىر مىللەت.

تۇرسەمەن
مارتاپى تۆپىلىكىدە.
ئاستا قەدەمدە زىيارەتچىلەر
پەلەمپەي ئۈستىگە ئۆرلەيدۇ هامان،
ئېتىقاد، چوقۇنۇش، تەقۋادارلىق هەم
ئىشەنچ ۋە تۈگىمەس قۇدرەت ئىلكىدە.
ئويلىدىم ئۇنچىقماي كۆڭلۈمدە شۇئان:
تىنچ ياتقىن،
ئەي ئاتا تۈرك، ئال ئارام.
سەن باقىي ئالەمدە مەغرۇرلۇق بىلەن
كۈلۈۋەر، تەبەسسۇم ئەيلە خىرامان.
چۈنكى
سەن كۈرەشلەر قىلغان دىياردا،
گۈللەنگەن تۈركىيە
ئاستا - ئاستا
زەبەردەس قەددىنى كۆتۈردى شادىمان.

## ئانام سەن ۋەتەن

بەختسىز هەمدە دەردمەندۇر ئانىسىدىن يېتىم قالغان،
ئېزىقان قوزىدەك ئېگىرار ۋەتەندىن ئايرىلىپ ئىنسان.
ئاپتورنىڭ بېغىشلىمىسى.

ئوتتۇز يىلدىن ئاشقاندا مانا،
ئاخىر بۈگۈن قايتىپ كېلىپسەن.
ئىزدىدىڭمۇ ئەسلى جايىڭنى،
باللىقتىكى ئويۇنلىرىڭنى.
غەمسىز ئۆتكەن چاغلارنى خۇرسەن؟
ئۆز توپىدىن ئايرىلغان قۇشتەك،
ئالەمنىڭ نېرىسىدا سەن بولۇپ سەرسان.

ئۇزاق ئايرىلغان يۇرتۇڭغا قايتتىڭ،
سەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بۇ ماكان،
مەشهۇر قەدىمىي شەهەر —
ئەزىز قەشقەر،
كەگرى، ئازادە كوچا - رەستىلەر
رەت - رەت بىنالار بوي تالاشقان.
تونۇش، ناتونۇش

ھېتگاھ مەيدانى،
مەسچىت مۇنارى كۆككە بوي سوزغان.
بازار - گۇزەرلەر
ئاۋات، قاينىغان.
بوغۇق، ياڭراق سۆنەي ئاۋازى،
راۋاب مۇڭى تارقىلىپ ھەر يان،
يۈرەكلەرنى لەرزىگە سالغان.
راستىمدۇ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەجەب؟
بولمايۋاتقاندۇ قايتىلاپ ئايان،
ئاھ، كۆرگەن چۈشلىرىم كېچە - كېچىلەپ.
يولدىكى يىگىتلەر غەيۇر، نەۋقىران،
يولدىكى قىزلارمۇ گۈلدەك ياشنىغان.
چىرايلار، لەۋلەردە ئوينار تەبەسسۇم،
ھەر ئۆيدە توقچىلىق،
شادلىق ھۆكۈمران.
ئىلگىرىكى «كەپتەرلەر ئۇۋىلىرى» قېنى؟
جۇل - جۇل كىيىملىك قەلەندەرلەر ھەم؟
نەگىدۇ ھەممىسى غايىب بولۇشقان،
ئالدىمدا نامايان
ئاۋات مەنزىرە،
ئاھ ئانا،
قايتىنغۇ قوينۇڭغا قىزىڭ،
قەلبىمدە دولقۇنلاپ قاينار ھاياجان.

ھايات مۇساپەڭ يېرىم ئەسىرلىك،
ئۇقتۇردى ساڭا كۆپ نەرسىنى روشەن،
ئوتتۇز نەچچە يىللىق شامال - يامغۇرلار،
ئوتتۇز نەچچە يىللىق سېغىنىش ۋە غەم
قىرولار قوندۇردى ئىككى چېكەڭگە.
ياماشتى قورۇق كۆز جىيەكلىرىڭگە.
تۇرساڭمۇ ماھىر بىر دوختۇر گەرچە سەن،
بولسىمۇ ئۆي - جايىڭ ستامبۇلدا ھەم،
ئۆتسىمۇ تۇرمۇشۇڭ پاراغەت بىلەن.
داۋالاش، يېپىېشقا ئامالسىز ئۇلار
سېغىنىشتىن يۇرتۇڭنىڭ توپىلىرىنى
سارغىيىشنى چىققان چىراي - يۈزۈڭگە.
ھاياجان ئىچىدە ئېقىتىپ كۆز ياش
تۆكتىڭمۇ يۈرىكىڭ سۆزىنى بىزگە:
«يۇرتۇمدىن ئايرىلغانغا
بولدى ئوتتۇز يىل،
كۆپ تارتتىم سەرسانلىق ئازابى سىرتتا،
ئۆزگىلەر ۋەتەنسىز دېگەندە مېنى،
يۈرىكىم سەكپارە بولدىغۇ ھەتتا.»
يىغىدىن بوغۇلۇپ قالدى ئاۋازىڭ،
ئارقامغا بۇرۇلدۇم،
تاشلىدىم نەزەر،
ئايروپىلان قانىتى ئاستىدىكى كەڭ،
تاغ - دەريا ھۆسنىگە گۈزەل رەڭگارەڭ.
قەلبىم مىسلى ئۆركەشلىك بۇلۇت دېڭىزى
يۇرت - ۋەتەن،
مۇقەددەس سۆز بۇ نەقەدەر.
بارچىدىن ئايرىلسا ئايرىلار ئادەم،
پۇل، ھوقۇق، نام - شۆھرەت،
مەرتىۋىدىن ھەم.
يېقىتىپ قويۇشقا بولمايدىغىنى
پەقەت سەن،
سۆيۈملۈك ئانىجان ۋەتەن.
كۆڭلۈمدە
بۇ ئۇيغۇر قېرىنداشىمغا
مۇنداق سۆز ھەدىيە قىلدىم ئۈنسىز مەن:
«ئاھ ۋەتەن،
ئەبەدى ئانا ماڭا سەن.»

1988 - يىل، ماي.

ياسىن خۇدابەردى

## تۈتلىكلەر

شادلىقتا، قايغۇدا بولايلى بىللە،
ئىناقلىق قەسرىنى قۇرايلى بىللە.
ھېچكىشى بۇزالماس دوستلۇقىمىزنى،
تائەبەت ئىتتىپاق ئۆتەيلى بىللە.

*　　　*

بىر دۇنيا قۇرايلى غەم - دەردتىن خالىي،
پىتنىدىن، ئېغۋادىن، ھەسەتتىن خالىي.
بەختىمۇ، شادلىقىمۇ ھەممىگە ئورتاق،
ھىجراندىن، پىناندىن، ھەسرەتتىن خالىي.

*　　　*

يىغىلسام بۇ ئانا يېرىم كۆتۈردى،
ھالسىراپ قالغاندا كۈچ - قۇۋۋەت بەردى.
چېچىم ئاق بولسىمۇ، كۆڭلۈم تېخى ياش،
ئانا يەر گۈدەكتەك ئاسراپ ئۆستۈردى.

*　　　*

ئېھ، ئىلھام، سەن مېنى تاشلاپ كەتمىدىڭ،
قېرىلىق چۆلىگە باشلاپ كەتمىدىڭ.
بىمار بولۇپ كارىۋاتتا ياتقان چاغدىمۇ،
يۈز ئۆرۈپ كۆزۈمنى ياشلاپ كەتمىدىڭ.

*　　　*

كەمتەر بول، ئەي دوستۇم، كۆرەڭلەپ كەتمە،
قىلمىنى سەن پىل قىلىپ يوغان كۆرسەتمە.
ئۆزگىمنىڭ تەرىتىدە ئوقۇپ نامازنى،
جامائەت ئالدىدا كۆز - كۆزلەك ئەتمە.

*　　　*

نەپسىگە چوغ تارتما، پۇرسەت كەلدى دەپ،
تۇشمۇ تۇش قول سوزۇپ، ئىزدەپ يۈرمە نەپ.
ئارغىمە ئەجرىڭگە قىلما كۆپ تاما،
ئەمدى سەن مۇددۇرسەڭ كىم ئالار يۆلەپ؟!

*　　　*

بەزىلەر بايلىقنى قالتىس سۆيىدۇ
ۋە لېكىن ئاغزىدا قاغاپ يۈرىدۇ.
ئۆزگىگە جاپانى كۆرىدۇ راۋا،
راھەتنىڭ پەيزىنى ئۆزى سۈرىدۇ.

*　　　*

تەۋرەنمە ھەق يولدىن، باقما شامالغا،
ئايلانما ئۆجمە كۆڭۈل ساھىبجامالغا.
شاخمۇ شاخ تاقلىساڭ شاخ سانىغۇچتەك،
سەن چىقىپ قالمامسەن يالغۇز ئارالغا!

ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن

# شېئىرلار

## سەن مېنى، مەن سېنى...

سەن مېنى پاكار، دەپ،
مەن سېنى ناكا، دەپ،
بوپ كېتەرمىز قايسىمىز قاۋۇل؟!
مەن ساڭا چىشىمنى بىلەپ،
سەن ساڭا دوزاقنى تىلەپ،
قايسىمىز
كىرىپ كېتەرمىز جەننەتكە ئۇدۇل؟!

## ھازىدار تاغ

تەگرىتاغ،
ئولتۇرىسەن سۈكۈت تەختىدە.
بېشىڭدا ئاق بۆك،
بېلىڭگە
باغلىۋاپسەن ئاق قاردىن بەلباغ،
ئەزدى سېنى قانداق مۇسىبەت؟
تۇي ئوينىشقا جابدۇنغانتىڭ ئەسلىدە!

ئۆلگۈرتەلمەس تارىم تۇشۇپمۇ
كۆزلىرىڭدىن ئۇخچىغان ياشنى.
ئۆكسۈشىڭدىن قاڭقىغان دولقۇن
يۇيۇپ ئۆتەر ئاينى، قۇياشنى.

سەن ئەۋەتكەن ھەسەن - ھۈسەنگە
توغراق، يۇلغۇن ئارقىلىق
ئۇچۇر بەرسە تەكلىماكان — سەنىڭ،
ئىچ ئاغرىقىدا
تىلىم - تىلىم بولار يۈرىكىڭ،
يېشىللىقنى بېسىپ ياتقان
كۆچمەن قۇمنىڭ مەشئۇملۇقىدىن
تەڭ قوزغىلىپ كونا - يېڭى ئەلەمىڭ!

باقىي ئەمەس مۇسىبىتىڭمۇ،
ئۇشتۇۋېتىمىز ئەتە قاراڭنى.
قۇمنى
كېڭەيگىلى قويمايمىز ئەمدى،
ئورمانلىقتا قاماپ ئەبەد.
بوران دېگەن بەڭباش ساراڭنى!

تىرىلەر كىرورەن ۋە شەھرى كېتىك...
ھوشىغا كېلىدۇ چوقۇم يېشىللىق!

## خارابە

قۇچاقلاپ قەدىمىي مەدەنىيەتنى
ياتىدۇ خارابە ئەۋرىشكە ساقلاپ.
دات باسقان نەيزىلەر، سۇنغان شەمشەرلەر
قۇياش، ئاي نۇرىدا قالىدۇ چاقناپ.
ساپاللار ھۆسنىدە تارىخ سىيماسى،
ئۆرۈلگەن سېپىللەر سۆزلەر جەڭنامە.
مەرد، نامەرد ھەققىدە قىسسىلەر ئوقۇپ،
ۋەيرانە تام تۇرار چەتتە مەردانە.
يۇڭ رەختلەر، پالازلار ۋە مىس يارماقلار
ئاۋاتلىق يامرىغان بازاردىن ئۇچۇر.
سەممىمىي شەرھلەر قەدىم ئوردىنى
تام شىكاپ ساقلىغان تەۋەررۇك دەستۇر.

نەقىشنى شاماللار يالىغان مۇنار
مۇقەددەس دەۋرگە بولىدۇ شاھىد.
قەبرىدە جەسەتكە ھەمراھ بولغان دان
بىباھا ئەقىللىگە يېگانە پاكىت...

ئالدىمدا خارابە — كونا بىر شەھەر،
قەلبىمدە تىكلىنەر يېڭى ئابىدە.
قوزغىتار خارابە ئېڭىمدا مېنىڭ
تىنچ گۈزەل ھاياتقا يۈكسەك ئەقىدە.

## سەنلا يوق

رەستىلەردە ئادەم توپى مىغىلدار،
كۆزۈم ئاغار چىرايلارغا تىنىمسىز.
دۈچ كېلىپقالسا ساڭا ئوخشاش بىرەر قىز،
سەزگۈلىرىم چۆچۈپ، يۈرەك جىغىلدار.
ئاربىلايمەن كوچىلارنى دىل سۇنۇق،
دوستلار ئۇچرار ھەر قەدەمدە، سەنلا يوق.

قولتۇقلىشىپ كېتىپ بارار قوشماقلار،
يۈزلىرىدە بەخت، شادلىق جىلۋىسى.
كۆزلەر شۇ تاپ بىر بىرىنىڭ قىبلىسى،
لەۋلەردىن گاھ ئۇچار ئويناق قوشاقلار.
ئوي سۈرىمەن تەنھا، غېرىب ۋە مۇڭلۇق
يان - يېنىمدا ھەممىسى بار، سەنلا يوق.

چىملار مېنى باھار كۈلگەن باغچىلار،
ئەگەشتۈرمەك بولار دوستلار كەينىگە.
ھەيلىم يوقتۇر سەنسىز سورۇن، سەيلىگە،
كۆڭلۈم پىراق تومۇزىدا قاغجىرار.
سايرار ئىزنىڭ چۈشكەن باغدا تومۇچۇق،
جىلۋە قىلادى ھەممە جانلىق، سەنلا يوق.

ھەستىلىك تىلەپ سۈمۈرىمەن شارابنى،
ئىچىلار دەپ كۆڭلۈم بىردەم بولسىمۇ.

ئاشقازىنىم شاراب بىلەن تولسىمۇ،
مەست قىلالماس ئىكەن شاراب ئازابنى.
خانىم ئىچرە ھەممە نەرسەم تەل - تولۇق،
كۆڭلۈم يېرىم، پۈتۈنلەشكە سەنلا يوق.

خۇدۇكسىنىپ گاھ سايەمگە قارايمەن،
شەپىسىزلا كەلدىمۇ دەپ يېنىمغا،
دەردلەر قوشۇپ يەنە دەردلىك جېنىمغا،
غايىبانە قۇچتۇم سېنى تالاي مەن.
تەشنالىقتا ئېتىپ باقتىم نەچچە ئوق،
سېلىشۇەردى روھىمغا چاك، سەنلا يوق.

قامۇسلاردىن گۆھەر ئىزدەر نىگاھىم،
سەزگۈلىرىم يايرار ھەر بىر ھېكمەتتىن.
ھەر بابتىكى ئىشق تۇغقان ھۆكمەتتىن،
ئاغدى ساڭا يەنە مېنىڭ خىيالىم.
سۆيگۈدە بار ئىكەن ھاكىم بىر ھوقۇق،
بەرمەكتە ئۇ شېرىن جازا، سەنلا يوق.

ھىجران دىلغا ئارتتى شۇنداق ئەلەمنى،
نەچچە لىرىك قامۇس پۈتەر يازسا گەر.
مۆكۈۋالدى ئىلھام دېگەن بەچچىغەر،
تەمشەلگەندە ئېلىپ قولغا قەلەمنى.
روھىم كۆكى سەنسىز ھامان بۇلۇتلۇق،
يۇرۇشمىدى ئىشلىرىم ھېچ، سەنلا يوق.

## بىلمەيمەن

كىم ماڭا ئەڭ سادىق، كىم ئەڭ ۋاپادار،
بىلمەيمەن بىلمىدىم مۇشۇ كەمگىچە.
تالايلار پەرۋانە بولدى يېنىمدا
تالىلىرى مېنىڭدىن شىرنە ئەمگىچە.

يېغلىسام قول ياغلىق تۇتقۇزغان قوللار،
كۆلگەندە كۆزۈمگە چاچماق بولدى ھاك.
چېپىشىپ بەرگەنلەر چۆللەردە زەيكەش،
ئۇرۇندى كوزامنى ئەيلەشكە ناپاك.

بىر دەمىلىك پەپىلەپ مېنى، ئارقىدىن
قەلبىمنى ئازابتا تاشلىغدى كۆپلەر.
دۇردۇن پەي ئىچىدە «كۆش - كۆش»
لاپ ھامان،
ھاۋانى بۇلغىغان كەبى ھۆپۈپلەر...

كىم ماڭا ئەڭ سادىق، كىم ئەڭ ۋاپادار،
بىلمەيمەن، بىلمىدىم، بىلەلمەسمەن ھەم
چۈنكى نى تىلسىمنى يەشكىنى بىلەن،
تىلسىمنىڭ ئەڭ سىرلىق تىلسىمى ئادەم.

## دالادا قار، قەلبىمدە باھار

كۆكتە ئاق قۇ تاشلىغاندەك پەر،
ماموق چېچەك چۈشەر پىلدىرلاپ،
شېكەر چايقار بۇلاق شادىرلاپ،
ئاق يېپەكتە يۆگىنىدۇ يەر.


يۆگەر چوققا بېشىغا سەللە،
ئۇپا سۇركەر يۈزىگە ئېدىر.
قورام تاشلار مىسلى ئاق چېدىر،
سۆت رەڭ يېپەك توقۇيدۇ چەللە.

ئەخلەت - چاۋا بارار كۆمۈلۈپ،
كۆلەر ئۇندا يېڭى، پاك ھايات.
ئىگىنسىز ساي، جىمغۇر كائىنات
ئۇخلار ماموق پەرگە چۆمكۈلۈپ.

تەندە ھوزۇر قىيانى يامرار،
كەڭ ۋادىغا زوق بىلەن قاراپ،
كەتتى دىلغا بىر ئاقلىق تاراپ،
دالادا قار، قەلبىمدە باھار.

## بىر بۇلاق

سۇزۇلدۇرمەك بولۇپ دەريانى،
ئاڭا كېلىپ قوشۇلدى بۇلاق.
قوشۇلدى - يۇ، مىنۇت ئۆتمەستىن،
لېيىپ كەتتى ئۆزىمۇ بىراق.



(ھېكايە)

ماخمۇت مۇھەممەت

1

بىز ھېيتلاپ يۈرەتتۇق. ھەممىمىز تەتىلدە ئائىلىمىزگە قايتقان ستۇدېنتلار بولۇپ، ئارىمىزدا ئىككى - ئۈچ قىزمۇ بار، قىسقىسى، خۇش چاقچاق بىر جامائەت ئىدۇق.

«ياڭاقلىق» مەھەللىسىدىكى بىر ساۋاقدىشىمىزنىڭ ئۆيىنى ھېيتلاپ چىقىشىمىزغا مەن بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇيدىغان ئاغىنەم سابىت ئۇدۇلىمىزدىكى خالتا كوچىنى كۆرسەتتى - دە:

— يۈرۈڭلار، ئۇلاش - چۇلاش ئەشەدىكى بىر قورۇغا كىرىپ چىقايلى، ئۇ مېنىڭ ھەدەمنىڭ ئۆيى بولىدۇ، — دېدى.

قاچاندۇر بىر چاغلاردا يېشىل سىرلانغان، ئەمدى بولسا ئاقىرىشقا باشلىغان يوغان دەرۋازىلىق ھويلىغا كىردۇق. ھازىر بوندىاق يوغان، قوشقانات ياغاچ دەرۋازىلار ياسالمايدىغان بولدى. پېشايۋانلىق، ئۇزۇن سوزۇلغان، ئېگىز ئۆيلەر، پېشايۋان ئالدىدىكى كەڭ ئۈزۈم بارىڭى... تولىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. تالالارنى باراڭغا ئېلىش مەزگىلى بولمىغاچقا، ئېگىز باراڭ ياغاچلىرى يالىڭاچ تۇراتتى. چوڭ ھويلىنىڭ ھەممە يېرى دېگۈدەك مېۋە دەرەخلىرىگە تولغان. دەرەخلەرنىڭ بىرىگە بىر ئاپشاركا زەنجىرلەنگەنىدى، ئۇ ئىككى كۈندىن بۇيانقى ھېيت پەتنچىلىرىگە ئۈگىنىپ قالغان بولسا كېرەك، بىزنى كۆرۈپ پەقەت قۇلاقلىرىنى دىك قىلىپ، غىڭشىپ قويۇش بىلەنلا چەكلەندى.

سابىت بىزدىن ئاۋۋال پېشايۋانغا چىقتى - دە، چەتتىكى زەڭگەر سىرلانغان ئىشىكنى ئاچتى. ئاگىغىچە نېرىقى ئۆيلەرنىڭ بىرىدىن ئاتمىشتىن ھالقىغان، خېلىلا مۈك-چىيىپ قالغان بىر موماي چىقىپ، بىز بىلەن ئامانلاشتى.

كەڭ - يورۇق ئۆي. ئاپئاق تاملارغا چوغدەك قىزىل گىلەملەر ئېسىلغان. ئۆي جاھازىلىرىنىڭ باياشادلىقىدىنمۇ كۆرە رەت-

لىكلىكى كىشىنىڭ كۆڭلىگە بىر خىل ئارام
بېغىشلايتتى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ
ئۈستەل نازى - نېمەت بىلەن راسلانغانىدى.
بىز «ئال، باق دېگەن تەكەللۇپلار، تەزىتقى-
چىلىقلار، چاقچاق، كۈلكىلەر بىلەن ئولتۇ-
رۇپ، چاي ئىچىشكە باشلىدۇق. بايىقى
موماي بىزنى ئازادە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ
قىلدى - دە، ياشلارغا دەخىل قىلماي دې-
دىمۇ ئەيتاۋۇر، چىقىپ كەتتى.

— بۇ سۈرەتتىكىلەردىن قايسىسى
سىزنىڭ ھەدىڭىز بولىدۇ، سابىت؟ — باياتى-
دىن بېرى تامغا ئېسىقلىق رامكىدىكى
سۈرەتلەرنى تاماشا قىلىۋاتقان فىزىكا
فاكۇلتېتىدىكى چىرايلىق، ئورۇقتىنا قىز
ساجىدە قايرىلىپ سابىتتىن سورىدى:

— مانا، مۇشۇ. — سابىت قولىدىكى گۈل-
لۈك چەينەكنى كۆتۈرگەن پېتىلا رام-
كىدىكى ئىككى سۈكلۈق بىر سۈرەتنى
كۆرسەتتى. ھەممەيلەن دېگۈدەك تەكلا
رامكىغا يېپىلىشتۇق...

ھېلىقى سۈرەتكە قارىشىم بىلەنلا تې-
نىم جۇغخىدە قىلىپ، بېشىم قايغانىدەك
بولدى - دە، كەينىمدىكى ئورۇندۇقنىڭ
يۆلەنچۈكىگە يۆلىنىپ قالدىم. بىر ياقتىن
ھاڭ - تاڭلىق، يەنە بىرياقتىن قانداقتۇر
ئېچىنىشتەك بىر سېزىم كۆڭلۈمنى چۇلغى-
ۋالغان ھالدا، سۈرەتكە يەنە قارىدىم. قى-
ياقتەك قاشلىرىنىڭ ئاستىدا دۈگلەك توش-
قان كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان چىرايلىق
بىر قىز سەل كۈلۈمسىرەپ ماڭا تىكىلىپ
تۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇ خۇددى مەندىن
بىر نەرسىنى سوراۋاتقاندەك ئىدى. ئېھتى-
مال ئۇ «سىز مېنى تونامسىز؟» دەپ
سوراۋاتقاندۇر.

ھەئە، مەن ئۇنى تونۇيمەن. ئۇنىڭ
ئاشۇ دۈگىلەك كۆزلىرىنىڭ ھەر بىر چاقنى-
شى، نېپىزگىنە، ئۇماق لەۋلىرىنىڭ ئىللىق
تەبەسسۇملىرى، يىپەكتەك يۇمشاق چاچلى-
رىنىڭ شوخ سىلكىنىشلىرى... ماڭا شۇنچە
تونۇش. ئۇ كۆزلەر بىر ۋاقىتلاردا ماڭا...
ماڭىلا تەلمۈرۈپ تىكىلەتتى. ئۇ، ئۇماق
لەۋلەرنىڭ مۇڭلۇق ھېيت ئۈستىلىگە قويۇلغان
قەندەلدىكى سارغۇچ بالدەك تاتلىقلىقى مۇشۇ
تاپتا بىلىنگەندەك، كالپۇكلىرىمنى يالىدىم...
ئۇ يىپەك چاچلارنى بىر چاغلاردا مېنىڭ
قوللىرىم ئاۋايلاپ ئۆيىنىغان.

شۇنداق، ئۇ غايىبانە جۈيلۈش
ئەمەس، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەت،
ھەممىسى بولغان، ئۆتكەن، كونىرىغان ئىش-
لار. بۇ ئىشلار ئاشۇ ئىككى سىزىق سۈرەت
ئارقىلىق، شۇ تاپتا تولۇقى بىلەن يادىمغا كەلدى.
يادىمغا كەلدىلا ئەمەس، بۇ ئەسلىمىنىڭ يۈرى-
كىمدە تولىمۇ تەستە بېسىلغان كۆيۈك ئوتلىرى
چوقچىلانغان قوقاستەك قايتا يېلىنجىدى.

ئادەتتە شۇنداق بولىدۇ: بىرەر كىشى-
نىڭ سۈرىتىنى باشقىلار كۆرگەندە، ئۇ كى-
شىنى تونۇمايدىغانلار بىر پەس قارىشىپ،
ئېشىپ كەتسە سۈرەت ھەققىدە، يەنە كېلىپ
سۈرەتتىكى ئادەمنىڭ ھال - ئەھۋالى ھەق-
قىدە ئەمەس، ئۇنىڭ سۈرەتكە ئوبدان
چۈشكەن - چۈشمىگەنلىكى ھەققىدە ئىككى -
ئۈچ ئېغىز پاراڭ قىلىپ قويىدۇ - دە، بىر
پەستىلا ئۇنى ئۇنتۇيدۇ ۋە باشقا سۈرەت-
لەرگە نەزەرىنى يۆتكەيدۇ. ئەمدى تونۇش
كىشىنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ قالغاندا بول-
سا، ئۇ كىشى ھەققىدە بىلگەنلىرىنى سۆزلەي-
دۇ، ئەسلەيدۇ، ئېچىنىدۇ، كۈلىدۇ.

ھازىرمۇ دەل مۇشۇنداق بولدى. ئار-
دا سۈرەتتىكى قىزنى تونۇيدىغانلارمۇ
چىقىپ قالدى. ھەتتا قىزلاردىن يەنە بىرى،

www.uyghurkitap.com

سۈرەتتىكى قىز ھەققىدە خېلىلا مەلۇماتلىق بولۇپ چىقتى:

— ھۇي، بۇ سىزنىڭ ھەدىڭىزكەن - دە، ھە سابىت، بۇ، سۇمبۇل ئەمەسمۇ؟ ئۇ، و - ئوتتۇرىدا ئوقۇغانىدىغۇ؟ بىر مەزگىل ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز «ئۆرنەك» ئىشخانىسىدا بىللە ئىشلىۋېدۇق. سۇمبۇل ھازىر نەدە، سابىت؟

— مۇشۇ ھويلىدا، ئاشخانىدا بولسا كېرەك، — دېدى سابىت. مېنىڭ يۈرىكىم يەنە جىغىلداپ كەتتى.

يەنە بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن سۈرەتتىكى قىز سۇمبۇل ھەققىدىكى پاراڭلار تامام بولدى. باياتىن بېرى خېلىلا نۇرغۇن ماڭغانلىقىمىزدىن سابىت بۇ ئۆيدە ئۇزاقراق ئولتۇرىدىغانلىقىمىزنى ئېلان قىلدى. نەدىندۇر جاراڭلاپ تۇرىدىغان نەقىشلىك دۇتارمۇ تېپىپ كىردى. سابىت دۇتارنى پەيزى چالاتتى. ئۆي ئىچىنى شوخ، يېقىملىق ناۋالار قاپلىدى...

مەن بولسام خىيالغا غەرق بولغان ھالدا تامدىكى رامكىغا، يەنى سۈرەتتىكى سۇمبۇلغا تىكىلىپ قالغانىدىم. دوستلىرىمنىڭ قىزغىن تاماشىسىغا قېتىلماستىن، شۇ تاپتا سۇمبۇل بىلەن ئۆتكۈزگەن مۇھەببەتلىك، شېرىن كۈنلىرىمنى ئەسلىدىم. گەرچە مەن ھازىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ھەمدە مۇھەببەت ھەققىدە ئويلىشىمغا بولمايدىغان، ئويلاشقا ۋاقتىممۇ يېتىشمەيدىغان بىر يىگىت بولساممۇ، بۇ مۇھەببەت مەڭگۈ يادىمدىن چىقمايدىغان ئوخشايدۇ. مانا بۈگۈنمۇ ئۇ كۈتمىگەن يېرىمدە ئەسلەندى. بۇنىڭ سەۋەبى، قەلبىمدىكى مۇھەببەتنى مۇشۇ سۇمبۇل ئويغاتقانىدى. مەن تۇنجى قېتىم مۇھەببەت بىلەن كىرسىز، قايناق كۆڭلۈم - ئىشتىياقىم بىلەن ئۇنى ياخشى كۆرگەنىدىم. ئېھتىمال، تەقدىر يار بەرگەن بولسا، سۇمبۇل ماڭا مەڭگۈلۈك مەشۇق بوپقالارىدى. ئۇ ھالدا مەن بەلكىم سۇمبۇل بىلەن جەمئىيەتنىڭ بىرەر سېپىدە بىللە ئىشلەپ، تۇرمۇش كەچۈرگەن بولارىدىم. ياكى بولمىسا، ئالىي مەكتەپنى تۈگىتىپ، ئۆزۈمنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇرغان سۇمبۇلۇمنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ قايتىپ كېلەرىدىم... لېكىن، بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىكەن، بىزگە چىن مۇھەببەت نېسىپ بولمىغانىكەن. ھەي...، ھازىرقى ياشلاردىن لەيلى - مەجنۇن چىقمايدىغانغا ئوخشايدۇ.

2

ئىنساننىڭ قىممەتلىك ئەسلىمىلىرى گەرچە تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى توپەيلى ئۇنتۇلۇپ، ھەتتا بەزىدە ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە يۈرەكنى ئىكەكلەشتىن توختاپ قالسىمۇ، بىراق مۇشۇنداق ئادەمنىڭ يادىغا چۈشۈپ قالغان چاغلاردا، ۋۇجۇدىڭنى زىلزىلىگە سېلىپ، سېنى باشقىچىلا بىر ئادەم قىلىپ قويىدىكەن. ئاشۇ يىلى، يەنى مەن ئونىنچى سىنىپنى تۈگىتىپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەي قالغان يىلى دەل ئون يەتتە ياشتىن ئاشقانىدىم. ئاتا - ئانام مېنىڭ بىر يىل ئائىلىدە تەييارلىق قىلىپ، كېلەر يىلى ئىمتىھان بېرىشىمنى ئېيتتى، لېكىن سىرلىق ئالىي مەكتەپ قوينىغا تېزرەك ئۇچۇپ بېرىپ، ئۆزۈم ئۇزۇن يىللاردىن كۈتكەن ئاجايىپ مەنىلىك، گۈزەل ھاياتنى باشلاش، باشتىن كەچۈرۈش ئۈمىدىدىن ھەدېگەندىلا مەھرۇم بولغان مەن تەقدىر-

نىڭ تاشتەك قاتتىق زەربىسىدىن خېلى ۋاقىتلارغىچە ئېسىمگە كېلەلمەي قالدىم. ھەتتا سالامەتلىكىممۇ يامانلىشىپ قالدى. ئائىلەمدىكىلەر بۇ ھالىتىمدىن ساراسىمىگە چۈشۈپ، مېنى تېكەستىكى تۇغقىنىمىزنىڭكىگە چىقىپ، گەرچە ياز ئاخىرلىشىپ قالغان بولسىمۇ ئاز-تولا ۋاقىت «يايلاپ» كېلىشكە سۈيلىدى. ھەتتا ئۆي ئىشلىرىنى سەككىزىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان سىڭلىمغا تاپشۇرۇپ، ئاپام مېنى تېكەسكە ئۆزى ئېلىپ چىقماقچىمۇ بولدى. مەن ئۈنچىقمىغان بولسامۇ، لېكىن ئۆزۈمنىڭ شۇ تاپتا ئاشۇنداقراق بىر يەرنى خالاپ قېلىۋاتقانلىقىمنى سەزمەكتە ئىدىم، لېكىن كۈتۈلمىگەندە، باشقىچە بىر ئىش بولۇپ قالدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شەھەرگە يېقىن بىر يېزىدىكى باغدا ئالما ئۈزۈش ئىشى بار ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ قالدىم. مەھەللىمىزدىكى مەن بىلەن تەڭتۇش ئوغۇل-قىزلاردىن بىرنەچچىسى شۇ ئىشقا يېزىلىشقانىكەن. ئۇلارنىڭ سالا-سۇلاسى بىلەن، مېنىڭمۇ باغدا ئىشلەشكە ھەۋىسىم قوزغالدى.

— بارغىن، تەڭتۇشلىرىڭ بىلەن ئاز كۈن ئويناپ-كۈلۈپ كۆڭلۈڭنى ئېچىپ كەل، يۈرىكىڭنى ئېزىپ تۇرغان بۇرۇختۇمچىلىق شۇنىڭ بىلەن يېشىلىپ كېتەر، ئوغلۇم. ئاپاڭمۇ سېنى يايلاققا ئەپچىقىمەن دەپ جاپا چەكمەيدىغان بولدى. تاپقان پۇلۇڭ بىزگە لازىم ئەمەس، ئۆزۈڭ خەجلە. لېكىن بىر شەرتىم بار، دەرسلىكلىرىڭنى ئېلىۋال. مۇھىم ئىشىڭنى، كېلەر يىللىق ئىمتىھاننى يادىڭدىن چىقىرىپ قويما!

تەلەپچان دادامنىڭ شۇ سۆزلىرى بىلەن، مېنىڭ ئالمىلىق باغقا چىقىپ ئىشلەش ھەۋىسىم ئەمەلىيەتكە ئايلاندى. ئىككى كۈندىن كېيىن بىز يىگىرمىگە يېقىن ئوغۇل-قىزلار ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، قىي-چۇۋ بىلەن يېڭى ئىش ئورنىمىزغا — ئالمىلىق باغقا قاراپ يول ئالدۇق.

ئارىمىزداقىزلاردىن ئالتە-يەتتىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياشقا چوڭراق بىرسى — چىراي، قامىتى تولىمۇ ئىسكەتلىك، مېھرىبان ۋە ئوتلۇق، دۈگىلەك كۆزلىرى ئادەمنى ئۆزىگە تارتىپلا تۇرىدىغان، مەندىن تۆت-بەش ياش چوڭ بىر قىز ھەممىدىن بەكرەك دىققىتىمنى جەلپ قىلدى. سالماقلىق ھالدا كەمدىن-كەم سۆزلەپ ۋە مۇلايىم جىلمىيىپ قويۇپ، تولاراق خىيال بىلەن ئولتۇرغان بۇ قىز ئۆزىگە تىنىماي تىكىلىپ قارىغىنىمنى بايقىغان بولسا كېرەك، مېنى ئەركىلەتكەندەك، توغرىسى ئىنىسىغا ئىلتىپات كۆرسەتكەندەك بىر-ئىككى قېتىم كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ، كۈلۈپ قويدى. راستىنى ئېيتسام، يېنىدىكى قىزلار «سۇمبۇل ھەدە» دەپ ئاتىغان بۇ قىزغا، مەن بارىدىغان جايىمىزغا يەتمەستىن تۇرۇپلا ئامراق بولۇپ قالدىم.

بىز شەھەردىن يىگىرمە كىلومېتىرچە نېرىدىكى تولىمۇ چىرايلىق ۋە ئۆم بىر مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئەللىك-ئاتمىش مولۇق ئالمىلىق باغقا كېلىپ چۈشتۇق. باغدىكى رەت-رەت ئالما دەرەخلىرىنىڭ ھەممىسى كۆزلۈك يېڭى سورتلاردىن بولۇپ، باغ ئىچى تەبىئەتنىڭ ئەڭ يېقىملىق ۋە گۈزەل مەنزىرىسى بىلەن ياسانغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھازىر باغنى ئاۋات قىلغانلارنىڭ ھەممىسى ماڭا ئوخشاش يېتىلىپ، تەلپۈنۈپ كېلىۋاتقان ياشلار بولغاچقا، باغ ھاياتىنىڭ تېخىمۇ مەنىلىك، ئېسىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بوپ كەتكەنلىكىدە گەپ يوق ئىدى. بىز باغ ئىچىگە سېلىنغان ئۈچ - تۆت ئېغىز چوڭ - چوڭ ئۆيلەرگە جايلاشتۇق. ئاشپەزلىرىمىز - مۇ ئۆز ئىچىمىزدىن بولدى. بىزنى باشقۇرىدىغان ئوتتۇز ئالتە - ئوتتۇز يەتتە ياشلار چامىسىدىكى ئۆزىنى سۆلەتلىك تۇتۇشقا تىرىشىدىغان، كۆزلىرىدىن مۇغەمبەرلىك چىقىپ تۇرىدىغان غۇلام ئىسىملىك پاكار - راق بىر كىشى ئىدى. گەرچە كىچىك بول - سامۇ، بىرىنچى كۈنىلا ئۇنىڭ ئوغۇللارغا قارىغاندا قىزلارغا تولاراق كۈلۈپ پاراڭ قىلىدىغان مىجەزىنى بايقاپ قالدىم. ئۇ، بىز ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا سۇمبۇل بىلەن يەنە بىر چوڭراق قىزنى ئاشپەزلىككە تەيىنلىدى. سۇمبۇل بۇ ۋەزىپىگە تەستىرەك ماقۇل بولدى. نېمىشقىدۇر مەن شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە، سۇمبۇل ئەتكەن تاماقنى يېيىشنى چىن كۆڭلۈمدىن تىلەپ قالدىم.

ئەتىسى سەھەردىن باشلاپ بىز غۇلامكامنىڭ تەقسىماتى ۋە بۇيرۇقى بويىچە ئىشقا چۈشۈپ كەتتۇق. مېنىڭ قىلىدىغان ئىشىم قوش قولاقلىق، ئوتتۇراھال چوڭ - لۇقتىكى سېۋەتنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ئالما يىغىش ئىدى. ئېرىق ئىچىلىرى، چۆپ ئارىلىرىنى ئاختۇرۇپ ئېگىلىپ ئالما تېرىپ، سېۋەتنى ئۇ يەردىن - بۇيەرگە يۆتكەش ۋە ئالما تولغان سېۋەتنى قورسىقىمغا تىرىۋېلىپ، خېلى يىراقتىكى كۆرسىتىلگەن جايغا - ئالما دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە ئاپىرىپ تۆكۈش نەتىجىسىدە بىرىنچى كۈنىلا بېلىم تېلىپ، پاقالچاقلىرىم چىگىلىپ، مۈرىلىرىم ئاغرىپ كەتتى. لېكىن ئوغۇل - قىز ئىش - داشلىرىم بىلەن بىللە كۈلكە، پاراڭ ئىچىدە ئىشلىگەچكە، ھارغىنلىق ئۆزىنى كۆرسىتەلمەيتتى. بىر سېۋەت ئالما تېرىپ كەلسەك ئون بەش تىيىن ئىدى، سېۋەت سانىنى غۇلامكام خاتىرىلەپ تۇراتتى. ئومۇمەن بۇ يەردىكى ئالمىنى ئۈزدۈرۈش، قاچىلىتىش، يۆتكىتىش...لەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇ بىر ئۆزى قىلاتتى. ئۇقسام، ئۇ ۋە ئۇنىڭ بۇرادەرلىرى بولۇپ بىرنەچچەيلەن ئالما كانى بولغان مۇشۇ چوڭ يېزىنىڭ يىگىرمە نەچچە ئالما بېغىنىڭ كۆكىنى شېرىكلىشىپ سېتىۋالغانىكەن. بىز بىر باغدىن ئىككىنچى باغقا ئۆتۈپ ئىشلەيتتۇق، ئەمما ياتاق، تاماقىمىز مۇقىم بىرلا جايدا بولاتتى.

كۆڭۈللۈك ئىش كۈنلىرى ئاشۇنداق ئۆتۈشكە باشلىدى. كەچلىكلىرى شەھەردىن ئېلىۋالغان دۇتار، گارمونلارنى چېلىپ، ئۈنئالغۇ قويۇپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل، تانسا ئوينايتتۇق، ئۆگىنەتتۇق. «ئۆگىنەتتۇق» دېگەندە، ئۆزۈمنى كۆزدە تۇتىمەن. باغقا چىققاندىن بېرى سۇمبۇل بىلەن خۇددى ھەدە - ئىنىدەك كەيپىياتتا، تېزلا يېقىنلىشىپ كەتكەنىدۇق. ئۇ ماڭا تانگو بىلەن رومبىنى ئۆگەتتى. سۇمبۇل تانسىنى ئادەم زوقلانغۇدەك چىرايلىق ۋە يەڭگىل ئوينايتتى. ئۇ، باغدا ئىشلەۋاتقان ئوغۇل - قىزلارنىڭ ھەممىسىگىلا ئىنتايىن ياراپ كەتتى ۋە ھۆرمەت تاپتى. بۇنىڭدىن نې - مىشقىدۇر مەن بۆلەكچىلا خۇرسەن بولدۇم.

ياشلىق نەدە بولسا، مۇھەببەتمۇ شۇ يەردە دېگەندەك، بىز ئالمىلىق باغقا چىقىپ ئون كۈنلەرچە، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆپ چۆرەمدە ئايرىم ساندىكى ياشقا چوڭراق ئوغۇل، قىزلارنىڭ باشقىچىرەك مۇناسىۋەتتە بولۇشۇۋاتقانلىقلىرىنى سېزىپ قالدىم. كەچقۇرۇنلۇقلىرى تۇيۇقسىزلا بىرەر ئوغۇل بىلەن بىرەر قىز

يوقاپ كېتىشەتتى. ئۇلارنى ئىزدەش ئۈچۈن يەنە بىرەر جۈپى ماڭساتتى، بىرئازدىن كېيىن يەنە بىر جۈپى باغ ئارىلاپ كېتەتتى... تۇۋا، يوتكەن ئادەمنى جۈپ بولۇپ ئىزدەشمىسە تېپىلمايدىغاندەك! كېچىلىرى بىزنىڭ ياتاقتا ئاللىكىملەردۇر نەۋاقلارغىچە ئۇخلىيالماي ئۇھ تارتىپ، تاماكا چېكىپ ياكى كۇسۇرلىشىپ چىقاتتى. پات - پاتلا قوشنا ياتاقتىكى قىزلار ھەققىدە پاراڭ بولۇپ قالاتتى. ھەربىر قىزنىڭ ئۆز ئالدىغا ياخشى گېپى، تەسۋىرى، غەيۋىتى، ئارمىنى...سۆزلىنەتتى. مەن ھەممىسىدىن كىچىك بولغاچقىمىكىن ئوغۇللارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ بالدۇر قىزلار بىلەن يېقىنلىشىپ كەتكەنىدىم. قىزلار ياتىقىغا ھەر كۈنى دېگۈدەك، ھەتتا تەكلىپ بىلەن كىرىپ تۇراتتىم. قىزلار ياتىقى سەرەنجانلىقى، كۆكۈللۈكلۈكى بىلەن مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. قىزلارنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ، ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمەي قالغانلىرى كۆپرەك بولغاچقا، ئۇ يەردە مەن ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەر، كىتابلار جىق ئىدى. قىزىقارلىقى، بۇ كىتابلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىشقىي مۇھەببەت توغرىسىدىكى رومانلار ئىدى. مەن كىتابقا تولىمۇ ھېرىسمەن ئىدىم. يەنە كېلىپ، بارغانسېرى ئاشۇ قىزلار ياتىقىدا كۆپرەك بار بولغان مۇھەببەت توغرىسىدىكى كىتابلارنى ئوقۇشقا يۈزلىنىپ باراتتىم، لېكىن مۇھەببەت ھەققىدە ئۆزۈم كۆپ نەرسىلەرنى چۈشەنمەيتتىم. مۇھەببەتتەك بۇ نازۇك، سىرلىق دۇنيانىڭ ئىچىگە كىرەلىگۈدەك، ئۇنى بىلىپ يېتەلىگۈدەك ھېسسىياتلار تېخى مەندە تولۇق ئويغانمىغانىدى. سۇمبۇل مەن بىلەن بىرگە كىتاب ئوقۇشقا ئالاھىدە ۋاقىت ئاجرىتاتتى. ئۇنىڭ ئەھۋالى توغرىلىق مەن ئۆز ئاغزىدىن ۋە بىزنىڭ ياتاقتىكى ئوغۇللارنىڭ «غەيۋەت»لىرىدىن مۇنۇلارنى ئۇقتۇم: چىرايى، مىجەز ۋە ئەخلاقىي - پەزىلەتتە ھەممىنىڭ زوقىنى قوزغىغان بۇ قىز ئائىلە قىيىنچىلىقى تۈپەيلى يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەنىكەن، ئائىلىسىدە ئۇنىڭ كېسەلچان ئانىسى ۋە بىر ئىنىسى بولۇپ، سۇمبۇل ئانىسىنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ۋە ئىنىسىنى داۋاملىق، خاتىرجەم ئوقۇتۇش مەقسىتىدە، ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئوقۇشنى توختىتىپ، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى بىر كىيىم تىكىش كارخانىسىدا ئىش ئۆگىنىشكە كىرگەنىكەن، لېكىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا كىيىم تىكىش ئىشخانىلىرى ۋە سەيپۇڭلار كۆپىيىپ كەتكەچكە، ھېلىقى كارخانىنىڭ ئىشلىرى يۈرۈشمەي قاپتۇدە، بىر قىسىم شاگىرتلارنى چېكىندۇرۇپتۇ. ئەنە شۇ قاتاردا ئىشسىز قېلىپ، ئۆيدە ماشىنىچىلىق قىلىپ يۈرگەن سۇمبۇل بۇ قېتىم ئۆزىگە تونۇش بولغان غۇلامىكامىنىڭ تەكلىپى بىلەن بۇ يەرگە چىقىپتۇ. ئەسلى گېپىمگە كېلەي، بارا - بارا مەن سۇمبۇل بىلەن بىللە كىتاب ئوقۇشقا بېرىلىپ كەتتىم. كىتابنى يالغۇز قولغا ئالساملا، يادىمغا سۇمبۇل كېلەتتى. ئانچە قىزىق تۇيۇلمايدىغان كىتابلارمۇ، سۇمبۇل بىلەن بىللە ئوقۇسام يەنى سۇمبۇل ئوقۇپ بەرسە، مەن ئېڭىكىمنى قوش قوللاپ تىرەپ، ئۇنىڭ ئاجايىپ چىرايلىق، نازۇك چىرايىغا تىكىلىپ تۇرۇپ تىڭشىسام، ماڭا ئاجايىپ تەسىرلىك، مەنىلىك بىلىنىپ كېتەتتى. سۇمبۇلنىڭ مەيىن ئاۋازى قۇلىقىمدىن كىرىپ، يۈرىكىمگە ئورنىشىپ قالاتتى. سۇمبۇل ماڭا كىتابلاردىكى ئاشىق -

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


مەشۇقلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى، ئۆزئارا سۆھبەتلىرى، ھېسسىياتلىرى توغرىسىدىكى بەتلەرنى، قۇرلارنى ئوقۇپ بېرىۋاتقىنىدا، بەزىدە تۇيۇقسىز توختايتتى - دە، كۆزلىرىمگە ئاجايىپ بىر خىل تىكىلىپ، جىمىدە بولۇپ قالاتتى. گاھىدا مەندىن مۇھەببەت ھەققىدىكى سوئاللارنى سورايتتى. بارا - بارا مەن بۇ سوئاللارغا لايىق جاۋاب بېرەلەيدىغان بولۇپ قالدىم. مېنىڭ قۇلىقىم «پەشىشقا» باشلىغانىدى.

سۇمبۇل بىلەن بولغان يېقىنچىلىق مۇناسىۋىتىم ھەممىسىگە مەلۇم بولۇپ كەتتى، گاھىدا ياتقىمىزدىكى چوڭراق بالىلار چاقچاق قىلىپ «ئابدۇللا، ھەدەڭ كىتاب ئوقۇيمىز دەپ چاقىرىۋاتىدۇ» دەپ قويۇشاتتى. كەپسىزرەكلىرى بولسا «قالتىس ھەدە تېپىۋالدىڭ جۇمۇ، ئامىتىڭ بار ئۇكا! ھەتتىگىنەي...» دېيىشەتتى. بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندا مەن ئۈنچىقماي كۈلۈپلا قوياتتىم. بىر قېتىم غۇلامكاممۇ مېنى ئالما تېرىۋاتقان يېرىمدىن چاقىرىۋېلىپ «ئابدۇل ئۇكام، سەن يۈگۈرۈپ بېرىپ ھەدەڭگە چۈشلۈك تاماقنى مەشەگىلا ئەكىلىشلىرىنى ئېيتقىن!» دېدى. ئۇنىڭ «ھەدەڭ» دېگەنىنى قايسى مەنىدە ئېيتقىنىنى پەرق قىلالماي قالدىم.

نېمىشقىلىقىنى ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا بۇنداق ئامراقلىق تۇيغۇسى كۈنسايىن ئۆرلەپ بېرىشقا باشلىدى. ئاشۇ سېزىمنىڭ كۈچى بىلەن مەن ئەمدى سۇمبۇل ھەققىدە باشقىلارنىڭ قىلىدىغان پاراڭ، باھالىرىغىمۇ قىزىقىپ، ئىزدەپ قۇلاق سالىدىغان بولدۇم. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ياتاقتىكى بالىلار تۇيۇقسىز بىر گەپنى — غۇلامكامنىڭ بىز مەشەگە چىققاندىن بېرى سۇمبۇلغا پەش تارتىپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى، سۇمبۇلنىڭ ئۇنىڭدىن ئىلاجى بار ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ قېلىشتى. بۇ پاراڭنى ئاڭلاپ، يۈرىكىم قىنىدىن چىقىپ كەتكۈدەك چۆچۈپ، ياتقان ئورنۇمدىن ئىختىيارسىز لىككىدە تۇرۇپ، ئولتۇرۇپ قالدىم. تەلىيىمگە بۇ ھەممىمىز يېتىپ، چىراغ ئۆچۈرۈلگەندىن كېيىنكى سۆھبەت بولغاچقا، مېنىڭ مۇنۇ ھالىتىمنى ھېچكىم بايقىمىدى. ئىككى يېنىمدا ياتقان بالىلار ئاللىقاچان خورەككە چۈشكەنىدى. قاراڭغۇلۇقتا ئىسسىپ تەرلەپ بىئارام بولغان ھالدا «بۇ راستىمدۇر؟...» دەپ ئويلىدىم. نېرىدىكى بالىلارنىڭ سۆھبىتى يەنە داۋام قىلىۋاتاتتى: ئۇلار غۇلام ئىسىملىك بۇ ئادەمنىڭ ھېلىغىچە ئىككى ئايالنى يولغا سېلىۋەتكەنلىكى، مىجەزىنىڭ تولىمۇ سوغۇق، پوخور ئىكەنلىكى، پۇلىنىڭ جىقلىقىغا تايىنىپ خېلى ئىشلارنى قىلىدىغانلىقى ۋە ئومۇمەن ھازىر پۇلى بارلارنىڭ قولىدىن ھەر ئىشلارنىڭ كېلىدىغانلىقى...ۋە باشقىلار ھەققىدە سۆزلىشىشكە باشلىدى. ئەمدى مېنىڭ قۇلىقىمغا ئۇلارنىڭ گېپى كىرمەيتتى. يۈرىكىم بىر قىسىملا بولۇپ قالغانىدى. خىيالىمغا سۇمبۇل، غۇلامكام...كېلەتتى، ئارىلىقتا نېمىشقىدۇر ئۆزۈمنىڭ سىياقىممۇ قىستۇرۇلۇۋالاتتى. بۇ ھەدىسىنى قىيمايۋاتقان سادىق، كۆيۈمچان ئىنىلارنىڭ قەلبى، ھېسسىياتىمىدۇر ياكى... خىياللىرىمنىڭ ئايىغىغا يېتەلمەيتتىم، خىياللىرىمنىڭ ئاخىرىنى چۈشىنەلمەيتتىم، خىياللىرىمنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالمايتتىم...

ئەتىسىدىن تارتىپ غۇلام ئىسىملىك ئادەم كۆزۈمگە باشقىچىلا سۆرۈن كۆرۈنىدىغان، ئۇنىڭ ھەربىر گېپى، ھەرىكىتى لاۋزا بىلىنىدىغان بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ

ئۇنىڭ سۇمبۇلنى يېقىنلىشىشىغا، گەپ قىلـ-
شىغا سەپسالىدىغان، بۇنى خالىمايدىغان
بوپقالدىم. ئەكسىچە، سۇمبۇل مېنىڭ كۆ-
زۈمگە تېخىمۇ ئايانچلىق، تېخىمۇ گۈزەل
كۆرۈنىدىغان، كۆڭلۈمگە تېخىمۇ يېقىن بى-
لىنىدىغان بولدى. سۇمبۇلغا تېخىمۇ يېقىن-
لاشتىم، ئۇنىڭ بىلەن كۆپرەك بىللە كىتاب
ئوقۇيدىغان، ئۇنى ئاز دەپ كەچقۇرۇنلۇقلىرى
ئۇنىڭ قازان بېشىدىن قولى بوشىغاندا، بۇ چى-
رايلىق، خاۋەت ئۇيغۇر مەھەللىسىنىڭ كوچىلى-
رىنى بىللە ئايلىنىپ، پاراڭلىشىدىغان بولدۇم.
سۇمبۇل مېنىڭ مۇنداق تەكلىپلىرىمگە ھەر

قاچان خۇشاللىق، ئىللىق كۈلكە بىلەن
دەررۇ ماقۇل بولاتتى، بارغانسېرى ئۇنىڭ
ئۆزىمۇ ئىش - كۈشلىرىمنى كۆپرەك قىلىپ
بېرىدىغان، ھالىمنى كۆپرەك سورايدىغان...
قىسقىسى، ماڭا تېخىمۇ بەك كۆيۈنىدىغان
بولۇپ كەتتى. ئوقۇپ بېرىدىغان كىتابلىرى-
نىڭ تۈرىمۇ ئاۋۇدى. سورايدىغان سوئاللى-
رىمۇ كۆپەيدى. نېمىشقىدۇر مەن ئۇنىڭ
مۇشۇلارنىڭ ئارىلىقىدىكى ماڭا بولغان
مۇناسىۋىتىدە، بارغانسېرى مېنىڭدىن تارتى-
نىپ، قىسىلىشتەك بىر خىل سېزىم، ئىپادى-
نى، ئىللىقلىقىنى بايقاپ قالدىم.

## 3

بىزنىڭ ئاشخانىمىز ياتاقتىن خېلى
نېرىدا بولۇپ، ئاشخانىغا بارىدىغان يولدا
كىچىككىنە بىر ئۆستەڭ ئېقىپ ئۆتەتتى.
بىر كۈنى كەچقۇرۇن تاماقنى يەپ بولۇپ،
ئۆستەڭ بويىغا كەلدىم-دە، چىنە - چوكامنى
يۇيۇپ، كۆۋرۈك ئۆستىگە قويۇپ قويغاندىن
كېيىن، مۇزدەك سۇدا راھەتلىنىپ يۈز-
كۆزۈمنى يۇيۇشقا باشلىدىم. تۇيۇقسىز
باش ئۇستۈمدە بىراۋنىڭ:
— تاماق يەپ بولدىڭىزمۇ، ئابدۇللا؟ —
دېگەن تونۇش، يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلاندى.
بېشىمنى ئېتتىك كۆتۈرسەم، كۆۋرۈك
بېشىدا قولىدا چىلەك تۇتۇپ، سۇمبۇل
تۇرۇپتۇ. ئۇ مەن بىلەن يەنە بىرنەچچە
ئېغىز پاراڭلاشتى - دە، ئاۋازىنى يەنىمۇ
پەسلىتىپ:
— كەچتە ياتاققا كىرسىڭىز، مەن يال-
غۇز، قىزلار بىر ياققا كېتىشىدۇ، — دېدى - دە،
مەيىن بىر جىلۋە بىلەن كۈلۈپ قويۇپ،
چىلەكتىكى سۇنى ئاۋايلاپ كۆتۈرگىنىچە
كېتىپ قالدى.

يۈز - كۆزۈمنى ھەغدادىغا يەتكۈزۈپ
يۇيۇپ بولغىنىمدىن كېيىن، ئورنۇمدىن
تۇرۇشۇمغا كۆۋرۈك بېشىدىكى ئۆزۈمنىڭ
چىنەمگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. پاھ،
ئۇنىڭ ئىچىدە ئىككى تال قىپقىزىل،



يېنىدىم ئالما تۇراتتى. بۇنى سۇمبۇل سېلىپ قويغانلىقىدا گەپ يوق. مەن ئۇ كەتكەن تەرەپكە قارىدىم. سۇمبۇل بۇ چاغدا ئاشخانا يېنىغا يېتىپ بارغانىدى.

ئالمىغا قاراپ تۇرغانچە، كۆڭلۈمگە تۇيۇقسىز بىر خىيال كەلدى. بۇ خىيال ئىلگىرى كاللامغا زادىلا كېلىپ باقمىغانىدى. ئۆز ئۆيۈمدىن ئىزا تارتقاندەك، بىر سىلكىندىم-دە، ئۆپ-چۆرەمگە قارىدىم، ھېچكىم يوق. قاچىدىكى بىر جۈپ ئالمىنى قولۇمغا ئالدىم.

ئالمىلارنى نۆۋەت بىلەن پۇرىدىم. شۇنداق خۇش بۇي، يېزىلىك ھىدى دىلنى ياشارتاتتى. بولۇپمۇ ئوتقاشتەك قىزارغان يوغانراقى كۆڭلۈمگە بۆلەكچىلا ھوزۇرلۇق خۇش بۇي بەخش ئەتتى.

ئالمىلارغا تىكىلگەنچە، بايىقى خىيالىم كاللامغا يېپىشىپلا ئالدى. تېنىمنى نامەلۇم بىر سېھىرلىك سېزىم قاپلاپ، بېشىمدىن ئايىغىمغىچە بىر خىل ئوتلۇق جىمىرلاش بېسىپ ئۆتتى. بۇ ئىستى بىلەن ئۇ بىرەر مەنىنى بىلدۈرمەكچىمىكىنا؟ ئۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ، ئۇ مەندىن چوڭ تۇرسا؟!...

لېكىن مەن ئۆزۈمچۇ؟ ئۆزۈمنىڭ سۇمبۇلغا نىسبەتەن پەيدا بولغان، بولۇۋاتقان ۋە بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان ئامراقلىق، قىزغىنىش ئارىلاش ئىجەللىق ھېسسىياتىمنىڭ مەنبەسى، سەۋەبى نېمە؟...

بىردىنلا، قايسىدۇر بىر كۈنى ئۇنىڭ بىلەن بالزاكنىڭ رومانىنى ئوقۇۋاتقىنىمىزدا، كىتابتىكى پېرسوناژ ياش قىز ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىپ سۇمبۇلنىڭ «مۇھەببەت — مىللەت، بايلىق، گۈزەللىك ۋە ياش پەرقىگە قارىمايدۇ» دېگىنى يادىمغا چۈشتى.

ئېسىمدە، شۇ سۆزلەرنى قىلىپ بولۇپ ئۇ خۇمار كۆزلىرىنى تېخىمۇ چىرايلىق خۇمارلاشتۇرۇپ، ماڭا خېلىغىچە تىكىلىپ قالغانىدى. راست، شۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭ بۇنىڭدىن ھېچقانداق ئەجەبلەنمىگەنلىكىم، ئۆزگىچە ئىپادە قايتۇرمىغانلىقىممۇ ھازىر يادىمغا چۈشتى.

ئۇنىڭ بايىقى «كەچتە ياتاققا كىرىڭا، مەن يالغۇز» دېگىنى ئەمدى مېنىڭ گۇمانىمنى تەستىقلىغاندەك بولدى. شۇ تاپتا، ئۆزۈمنىڭ سۇمبۇل دېگەن ھېس-تۇيغۇلىرىمنىڭ ھەم دەل ئاشۇ مەنىدىكى ھېس-تۇيغۇلار ئىكەنلىكىنى بايقىغاندەك، چۈشەنگەندەك بولدۇم... ئاشۇنداق چەكسىز شېرىن خىياللار، دۇپۇلدىگەن يۈرەك سوقۇشلار بىلەن مەن ئىككى ئالمىنى يانچۇقىمغا سېلىپ، قوللىرىم بىلەن تۇتقىنىمچە ياتاققا كەتتىم. ياتاقتا ھېچكىم يوق ئىدى. ئالمىلارنى ئالدىمغا قويۇپ سۇمبۇلنىڭ گۈزەل، نازۇك چىرايىنى، نازىنىن قىلىقلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈشكە باشلىدىم. بىردىنلا بىراۋ مېنىڭ ئاۋۋالقى سەبىي، ساددا يۈرىكىمنى يۇلۇۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاجايىپ قايناق، ھېسسىياتلىق بىر يۈرەكنى سېلىپ قويغاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. قاراڭغۇ چۈشۈشنى سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتۈشكە باشلىدىم. بۇ كېچە مېنىڭ ھاياتىمدا چوڭ ئۆزگىرىش، يېڭىلىق پەيدا بولغان كېچە ئىدى.

ئاسماندىكى ياقۇتتەك چاقنىغان كۆرمىنىڭ يۇلتۇزلارغا خوجىدارلىق قىلىپ، ئەمدىگىنە، تولۇپ كېلىۋاتقان ئاي چىقىپ، ئاقۇش نۇرىنى جاھانغا تەكشى سېپىشكە باشلىغاندا، مەن ئىككى قىزىل ئالمىنى يانچۇقىمغا سېلىپ، ھاياجاندىن مەست

بولغان هالدا سۇمبۇلنىڭ ياتىقىغا كىردىم،
يەتتىنچى لامپىنى يېنىدىكى چامادان
ئۈستىگە قويۇپ، ياستۇققا جەينەكدىگەن
هالەتتە ئۇ كىتابقا تىكىلىپ ئولتۇراتتى. شۇ
تاپتا ئۇ كىتاب ئوقۇۋاتاتتىمىكىن؟ ياق،
ئۇ خىيال سۈرۈۋاتقان بولسا كېرەك!

كىرىشىم بىلەنلا سۇمبۇل ئورنىدىن
سەكرەپ تۇرۇپ، مېنى قارشى ئالدى. ئولـ
تۇردۇم. ئۇ يېنىمدا ئولتۇرۇپ، خىجىللىق
ئىلكىدە ماڭا قىيا باقتى. بۇمۇ ئۇنىڭ ماڭا
بولغان مۇئامىلىسىدىكى بىر يېڭىلىق ئىدى.
مېنى بولسا ئىلگىرىلىرى كۆرۈلمىگەن بىر
خىل تارتىنچاقلىق چۇلغىدى. خۇدا، بۇ
نېمە سەۋدادۇر؟

خېلىغىچە قىلىشىدىغان گەپ تاپالـ
مىدۇق، لېكىن هامان گەپ قىلىش لازىم
ئىدى. مەن «ئوغۇل بالىلىقىم قېنى؟
ئۆزۈمنىمۇ، ئۇنىمۇ قىيناپ ئولتۇرغىنىمنى
كۆردۈڭمۇ، شۇنداق بىر سوئال سورايكى،
گېپىم چانمىسۇن، لېكىن ئۇ چۈشىنىۋالـ
سۇن» دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزـ
دۈم ۋە جۈرئەت قىلىپ:

— بايىقى ئالىمنى نېمىشقا چىنەمگە
سېلىپ قويدىڭىز؟ — دەپ سورىدىم.

سۇمبۇل شۇ دەرىجىدە قىزىرىپ
كەتتىكى، يەتتىنچى لامپىنىڭ سۇس
يورۇقىدىمۇ مەن بۇنى دەرھال بايقىۋالـ
دىم. ئۇ بىر پەس يەرگە تىكىلىپ تۇردى-دە:

— چۈشەنمىدىڭىزما؟ — دەپ، تېترەپ
كۈلدى.

— چۈشەنگىنىم ھەقىقەتمۇ؟

سۇمبۇل ئەندىككەندەك بىر «ئۇھ»
تارتتى-دە، تەتۈر قارىۋالدى.

— سۇمبۇل، — دېدىم چىدالماي، شۇ
مىنۇتتا ھەممىنى ئۇنتۇدۇم، ئۇنىڭ قولىنى
ئۆتتۈم — تەلپۈندىم... بىردىنلا ئۇ ماڭا
يېقىن سۈرۈلدى-دە، مەيدەمگە بېشىنى
قويدى. ئۆزۈمنى بىلمەيمەن، تىرىكمەنمۇ،
ئۆلۈكمەنمۇ؟! سۇمبۇلنى شۇنچىۋالا ياخشى
كۆرۈپ قالغىنىمنى شۇ كەمگىچە سەزمەپـ
تىمەن دېسە! بىردىنلا ئىچىمدىن مۇھەبـ
بەت فونتان بولۇپ ئېتىلىپ چىقتى.
ئۇنىڭ نازۇك يەلكىلىرىدىن قۇچاقلىدىم-دە،
ئۆزۈمگە تارتتىم. قىز بالىغا خاس بىر
خىل مەست قىلغۇچى ئىسلىق پۇراق
دېمىقىمغا ئۇرۇلدى. مەن بۇ پۇراقنى
قانماستىن ھىدلاشقا، يۇتۇشقا باشلىدىم.
تۇيۇقسىز... قوللىرىم ئۇنىڭ كۆزلىرىگە
تېگىپ كەتتى: ھۆل بولغان قوللىرىمنى
ئېتتىك تارتىۋالدىم. ئۇ يىغلاۋاتاتتى.

— سۇمبۇل، يىغلىماڭ! نېمە بولدىـ
ڭىز؟ قويۇڭ جېنىم، قويۇڭ! — دېدىم
يۈرىكىم ئاغقان ھالدا.

سۇمبۇل تېخىمۇ ئېسەدەپ، چەتكە
قارىۋالدى.

— ئەسكى ئىش قىلىپ قويدۇم-ھە؟
لېكىن بۇنىڭ نېمىسى ئەسكى ئەمدى؟
ئېيتىڭا سۇمبۇل، ھەقىقەتەن بىر-بىرـ
مىزنى ياخشى كۆرىمىزغۇ، بۇ گۇناھمۇ؟

— مەن سىزدىن چۆچۈمەن، ئابدۇللا، —
دېدى سۇمبۇل تېخىمۇ ئەلەملىك ئېسەـ
دەپ، — بۇ... بولمايدۇ؟

— مۇھەببەت مىللەت، بايلىق،
گۈزەللىك ۋە ياش پەرقىگە قارىمايدۇ! —
دېدىم مەن. سۇمبۇل چۆچۈپ، دەررۇ ماڭا
قايرىلىپ قارىدى. كۆزلىرى بەختىيارلىق،
ئەمما يەنىلا خىجىللىق، ھاياجانلىق بىلەن
چاقناپ كەتتى... ئاخىر ئۇ كۈلۈمسىرىدى،
كېيىن شوخ كۈلدى ۋە ماڭا تېخىمۇ
يېقىن سۈرۈلدى...!

شۇ كۈندىكىدەك گۈزەل كېچىنى، بەلكى مەن ئۆمۈر يولۇمدا ئىككىنچىلەپ كۆرمەسمەن! ئېھ، ئىنسان شۇنداق كېچىلەرنىڭ پەقەت بىر نەچچىسى ئۈچۈنلا دۇنياغا تۆرىلەمدۇ-قانداق؟ راست، بۇ كېچىلەر شۇنىڭ ئۈچۈنلا ئاجايىپ قىممەتلىك، تاتلىق بىلىنىدۇ-دە! ئەگەر ھەممە كۈنلەر ھېيت بولىۋەرسە ئىدى، ھېيت كۈنىنىڭ قەدىر-قىممىتى قالمىغان بولاتتى.

شۇ كېچىدىن كېيىن يەنى سۇمبۇل بىلەن ئىككىمىز يۈرەك سىرلىرىمىزنى ئورتاقلاشقان ۋە مېنىڭ تەكلىپىم بىلەن ھېلىقى ئىككى تال قىزىل ئالمىنىڭ تېخى پىشىپ ۋايىغا يەتمىگەن، بىر تەرىپى كۆكۈشرەك كىچىكىنى ئۇ، ۋايىغا يېتىپ، قىزىرىپ مەي باغلىغان چوڭىنى مەن يېگەن كېچىدىن كېيىن، مېنىڭ سۇمبۇل بىلەن بولغان شېرىن، ئاجايىپ شېرىن مۇھەببىتىم باشلاندى. ھەر كۈنى پەيت تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە ئېغىز بولسىمۇ مۇڭدىشىۋالاتتىم. ياش پەرقىمىز تۈپەيلى ھېلىھەم ئىشەنچسىزلىك ۋە گۇمان، ئەندىشىلەردىن خالىي بولالمايدىغان سۇمبۇلۇمنى يۈرەك سىرلىرىم، ۋەدىلىرىم، پىلانلىرىم، ئەلۋەتتە شۇلار بىلەن بىرىكىپ كەتكەن ئىسسىق قۇچاقلاش-سۆيۈشلىرىم بىلەن ئاۋۇتاتتىم، خاتىرجەم قىلاتتىم. بىز ئەمدى ئايسىز، قاپقارا كېچىلەرنى بەخت، ئامەت بىلىپ، كەڭ ئالمىلىق باغنىڭ ئىچىدە تېنەپ يۈرۈپ سەيلى قىلاتتۇق. سۇمبۇلنىڭ گۈزەل جامالىنى قاپقاراڭغۇ كېچىدىمۇ ئوپئوچۇق كۆرۈپ تۇرغاندەك ھېس قىلاتتىم.

مەن خىيالىمدا: سۇمبۇل بىلەن ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى ئاشىق-مەشۇقلۇقتىن كۆرە، ھەدە-ئىنىلىق مۇناسىۋىتىگە كۆپرەك ئوخشايدۇ، باشقىلار بىزنىڭ مۇھەببەتلىك باغلانغىنىمىزنى زادىلا سەزمەيدۇ، دەپ ئويلايتتىم. بىراق سۇمبۇل بولسا بۇنىڭدىن ئەكسىچە، ھەمىشە بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىزنىڭ باشقىلارغا بىلىنىپ قېلىشىدىن تولىمۇ قورقۇنچاقلىق بىلەن ئېھتىيات قىلىپلا يۈرەتتى. شۇنداق چاغلاردا ئۇ خۇددى ماڭا ئېيتىدىغان، ئېيتالمايۋاتقان بىر گېپى باردەك مەيۈسلىشىپ، شۈكلىشىپلا كېتەتتى. مەن تېخى خىيالىمدا، «مۇھەببەت باغلىغان قىزلاردا ئاشۇنداق بىر قورقۇنچاقلىق ۋە مىسكىنلىك پەيدا بولۇپ قالسا كېرەك...» دەپ ئويلايتتىم.

* *

بىر كۈنى ياتاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يېزىدا يېقىندىن تونۇشقان ئاغىنىلىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن توي ئولتۇرۇشىغا كەتتى. مەن بولسام ئادىتىمىز بويىچە سۇمبۇل بىلەن باغ ئارىلاپ، يامغۇر تامچىلاشقا باشلىغاندىلا ياتاققا يېنىپ كىرىپ ياتقانىدىم. بىر چاغدا چاقماقنىڭ دەھشەتلىك چېقىشىدىن ئويغىنىپ كەتتىم. قارىسام، باللار تېخى قايتىپ كەلمەپتۇ. ياتاقتىن بولسا تامچە ئۆتكىلى تۇرۇپتۇ. تالادا يامغۇرنىڭ شارىلدىشى كۈچەيگەنسېرى، ياتاقتىن تامچە تەكشى ئۆتكىلى تۇردى. بىر پەستىن كېيىن جان پاناھلىغۇدەك يەر قالمىدى. مەن باللارنىڭ يوتقان-كۆرپىلىرىنى يىغىپ، ئۇستىگە جېمىكى يالتىراق يوپۇق-

لارنى يىغىپ ياپتىم. ئۆزۈم بولسام دۈگدەرەپ بىر پەس تامچىغا يەم بولۇپ تۇردۇم. بىردىنلا ئالدىنقى قېتىمدىكى قاتتىق يامغۇردا، بىزنىڭ ياتاق بۇنىڭدىنمۇ بەكرەك رەسۋا بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، قىزلار ياتىقىدىن تامچە ئۈنچىۋالا ئۆتۈپ كەتمىگەنلىكى ئېسىمگە چۈشتى-دە، كۆڭلۈم خاھىشى بويىچە، تالاغا چىقىپ، قىزلار ياتىقىنى چەكتىم. ئۇلارنىڭ دېرىزىسىدىن لامپا يورۇقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئىشىكنى كۆڭلۈمنىڭ ئىستىگىنىدەكلا سۇمبۇل ئاچتى. قىزلارنىڭ ھەممىسىلا ماڭا ئامراق ئىدى ۋە مېنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆكىسىدەك كۆرۈشەتتى. تېخىچىلا يېتىپ بولۇشمىغان قىزلار مېنى قىزغىن قارشى ئېلىشتى. پەقەت بىر-ئىككىسى سۇمبۇلغا قاراپ چاقچاق قىلىشىپ «سۇمبۇل ھەدە، ئۆكىڭىزنى ئۇخلىتىپ قويۇڭ!» دېيىشتى. سۇمبۇل بۇ گەپلەرگە نىسبەتەن ئۈنچىقمىدى، پەقەت ئىللىق كۈلۈمسىرەپ ماڭا يەر تېگىدىن قاردى-دە، ھەقىقەتەن، مېنى ئۆز ئورنىغا ياتقۇزۇپ، «ئۇخلىتىپ قويدى»؛ يامغۇردا مۇزلاپ، ھېرىپ ئېزىلىپ كېتىپتىكەنمەن، قىزلار قايسى ۋاقىتتا ئۇخلاشتىكىن، بىلمىدىم، ئىشقىلىپ مەن يېتىپلا ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن...

ئويغانسام، تاڭ يورۇشۇپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۈستۈمدە سۇمبۇلنىڭ يوتقىنى يېپىقلىق! قىزلارنىڭ ھەممىسى شېرىن ئۇيقۇدا ئىدى. سۇمبۇل بولسا مېنىڭ يېنىمدىلا، مەن ياتقان ياستۇقنىڭ چېتىگە بېشىنى قويۇپ، شۇنداق ئوماق ئۇخلاۋاتاتتى. مەن بىر پەس ئۇنىڭ ئۇيقۇدىكى نەپىس جامالىنى تاماشا قىلدىم. مۇشۇ پەرى چىراي، مېھرىبان قىزنىڭ ماڭا تەن ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، ۋۇجۇدۇمغا ئىپتىخارلىق-شادلىق تۇيغۇسى ئولاشتى. شۇ تۇيغۇ ئىلكىدە ئۇنىڭ يېقىملىق لەۋلىرىگە كالپۇكلىرىمنى قويدۇم-دە، پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ قىزلار ياتىقىدىن چىقىپ كەتتىم.

تالاغا چىقتىمۇ، پۇتۇنلەي ئېچىلىپ كەتكەن زەڭگەر ئاسمانغا تولۇقراقمۇ نەزەر سالالمىدىم. سەۋەبى، ھە دېمەيلا سەل نېرىدا، ئېرىق تۈۋىدىكى كۆتەك ئۈستىدە قاپىقىدىن قار ياغدۇرغىنىچە تاماكا چېكىپ ئولتۇرغان غۇلامكامغا كۆزۈم چۈشۈپ قالغانىدى. غۇلامكام مېنىڭ قىزلار ياتىقىدىن چىقىپ كەلگىنىمگە ئۈچمەنلىك بىلەن بىر قاراۋالدى-دە، سىيرىلىپ توختىمايۋاتقان چاپىنىنى مۈرىسىگە سىلكىتىش ئارقىلىق تۈزەپ، ئورنىدىن تۇردى.

— بەللى، — دېدى ئۇ ماڭا يېقىنلاپ كېلىۋېتىپ، — كىچىك دېسىزە سىلىدىكى ھۈنەر چوڭكەن-دە، ھە؟ كۆردۈڭمۇ خاۋارىشنىڭ بالىسىنى، ئاڭلىغان گەپلىرىم يالغان ئەمەسكەن-دە، ھە! بايا قورۇۋانقىز ياتىقىمدىن چاقىرىپ، مۇنداق-مۇنداق گەپ دېسە، ئىشەنمەپتىمەنا تېخى... ئېيتە، نېمىش بار ساڭا بۇ يەردە؟

مەن دۇدۇقلاپ تۇرۇپ، قىزلار ياتىقىدا قونۇپ قېلىشىمنىڭ سەۋەبىنى ئېيتتىم. غۇلامكام گېپىمنى ئاخىرىغىچە تىڭشىماستىنلا، قوپاللىق بىلەن سورىدى:

— سۇمبۇل بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىڭ بار، ئېيتە؟

تېخى مەن ئاق-كۆك دەپ ئېغىز ئاچمىغانىدىم، ئۇ يەنە چالۋاقاپ كەتتى:

— جېنىڭغا چۈشلۇقراق ئىش قىلماي، خەقنىڭ رىسقىغا چاڭ سالغۇدەك بولدۇڭ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ما؟ بولدى، بۈگۈن بۇ يەردىن قاراڭنى ئۆچەر، چايدىن كېيىن يېنىمغا كېلىپ ھېساب - كىتابىڭنى قىل...

كىچىككىنە تۇرۇپلا، مۇھەببەتنىڭ دەردى، ئازابىنى تارتىشقا باشلىدىم. غۇلامكامنىڭ ئاشۇ قوپال، چۈشىنىكسىز گېپىدىن كېيىن، ئورۇن - كۆرپەمنى يۈدۈپ، ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. ئاپام بىلەن دادامغا «ئىش ئېغىركەن، چىدىمىدىم» دېدىم. ئۇلارمۇ مېنىڭ مۇھەببەت دەردى بىلەن ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىمگە، ناخۇش مىجەزىمگە قاراپ، «ئىشنىڭ ئېغىرلىقى»غا ئىشەندى، «قايتىپ كېلىپ ياخشى قىپسەن» دېيىشتى.

مەن شەھەردىن ئالمىلىق باغقا چىقماستا باشقا بىر ئادەم بولغان بولسام، قايتقاندا يېڭى بىر ئادەم — مۇھەببەتلىك بىر ئىنسان بوپقالغانىدىم. غۇلامكامنىڭ پوپوزا، ئاھانەتلىرى مېنىڭ سۇمبۇلغا بولغان مۇھەببىتىم، ھېسسىياتىمنى بوشاشتۇرۇۋەتكىنى يوق. مەن ئەمدى سۇمبۇلنى تېخىمۇ سېغىنىشقا باشلىدىم. كۈندە كېچىسى چۈشۈمدە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئالمىلىق باغنى ئارىلاپ چىقاتتىم.

مەن ئالمىلىق باغدىن «قوغلاندى» قىلىنىپ، ئىككى ھەپتىلەردىن كېيىن، سۇمبۇل شەھەرگە قايتىپ كەلدى. بۇ، ئۆكتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى. سۇمبۇل قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەستىنلا «ئۆرنەك» كىيىم تىكىش كارخانىسىغا ئورۇنلىشىپ، زاكاز سېخىدا ئىشلەشكە كىرىشتى. مەن بولسام كېلەر يىللىق ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا ئاپام، دادامنىڭ زورى بىلەن تەييارلىق قىلىشقا باشلىدىم. ئۆزۈمگە قالسا سۇمبۇلنى ئويناتسام ھەرگىز يۇرتۇمدىن ئايرىلىۋىم يوق ئىدى. سۇمبۇل بىلەن ئەمدى خالىغان ۋاقتىمدا كۆرۈشۈپ تۇرالايتتىم. ئىككىمىزنىڭ ئالدىن كېلىشىۋالغان، ئۆزگەرمەس كۆرۈشۈش ئورنى، ۋاقتى بار ئىدى. بىز كېچىلەردە گۈزەل غۇلجىنىڭ قانچە - قانچە ئاشىق - مەشۇقلار كېزىپ ئۆتكەن سېھىرلىك، قاراڭغۇ، تار كوچىلىرىنى ھارماي، زېرىكمەي ئايلىناتتۇق. مۇڭدىشاتتۇق. شۇ كۈنلەردە مەن ئىچىمدە «ئەگەر ۋاقتى كېلىپ، تۇرمۇش قۇرۇش توغرا كەلسە، ئۆلسەممۇ سۇمبۇلدىن باشقىسى بىلەن ئۆي بولمايمەن. ياش پەرقى ھېچنەرسە ئەمەس، مۇھەببەت بولسا بولدى» دەپ ئويلايتتىم. مۇھەببەت، گۈزەللىك، كېلەچەك... ھەممىسىنى مەن بىرلا «سۇمبۇل» دېگەن ئىسىمغا باغلاپ چۈشىنەتتىم. سۇمبۇلنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمەسلىك دېگەن خىيال كاللامغا كەلسە، ئۆزۈمنىڭ تېگىمدە دەسسەپ تۇرغان يەرنى يوقتەك ھېس قىلاتتىم. سۇمبۇلنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتىگىمۇ مەن چەكسىز ئىشىنەتتىم. ئۇ مېنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ مېنى باغرىغا تېڭىپ، چىن ئېتىقادى بىلەن ئىسكەپ سۆيۈشىنىڭ ئۆزىلا، بۇنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى، لېكىن ئۇ تولا چاغلاردا، ماڭا بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلمىغان بىر خىل ھالەتتە غەمكىن بولۇپ قالاتتى. ئارىلاپ، يەنە ماڭا ھېلىقى بىر ۋاقىتىدىكىدەك، نېمىدۇر ئېيتماقچى بولاتتى-يۇ، يەنە ئىچىگە تىناتتى. بىر قېتىم ئۇ ماڭا تۇيۇقسىزلا ئۆزىنى «ئۆرنەك»كە غۇلامكامنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغىنىنى ئېيتتى ۋە دەررۇلا كېيىنىنى ئۇزۇپ، ئايىنىڭ

سۈتتەك يورۇقىدا مۆلدۈرلەپ كۆزلىرىمگە قارىدى. مېنىڭ يۈرىكىم ئىختىيارسىز جىغغىدىلا قىلىپ قالدى. قۇلىقىم تۈۋىدە غۇلام پاكارنىڭ «خەقنىڭ رىسقىغا چاڭ سالغۇدەك بولدۇڭما؟» دېگەن سەت ئاۋازى ئەكس سادا قايتۇرغاندەك بولدى. ئىچىمدە دەررۇ ۋە تېز-تېز «خۇدايىم ساقلار! خۇدايىم ساقلار!» دەپ تەكرارلىدىم.

ئايلار ئۆتتى. تۇيۇقسىز سۇمبۇلنى ۋەدىلەشكەن جايىمىزدا ئۇچرىتالمايدىغان بولدۇم. كوچىلاردا ئىزدەپ كۆرەلمىدىم. ئىككى ئاي ئۆتتى. ئايرىلىشنىڭ ئىككى ئېيى ماڭا خۇددى ئىككى ئەسىردەك تۇيۇلدى. ئۆزۈمنى گويا قەپەزگە چۈشكەن بۆدۈنىدەك سەزدىم. بىر يەكشەنبە كۈنى كوچىدا كېتىۋاتاتتىم. مېنىڭ شېرىن ئۈمىدىم تېخى ئۈزۈلمىگەن، ھەر يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندىن كەچكىچە بازار ئايلىنىپ، ئۆتكەنلا قىزلارغا سەپسالاتتىم. لېكىن مەن ئىزدىگەن كىشى — سۆيۈملۈك سۇمبۇل كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ مەھەللىسىگىمۇ ئوغرىلىقچە بىرنەچچە قېتىم بېرىپ كەلدىم، لېكىن ئۇنى تاپالمىدىم.

... شۇنداق قىلىپ، بازاردا كېتىۋاتاتتىم، ئالدىمدا بىر قىزنىڭ ئۆزۈمگە مىختەك قادىلىپ قاراپ كېلىۋاتقىنىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. يېقىنلاشقىنىدا ئۇ ناتونۇش قىز مېنىڭ يانداپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغانلىقىمنى سەزگەندەك:

— توختاڭ ئابدۇللا، سىزدە ئىشىم بار، — دېدى. مەن توختىدىم-دە، ھەيرانلىق نەزىرىمنى قىزغا تىكتىم.

— سىز مېنى تونىمايسىز، مەن سۇمبۇلنىڭ دوستى بولىمەن، — دېدى قىز پەس ئاۋازدا. كېيىن ئۇ ئېچىنىش ئىپادىسىنى بىلدۈرگۈچى كۆزلىرى بىلەن ماڭا قارىدى. «سۇمبۇل» دېگەن ئىسىمنى ئاڭلاپ تىترەپ كەتتىم. ئاقىرىپ كەتكەن بولسام كېرەك!

— سۇمبۇل ... ئۇ ...، — دەلەلدىم بار كۈچۈمنى توپلاپ.

— ئۇ سىزگە خەت بەردى، — قىز يانچۇقىدىن پۈكلەنگەن قەغەزنى ئېلىپ، ماڭا ئۇزاتتى ۋە، — مېنىڭ ئىشىم تۈگىدى، خەير! خالىسىڭىز باشقا ۋاقىتتا كۆرۈشەرمىز. جاۋابىڭىز بولسا ماڭا بېرىڭ، — دېدى. كېيىن سەل توختاپ:

— كېلەر يەكشەنبە كۈنى مېنى مۇشۇ كوچىدىن تاپالايسىز، — دېدى-دە، يۈرۈپ كەتتى.

— قىزنىڭ ئاخىرقى گەپلىرى ۋە كېتىپ قالغىنىغىمۇ پەرۋا قىلماي، تىترىگەن قوللىرىم بىلەن خەتنى ئاچتىم-دە، دەم ئۆتمەي بېشىم قېيىپ كەتتى.

«سالام ئابدۇللا!

مېنى ئىزدىگەنلىرىڭىزنى بىلىمەن. تەقدىر شۇنداققا توختىشايدۇ، مېنىڭ باشقا يەرگە تويۇم بولىدىغان بولدى. مەن سىزنى ياخشى كۆرەتتىم، سىزمۇ مېنى ياخشى كۆرەتتىڭىز، بەلكىم! ... لېكىن ئويلاپ كۆرسەم بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىشتەك سېزىلدى. ئۆزىڭىزنى يوقاتماڭ، مەھكەم بولۇڭ. سىزگە بىزنىڭ بىر چاغلاردىكى مۇھەببىتىمىزدەك مۇناسىپ مۇھەببەت تىلەيمەن. بەختلىك بولغايسىز!

سۇمبۇل».

بىشىم قايغان پېتى، كۈچۈمنىڭ بىـ
رىچە بايىقى قىز كەتكەن تەرەپكە يۈگۈر-
دۈم. بەش مىنۇتـتىن كېيىن ئۇنىڭ قارا
كۆك سارجا پەلتۇسىنىڭ مۇرىسىدىن قامال-
لاپ تۇتقىنىمچە، ھاسىراپ تۇرۇپ سورىدىم:
— ئېيتىڭا، ئۇنى كىم ئالدى؟ ئۇ
كىمگە تەگدى؟ ...
ئارىدىن قانچىلىك ئۆتتىكىن، بىلمەيـ
مەن، بەلكىم تۆت - بەش سائەتچە ئۆتكەن
بولسا كېرەك، مەن ئىسىمنى تاپقىنىمدا،
شەھەر چېتىدىكى ئايرودروم يولى ئور-
مانلىقىدا، سۇمبۇل ئىككىمىز دائىم كېلىدىـ
غان يەردە يۈرەتتىم. يۈرىكىمدىن يىغا

ئارىلاش، پىغان ئارىلاش، غەزەپ ئارىلاش
نىدا ئېتىلىپ چىقماقتا ئىدى: ھەي پەلەك،
مۇھەببەت دېگەن سېنىڭ ئويۇنچۇقىڭمۇ؟
ئۇنى سەن غۇلام پاكارنىڭ، ئىككى نىكاھ-
لىق بولغان شۇ قېرى ھىيلىگەرنىڭ ئەبلەخ
پۇلىغا ساتتىڭمۇ؟ غۇلام سۇمبۇلنىڭ
ئانىسىنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىپ، ئۇ-
نىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ كۈيئوغۇل بولدى،
لېكىن ئانىسىنىڭ كۆڭلى، ئائىلىسىنىڭ تەق-
دىرى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ گۈزەل ياشلىقىنى،
پاك مۇھەببىتىنى قۇربان قىلغان شۇ بىـ
چارە ئاجىزىم، سۇمبۇلۇمنىڭ كۆڭلىنى سەن
مەڭگۈلۈككە، چىندىن ئۇتالىدىڭمۇ؟! ...

4

... قاقاقلىغان كۈلكە ئاۋازلىرى مېـ
نىڭ خىيالىمنى ئۈزۈپ تاشلىدى. چۆچۈگەن
ھالدا بېشىمنى كۆتۈردۈم. كۆزۈم يەنە
رامكىدىكى ئىككى سۈرەتكە چۈش-
تى. ھېيت مېھماندارچىلىقىدا ئىكەنلىكىم
يادىمغا كەلدى.
— ئابدۇللا، ئىچىلىپ ئولتۇرساڭچۇ،
نېمە خىيال باستى سېنى؟ — سابىت كەيـ
نى - كەينىدىن غەمخورلۇق ئاھاڭىدا سۆز-
لەپ، مېنىڭ سىركايەمگە چاي لىقلىدى.
مەن سابىتقا تىكىلدىم، سۇمبۇلنىڭ چىرا-
يىنى ئۇنىڭ يۈزىدىن تېپىشقا تىرىشتىم.
ھەقىقەتەن، سابىتنىڭ دۈگىلەك كۆزلىرى،
ئېقىپ چۈشكەندەك قاڭشارلىق بۇرنى، سەل
سوزۇقراق، كېلىشكەن ئېڭىكى ... ھەدىسـ
ىگە ئوخشايدىكەن. مۇشۇ كۈنگىچە ئۇنىڭ
سۇمبۇلنىڭ ... ھېلىقى ئىنىسى ئىكەنلىكىنى
ئۇقماپتىمەن.
ئاخىرى، بىز قوزغىلىپ ھويلىغا چىقىش-
تۇق. پېشايۋانغا چىقىشىم بىلەن تەڭلا،
مەن گويا سۇمبۇل شۇ يەردە باردەك، پېـ
شايۋاننىڭ ئۇ چېتىگە قارىدىم. تۇۋا، نېـ

رىقى بىر ئىشىك ئالدىدا ئۇ تۇراتتى.
مەن ئۇنى دەررۇ تونۇدۇم. ئۇ كۈلگەن
پېتى بىز تەرەپكە ماڭدى. مېنىڭ پۇتلىرىم
تىترەپ، يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقماقتا ئىدى،
لېكىن ... تۆت - بەش قەدەم مېڭىپلا، ئۇ
شۇنداق دەھشەتلىك بىر ھالەتتە چىپپىدە
توختىدى. تېزلىكتە ئارقىغا بۇرۇلدى - دە،
ئۇقتەك ئېتىلغىنىچە، ھېلىقى ئۆيگە كىـ
رىپ كەتتى.
ھەممەيلەن بۇ ۋەقەدىن ھاڭ - تاڭ
بولۇشتى. سابىتمۇ ھەدىسىنىڭ بۇ قىلىقىـ
دىن ھەيرانىدى. ھەمراھلىرىم بىر مىنۇتچە
توختاپ، ئۈنسىز تۇرۇپ قېلىشتى - دە، كېيىن
يەنە ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىپ، يولغا چۈش-
تى. ھېچكىم بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى بىلمەس
ئىدى. مەن بولسام، ئاجايىپ تۇيغۇلارنىڭ
ئىسكەنجىسىدە قالدىم. بىردىنلا: «ئەگەر بۇلار
ئاشۇ قاچقان ئايال سۇمبۇل بىلەن مېنىڭ
مۇناسىۋىتىمنى ئۇقسا، ھازىر سۇمبۇلنىڭ نېـ
مىشقا مۇنداق قىلغىنىنى بىلىپ قېلىشسا،
نېمە بولارىدىكىن! نېمە دېيىشەرىدىكىن؟
سابىت ئۇقسىچۇ؟ ...» دېگەنلەرنى ئويلىدىم.

ئاتاۋۇللا تۇرسۇنتوختى

# ئىمامنىڭ خوتۇنى

(ھېكايە)

1

ئەمەتجان بۇ شەھەرگە تىرىكچىلىك غېمى بىلەن كېلىپ قالغانىدى. ئۇ، خېلى ئېپى بار يىگىت بولغاچقا، باققالچىلىق قىلىپ، جېنىنى قەدىر ئەھۋال جان ئېتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ، بۇرۇتى قاپقارا خەت تارتقان، بەستىدىن ياشلىق كۈچ - قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرغان قاۋۇل يىگىت ئىدى، خۇدادىنمۇ، ئىنساندىنمۇ ئارتۇقچە ھېچنېمە تەلەپ قىلمايتتى، پەقەتلا بەش ۋاق نامازنى قازا قىلىۋەتمەي ئوقۇيالىسا، ئۈچ ۋاق تاماقنى ئۆز قەرەلىدە يېيەلىسە، شۇنىڭغا شۈكرى قىلىپ يۈرۈۋېرەتتى. ئەپسۇسكى، يېقىندىن بېرى ئۇنىڭغا بۇلا كۇپايە قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. يۈرىكى قانداقتۇر بىر نەرسىگە ئۇتتەك ئىنتىلىپ، تېنى ياپراقتەك تىترەيدىغان بولۇپ قالدى. ئەمەتجان كۆزىنىڭ قەلبىدە شېرىن بىر سېزىمنى پەيدا قىلغان شۇ قىزنى — بىر ئۇتنى ئىزدەيدىغان بولۇپ قالدى.

ئەمەتجان بۈگۈن بامدات نامىزىدىن يېنىپ ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، كېگىزنىڭ قېتىغا ئېلىپ قىر چىقارغان كۆك دىكىنى شىمىنى، قايرىما ياقىلىق جىگەررەڭ مايكىسىنى ۋە قەشقەر پاسونىدىكى ئەترەڭ شەپكىسىنى كىيدى. بۇ كىيىملەر بىرئاز كونىراپ رەڭگى ئۆڭگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭلۈك چىرايىغا، ئۇستىخانلىق بەستىگە تولىمۇ باپ كېلەتتى. ئۇ ھويلىغا چىقىپ ئەتىگەن توپ سېتىۋېلىش ئورنىدىن ئالغان ئىككى سېۋەت ئۈزۈمنى ھارۋىسىغا قاچىلاپ ئۆيدىن چىقتى. ئۇ، ھارۋىنى ئىتتەرگەندەك ئەمەس، خۇددى ھارۋا ئۇنى سۆرەپ كېتىۋاتقاندەك ھالەتتە دۆڭ مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى. بۇ مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى كوچىدا ئادەتتە ئادەم ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر مۇشۇ ئىككى ھەپتىدىن بېرى مۇشۇ يەردە ئۈزۈم

سېتىشنى خالاپ قالغانىدى.

— شەكەرنىڭ شەكىرى، جاننىڭ راھىتى، ئۈزۈم ئېلىڭلار، مانا قىزىل ئۈزۈم، مۇناقى، سايۋا ... تۈگىسە قالمايدۇ دەيمەن! ... — ئۇ قول ھارۋىسىنى ئىتتىرگىنىچە مەسچىت يېنىدىكى قارا دەرۋازىنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئاۋازىنى يەنىمۇ بەكرەك چىقىرىپ ۋارقىرىدى. — جانانىڭ مارجىنىدەك تال - تال ئۈزۈم، چىرايلىق ئۈزۈم، قەنتتەك ئۈزۈم، قەنت چايىناڭلار، تىلىڭلاردا قالمىسا ھېساب ئەمەس! ...

ئۇ ھارۋىسىنى توختىتىپ قويۇپ، خېرىدارلارغا كۆرسىتىپ ماختاش ئۈچۈن بىر ساپاق ئۈزۈمنى ئېلىپ، قولىنى شۇنداق كۆتۈردى - يۇ، لېكىن قولى بوشلۇقتا توختاپ قالدى، چۈنكى ئۇنىڭ كۆزى مەسچىتكە تام قوشنا بولغان ھېلىقى قارا دەرۋازىدىن چىقىپ كەلگەن بىر قىزنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئەمەتجاننىڭ يۈرىكى خۇددى قولغا چۈشۈپ قالغان قۇشتەك تىپچەكلەپ كەتتى.

قىزنىڭ بالىلارچە تەبەسسۇملىرىغا، ۋىجىككىنە بوي تۇرقىغا، زىلۋا قامىتىگە قاراپ، ئۇنىڭ ئەمدىلا تېخى 16 - 17 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈشكە بولاتتى. ئەمما ئۇستىگە كىيىۋالغان كەڭ ۋە ئۇزۇن كۆڭلىكى، بېشىنى چۆگكەپ ئارتىۋالغان ھەرەمنىڭ چۈچۈلىق توپا رەڭ ياغلىقى ئۇنىڭ يېشىغا زادىلا ماسلاشمىغانىدى. ئەمەتجان مىڭ تەستە قولغا كەلتۈرگەن بۇ پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن قىزغا تىكىلىپ قاراپ كەتتى. راست، شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى كۆزگە ئايلانغانىدى.

ئەمەتجان بۇ قىزنىڭ مۇشۇ مەسچىتنىڭ ئىمامى، بىلەن كوچىدا بىللە كېتىۋاتقانلىقىنى بىر قانچە قېتىم كۆرگەن، ھەتتا قىزنىڭ بېشىدىكى ياغلىقنىمۇ ئىمامنىڭ ئەركىن بازاردىن ئېلىپ بەرگەنلىكىگە دىققەت قىلغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەيلىنى تارتقان بۇ پەرىزاتنىڭ ئاشۇ ئىمامنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى شۇ چاغدا بىلىۋالغان، شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئاق ساقال ئىمامنىڭ ئۇنىڭ كۆزىگە بارغانسېرى ئىسسىق كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغانىدى ...

ئەمەتجان سېھىرلەپ قويغاندەك ھاڭۋېقىپ قاراپ قالغانىدى. قىز دەرۋازىنى يېپىپ قويۇپ ئەمەتجاننىڭ ئالدىغا كەلدى.

— كىلوسىنى نەچچە پۇلدىن ساتتىڭلا؟

— ئۈزۈم ئالامىلا؟ ياق ... ياق ... — ئەمەتجاننىڭ تىلى كالۋالىشىپ سۆزى قۇلاشمىدى، — ئۈزۈم يەملا؟

تۇنجى قېتىم يۈزتۇرانە ئۇچرىشىشتە! جاۋاب غەلىتە بولسىمۇ قىز يېقىملىق باش لىڭشىتتى.

ئەمەتجان بۈگۈن ئۈزۈمنىڭ سەرخىللىرىنى تاللاپ ئېلىپ قويمىغىنىغا بەكمۇ پۇشايمان قىلدى. شۇنداقتىمۇ ھازىر ھارۋىسىدا بار بولغان ئۈزۈملەر ئارىسىدىن ئەڭ چىرايلىق بىر ساپاق ئۈزۈمنى ئېلىپ قىزغا سۇندى.

— ئاران بىر كەلگەنلىرىدە ... — دېدى ئەمەتجان ئۈزۈمنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ، — دېگەندەك چىرايلىقى قالماپتۇ، كېيىن چوقۇم ياخشىسىنى تاللاپ قويىمەن.

— ھېچقىسى يوق، تاتلىق بولسىلا بولدى.

— تاتلىق، تاتلىق، خۇددى... — ئەمەتجان قىزنىڭ يەرگە تىكىلىپ تۇرغان بۇلاقتەك شەھلا كۆزلىرىگە، تۈكۈلۈپ تۇرغان كىرى

پىكىلىرىگە، قىياقىتىدەك ئەگمە قاشلىرىغا، ئاپ-
ئاق سۆزۈك چىرايىغا، كەڭ كىيىملەر ئى-
چىدە بولسىمۇ زىلۋالىقى بىلىنىپ تۇرغان
ئەۋرىشىم بەللىرىگە قاراپ قىلىدىغان كېيى-
نىڭ ئاخىرىنى تاپالماي قالدى. قىز ئۇ-
شۇقىغىچە يۆگەپ تۇرغان كۆڭلىكىنىڭ پې-
شىنى قايرىپ، يۇمران ۋە تولغان يوتىسى-
نى بوغۇپ تۇرغان پايپىقىغا قىستۇرۇۋال-
غان پۇلىدىن بىر سومىنى چىقىرىپ ئەمەت-
جانغا تەڭلىدى.

— ياق، ياق ... سىلىدىن پۇل ئالمايمەن.

— مەندىن نېمىشقا پۇل ئالمايلا؟

— سىلى ماڭا ئۆز، مەن سىلىنى تو-
نۇيمەن.

— سىلەمۇ مېنى تونۇملا؟

— ھەئە، سىلەمۇ مېنى ...

قىز جاۋابىنىڭ ئورنىغا يەرگە تىكىلدى.

گەپ تۈگىدى. ئەمەتجان يەنە بىر
يېڭى گەپ تېپىپ قىز بىلەن كۆپرەك
مۇڭدىشىۋېلىش ئۈچۈن ئىۋىنى ئۆمەللىدى- ۇ،
نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.
كېچە- كېچىلەپ ئۇخلىماي يېپىقا ئۆتكۈز-
گەن مارجانىدەك تىزىۋالغان گەپلىرى مانا
ئەمدى دەيدىغان ئادەمنى تاپقاندا خۇددى
قازاندىن چىققان بۇستەك بىردەمدىلا غا-
يىب بولغانىدى. «يىگىت تۇرۇپ تىرناق
كوچىلاپ تۇرسام، ئۇ ماڭا گەپ ئاچامتى؟
بۇنداق پۇرسەت يەنە كېلىۋەرمەيدۇ- دە».

— سىلى بەكمۇ چىرايلىق
ئىكەنسىلا، مېنى ئەسكى ئويلاپ قالمىسىلا،
مەن ...

قىز يەنىلا يەرگە تىكىلىپ تۇراتتى.

— مەن ... مەن ... مېنىڭ ئىسمىم

ئەمەتجان، ئۆزۈم ساتىمەن، بىز ... بىز
تونۇشۇپ قالساق، خالاملا؟ — ئەمەتجان
شۇنداق دېدى- يۇ، بۇ گەپنى بەك ئالدىراپ
دەۋەتكەنلىكىگە پۇشايمان قىلىپ قوشۇپ
قويدى، — بۇ گېپىمنى كوڭۇللىرىگە ئالمى-
سىلا ...

قىز توپلىيىنىڭ ئۇچىغا تىكىلىپ يەر-
نى ئايىغىنىڭ پاشنىسى بىلەن چىمچاشقا
باشلىدى. ئەمەتجان ئالدىراپ قالدى. چۈن-
كى بۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇپ قالسا ئۆتكۈن-
چىلەرنىڭ نەزەرىگە چۈشۈپ قېلىش ئېھتى-
مالى بار ئىدى.

— رەنجىمىسىلە، مېنىڭ ھېلىقى تەلى-
پىمگە ...

قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەمەتجانغا
لاپپىدە تىكىلدى:

— گەپلىرى راستىمۇ؟ ... — قىز ۋى-
لىققىدە كۈلدى- يۇ، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر
ئۇنىڭ چىرايىغا غىل- پال قايغۇ ئالامىتى
يامرىغاندەك بولدى. ئۇ يەنە يەرگە تىكى-
لىپ ۋىللىدە قىزاردى- دە، ئالدىراپ دېدى:

— ئەمەتجان ئاكا، مەن قايتاي ...

قىز كېتىپ قالدى. ئۇ، ئەمەتجانغا
يەشكىلى بولمايدىغان ھەرخىل تۈگۈنلەرنى
تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قالغانىدى. «ئۇ تە-
لىپىمنى يەردە قويارمۇ؟ ياق، ياق، ئۇ ئې-
غىزىدا بىر نېمە دېمىگەن بىلەن ئىچىدە
قوشۇلدى! ئۇ مېنى ياخشى كۆرۈدىكەن ...
لېكىن ئۇنىڭ ‹ئەمەتجان› دەپ ئىسمىمنى
ئاتاپ بولۇپ، ئاخىرىغا يەنە ‹ئاكا› نى
قوشۇۋالغىنى نېمىسىدۇ؟ گەپلىرى راستىمۇ،
دېگىنىچۇ تېخى؟ ...»

2

قىز كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي مەزىنى-
نىڭ جامائەتنى جۈمە نامىزىغا چىللاپ تو-
ۋ-
لىغان ئەزىنى ئاڭلاندى. ئەمەتجان ھارۋى-
سىنى خالىي يەرگە جايلاشتۇردى- دە، تە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رەت ئېلىپ، مەسچىتتىكى جامائەتنىڭ سې-
پىگە قوشۇلدى. ئۇ شەيخنىڭ سايىۋىنى-
نى ئارقىسىغا چۆرۈپ قويغاندىن كېيىن،
مېھراپتىكى ئىمامغا پۈتكۈل ئېتىقادى ۋە
دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرگىنىچە يۈكۈنۈپ
ئولتۇردى. ئىمامنىڭ ھەممە نېمىسى —
قازاندەك چوڭ سەللىسىمۇ، مەيدىسىگە چۈ-
شۈپ تۇرغان ساقىلىمۇ، كىيىۋالغان ئۇزۇن
تونىمۇ ئاق ئىدى. ئىمام ئۆزىنىڭ
بۇ سالاپەتلىك ئۇلۇغۋار قىياپىتى بىلەن
ئەمەتجانغا خۇددى ئاق ساقاللىق خىزىر-
دەك كۆرۈنەتتى. ئىمام ئۆسكىلەڭ قاشلىرى
ئارىسىدىكى كىچىك كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە
قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن مىسال ئېلىپ،
بىردەم ۋەز ئېيتتى. ئىمام خېلى كۆپ ئۇ-
لۇغ ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەرنى سۆزلىگەن
بولسىمۇ، ئەمەتجان ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئازلا
بىر قىسمىنى ئېسىدە تۇتۇۋالالىدى:

— ئاللا مۇسۇلمانلارغا ئۇ دۇنيانى
ياراتقان. بۇ دۇنيادا رىيازەت چەككۈ-
چىلەر ئۇ دۇنياغا بارغاندا جەننەتكە كى-
رىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جىمىكى مۇسۇلمان
ئەھلى بۇ دۇنيانىڭ راھەت-پاراغەتلىرىگە
بېرىلمەسلىكى لازىمدۇر، — ئىمام قولىدى-
كى قۇرئاننى ئېگىزگە ئېلىپ قويۇپ، سۆ-
زىنى يەنە داۋام قىلدى، — ھازىرقى ياش-
لىرىمىز بۇزۇلدى. شەرىئەتنى تەرك ئەتتى،
ئىسلام ئەخلاقىنى ئۇنۇتتى، ھەتتا ھۆكۈ-
مەت قانۇنىنى، پادىشاھلارنىڭ ئەرىنى
كۆز قىرىغا ئالمايدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇ-
لار ھالال بىلەن ھارامنى ئايرىمايدىغان،
قىزلىرىمىز يىگىتلەرگە، يىگىتلىرىمىز قىز-
لىرىمىزغا ئۇيالماستىن قارىشىدىغان، ھايانى
ئۇنتۇپ، قولتۇقلىشىپ يۈرۈدىغان بولۇۋال-
دى. نىكاھ ئىشلىرىدا ئاتا-ئانىسىنىڭ ھو-
قۇقىغا ھۆرمەت قىلماي، ئۆزلىرى تونۇ-
شۇپ، ئۆزلىرى توي قىلىشىدىغان قىلىقنى چى-
قاردى. ئى، مۇسۇلمانلار، بىز بۇ ياشلارغا
نەسىھەت قىلايلى، ئۇلارنىڭ ئىنساپىنى
ئاللادىن تىلەيلى، ئامىن!...

ئىمام قول كۆتۈرۈش بىلەن ئىتائەت-
مەن جامائەتمۇ تەڭ قول كۆتۈردى. ئە-
مەتجان ئۆزىدەك ياشلارنىڭ ئىنساپى ئۈ-
چۈن قىلىنىۋاتقان بۇ دۇئالار بىلەن خۇد-
دى دىلى نۇرلىنىۋاتقاندەك، قەلبى پاكلى-
نىۋاتقاندەك بولدى. بىرنەچچە ھەپتىدىن
بېرى ئۇنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ
قالغان بۇ ئىمام بۈگۈن ئۇنىڭ قەلب ئېكرانىدا
تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى.
«بۇ ئىمامنىڭ دىلى بېشىدىكى سەللىسىدەك ئاق-
كىرسىز، خۇددى ئۆز قىزىنىڭ ھۆسنىدەك
گۈزەل ئىكەن، بۇ نېمىدېگەن ئۇلۇغ ئا-
دەم-ھە!»

ئەمەتجان جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ بو-
لۇپ مەسچىتتىن قايتىپ چىقتى. بۇ جۈمە
نامىزى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ھەرقانداق نا-
مازلىرى ئىچىدە ئۇنتۇلماس، مەنىلىك ناماز
بولدى، چۈنكى ئۇ بۇ تەقۋادار ئىمامنىڭ
قەلبىنى چۈشىنىشتىن تاشقىرى، ئۇنىڭ مۇ-
بارەك ئىسمى شەرىپىنىمۇ باشقىلاردىن سو-
راپ بىلىۋالدى. ئۇنىڭ ئىسمى مۆمىن قا-
رى ئىدى.

3

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى.
كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئار-
زۇ ئوتلىرى گۈلخاندەك كۈچىيىشكە باشلى-
دى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئەنە شۇنداق ئوت
يانسىمۇ ھېچقانداق بىر كىشىگە ئېغىزىدىن
تىۋىش چىقارمىدى!

قىزدىكى خۇمارلىق كۆزلەر، غۇنچىدەك لەۋلەر، پاكلىق بىلەن گۈزەللىك بىرلىشىپ كەتكەن ئايدەك چىرايلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن زادى نېرى كەتمەيتتى. ئۇ ياداپ، جۇدەپ كەتتى، يۈزلىرىنىڭ ياڭاق سۆڭەكلىرى كۆرۈنۈپ قېلىشقا باشلىدى، لېكىن ئۇ ھەرھالدا ئۆزىنى ئانچە بەكمۇ تاشلىۋەتمىدى. ئۆزىنى سالماق، خۇشال كۆرسىتىشكە تىرىشتى، لېكىن ھامان ئازابتىن خالاس بولالمىدى. يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ تارتىۋاتقان ئازابلىرىغا ئۈستىلەپ يەنە ئازاب قوشۇلدى. چۈنكى ئۇ، شۇ قىز ئۈچۈن ئىنتىلىشلىرىم ئىمانسىزلىقتىن بىشارەت بولۇپ قالارمۇ، دەپ ئەندىشە قىلىشقا باشلىغانىدى. ئەندىشە ۋە قىز توغرىسىدىكى خىياللار بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ، قىزنى خىيالىدىن چىقىرىۋېتىش تۈگۈل تېخىمۇ بەك ئويلايدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇنى ئويلىغانسېرى ئەندىشىسى كۈچىيەتتى. كۈندۈزلىرى ئاز كەلگەندەك كېچىلىرىمۇ بىر چاغلارغىچە قىزنى ئويلاپ كىرپىك قاقمايتتى، پىلان تۈزەتتى. ئۇ ھەر كۈنى ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ مەسچىت ئەتراپىدىكى كوچىلارنى ئايلىناتتى، كۆزلىرى شۇ مەسچىت يېنىدىكى بىر تۈپ ئەرمىدۇن دەرىخىگە، ئىككى قاناتلىق قارا دەرۋازىغا تىنىمسىز تىكىلەتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە بۇ كوچىلار، ئۆيلەر، دەرەخلەر، ئىشىكلەرنىڭ ھەممىسى ئىسسىق كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا بۇ نەرسىلەرگە تويماستىن قارايتتى، كۆزلىرى تالغىچە قارايتتى...

دەرۋەقە، ئۇنىڭ ئەجرى بىكار كەتمىدى، ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن قارا كۆزلىرى ئىزدىگەن خۇمار كۆزلەر بىلەن ئۇچرىشالىغان ۋاقىتلارمۇ بولدى، لېكىن بۇ ئۇچرىشىشلار ئۇزۇنغا سوزۇلمايتتى. قىز ئەمەتجاننىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغاچقىمۇ ئۇچراشقان چاغلاردا ئۇنىڭغا ئالدىراق تەبەسسۇم بىلەن لاپ قىلىپ قاراپ قويايتتى - يۇ، يەنە نېمە ئۈچۈندۇر يەرگە قاراۋالاتتى، ئىلگىرىكىدەك ئۇنىڭ ئالدىغا كەلمەيتتى. ئەمەتجان ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ ئۇنىڭ ئالدىغا يېقىنلاشسا، ئۇ نېمىدىندۇر چۆچۈگەندەك ھولۇققان ھالدا ھويلىسىغا كىرىپ كېتەتتى. توۋا، بۇ خۇددى تېپىشماققا ئوخشاش ئىش بولدىغۇ! ئۇنىڭ تەبەسسۇم قىلىپ قويۇپ يەنە قېچىپ كەتكىنى قانداق ئىش؟

ئەمەتجان ئاخىرى بۇ سوئالغا جاۋاب تاپتى: «راست، ئۇ دېگەن ئىمامنىڭ قىزى، شەرمى ھايالىق، ئاتىسىنىڭ ھالال، ھارام، نامەھرەم، كۇپۇرلۇق، ئىنساپ دېگەن سۆزلىرىنى ماڭا قارىغاندا بەكرەك چۈشىنىسە كېرەك، ھەي، مېنىڭ دىلىم قارا ئوخشايدۇ، مەن خاتا قىپتىمەن، قىزنىڭ ماڭا بولغان كۆڭلىنى چۈشىنىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا سايىدەك ئەگىشىۋالغىنىم نېمىسى؟ بۇ نامەھرەملىك ئەمەسمۇ ئەڭ ياخشىسى، ئاتىسىنىڭ ئالدىغا ئەلچى كىرگۈزەي ....» ئەمەتجان شۇلارنى ئويلىدى.

ھەي، ئۇنىڭ بۇ يۇرتتا ئاتا - ئانىسى بولغان بولسا نېمىدېگەن بەلەن بولاتتى - ھە! بۇ يەردە ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان بولغۇدەك ئادىمى بولمىسا، ئەدى بۇ ئىشقا كىم ھە - پە دېيىشىپ بېرەر؟...

4

ئايدىن ئايرىيالمايمەن،
ئاي يۈزۈڭنى كۆرگەندە.
ئەيمىنىپ قارالمايمەن،
قوشۇماڭ تۈرۈلگەندە...

— ۋاي - ۋوي، ئەمەتجان، بۈگۈن ئەجەب تىلىڭ چىقىپ قاپتۇغۇ! ئايدىن ئايرىيالمايدىغان، قايسى ئاي يۈزلۈككىنا ئۇ؟

ئەمەتجان بۈگۈن كەچ سۆپىدا ئوڭدا يېتىپ، ئاھاڭىنى دېگەندەك كەلتۈرەلمىسىمۇ بولۇشىغا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىۋاتقاندا، قوشنىسى مەريەمخان كىرىپ ئۇنى خىجىل قىلىۋەتتى.

ياش قورامى قىرىقتىلاردىن ئاشقان، سېمىزلىكىدىن ئېغىناقلاپ ماڭىدىغان، خۇش چاقچاق بۇ ئايال مۇشۇ قورۇنىڭ ئىگىسى ئىدى. ئۇ، بالا - چاقىسىز تۇل ئايال بولغانلىقى ئۈچۈن، بىكار بولۇپ قالغان ۋاقىتلىرىدا ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن قوشنىلىرىنىڭكىگە كىرىپ بىردەم - يېرىم دەم مۇڭدىشىپ ئولتۇراتتى. لېكىن ئۇ، ئەمەتجاننى تەپسە تەۋرىمەس، جىمغۇر يىگىت دەپ ئويلىغاچقا، ئۇنىڭ ئۆيىگە ئانچە كىرىپ كەتمەيتتى. ئۇ ئادەتتە ناماز - ئىبادەتتىن باشقا، ئەزەلدىن ھېچقانداق سادا ئاڭلانمايدىغان بۇ ئۆيدىن بۈگۈن بىردىنلا ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلاپ قېلىپ، بىر يېڭىلىقنى ھېس قىلغان ھالدا كىرىپ كەلگەنىدى.

ئەمەتجان خىجىللىقىدىن ئۆپكىدەك قىزارغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىكى توپا بېسىپ كەتكەن ئورۇندۇقنى تارتىپ ئەكىلىپ، لاتا بىلەن سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن، مەريەمخاننى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن گېزىت قويۇلغان ئورۇندۇقتا ئىككى ساپاق ئۈزۈمنى قويۇپ، مەريەمخاننىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. ئۆزى بولسا سۆپىنىڭ قىرىدا ئولتۇردى.

— ئۇكام ئەمەتجان، ئاسماندىكى ئاينى، قول يەتمەس يارنى خىيال قىلماي ئۆينى تۈزىگىن، — دېدى مەريەمخان ئۈزۈمدىن بىر تال ئۈزۈپ يېگەندىن كېيىن، سۆپىدىكى چاڭ - توزان بېسىپ كەتكەن يوتقان - كۆرپىلەرگە قاراپ قويۇپ، — بولمىسا بۇنداق ئۆيگە ئاي، يار دېگەنلىرىڭ تۈگۈل مۈشۈكمۇ كىرمەيدۇ.

«خۇدا دېگەن بەندىسىگە، ئەكىلىپ بېرەر مەھەللىسىگە» دېگەندەك ئەمەتجان ئەلچىلىككە ئادەم تاپالماي تەمتىرەپ، غېرىبسىنىپ يۈرگەندە، مەريەمخاننىڭ ئۆزلۈكىدىنلا كىرىپ قېلىشى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياغدەك ياقتى. ئۇ، مەريەمخاننى بۇرۇنراق خىيالىغا كەلتۈرمەي، دىلىنى ئازابلاپ يۈرگەن ئەقلىگە لەنەت ئوقۇدى ۋە ئاخىر گەپنى ئۇياقتىن - بۇياققا چۆرگىلىتىپ يۈرۈپ، ئۆزىنى يېقىندىن بويان قىيناۋاتقان ئوي - خىياللىرىنى دۇدۇقلاپ يۈرۈپ ئېيتىپ بەردى.

— ئەمەتجان، مېنىڭ قارا كۆز ئۇكام، تۈندە كۈن كۆرگەندەك جۆيلۈۋاتمىغاندۇرسەن، ھە؟

— ياق، ئاچا، مەن راستىنلا...

— ھە، مۇنداق دېگىنە، — مەريەمخاننىڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى، — مەن سېنى تېخى پۇشۇلداپلا يۈرىدىغان مەسچىت بەندىسىمىكىن دەپ ئويلاپتىمەن. سەندىمۇ كۆيۈك ئوتى دېگەن نەرسە بار ئىكەن - ھە، مانا ياشلىقىڭ تۇتۇپتۇ، غوجام.

— جېنىم ئاچا، ئادەمنى خىجىل قىلمىسىلا...

— ماقۇل، غوجام، ئەمىسە كۆيىدۇم - پىشتىم دېگەن ئۇ مەھبۇبەڭنىڭ ئىسمىنى بىر دەپ باقمامسەن؟

— مەن... مەن بۇ... ئىسمىنى

بىلمەيمەن.

— بەللى، بەللى، كۆيۈپسەنۇ، پىشمىسە-
نۇ تېخى ئىسمىنىمۇ بىلمەيسەن، مەن دېمە-
دىممۇ، ھەقىقىي ئاشىقلىق دېگەن مۇشۇ - دە!

— جېنىم ئاچا...

— «مال ئالسا كۆرۈپ ئالغۇلۇق، قىز
ئالسا بىلىپ» دېگەن گەپ بار، ئىسمىنىمۇ
بىلمىگىنىڭدىن قارىغاندا، سەن ئۇ قىزنىڭ
قانداقلىقىنى ئۇقمايدىغان ئوخشايسەن،
شۇنداقمۇ قارا كۆز ئوكام؟

— بىلىمەن ئاچا، بىلىمەن، ئۇ چىـ
رايلىق، ئەخلاقلىق، دىنىغا كامىل، ئوبدان
قىز، ياخشى قىز...

— بولدى، بولدى، شۇنداقمۇ دەيلى،
لېكىن ئۇ قىز سېنى بىلەمدۇ؟

— بىلىدۇ ئاچا، ئۇ مېنى بىلىدۇ،
ئىسمىنىمۇ بىلىدۇ، تېخى.

— سەن بىلمەيسەن، ئۇ بىلىدۇ،
شۇنداقمۇ؟ ھە، بۇمۇ قىزنىڭ گەپ،
يەنىچۇ؟

— يەنە ... يەنە، مەنمۇ ئۇلارنى
بىلمەن.

— قانچىلىك بىلسەن؟

— ئۇ قىزنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى

5

مەن ئايلىق بولاي دەيمەن،
قەنت يارىلىق بولاي دەيمەن.
خۇدايىم نېسىپ قىلسا،
قاشىڭغا باراي دەيمەن...

ئەمەتجان ناخشا ئېيتىۋاتقان ئاخشامـ
نىڭ ئۆزىدە، سارىڭگۇلمۇ كارىۋات ئۈستىگە
تاشلانغان ماموق ياستۇقلار ئارىسىغا چۆكـ
كىنىچە ناخشا ئېيتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ كـۆ-
زىدىن چىققان ئىككى تامچە ياش مەڭـ
زىنى بويلاپ سىيرىلدى، ياستۇقنى ھۆللـ

مۆمىن قارىي، دۆڭ مەھەللە مەسچىتىنىڭ
ئىمامى، ئۇلارنىڭ ئۆيى شۇ مەسچىتنىڭ
يېنىدىكى قارا دەرۋازىلىق قورو.

— ھەي، قارا كۆز ئوكام، گېپىڭنىمۇ
چۈشەندىم، كۆڭلۈڭنىمۇ چۈشەندىم،
لېكىن ئاتاممۇ - ئانامۇ كۆرۈپ باقمىغان بۇ
قارىي ئىمامىڭىزگە قانداقمۇ ئەلچى بولۇپ
كىرەرمىز؟

— جېنىم ئاچا، خۇش بولۇپ كېتەي،
سىلىگە ساۋاب بولسۇن، خۇدايىم ئۆمۈرلىـ
رىنى ئۇزۇن قىلسۇن...

— بولدى، بولدى، مانا قىز بالىدەك
ئەركىلىگىلى تۇردىغۇ بۇ. مەن باراي، ئەلـ
چى بولاي، ئۆزلىرىگە خوتۇن ئېلىپ
بېرەي ئاپئاق غوجام، بولامدۇ، قانداق
دېدىم، قارا كۆز ئوكام؟

ئەمەتجان پىشانىسىدە كۈلۈۋەتتى،
خۇشاللىقىدا شەپكىسىنى ئاسمانغا ئاتقۇدەك
بولدى. مەريەمخاننىڭ ئېغىزى بىر ئاز
ئىتتىكرەك بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلى تولىمۇ
تۈز ۋە ساپدىل ئايال ئىكەنلىكىنى ئەمەتـ
جان بۈگۈن چۈشەندى. مەريەمخان كەچ
بولۇپ كەتكەنلىكىگىمۇ قارىماي قوشنا
ئۆيدىكى ئايال بىلەن مەسلىھەتلىشىش
ئۈچۈن ماڭدى.

دى. ئۇ نېمىشقا يىغلايدىغاندۇ؟

— ئۇ، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېـ
چەكتىن غېمى بولمىغان «توققۇزى تەل
ئۆي» دە ياشاۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ
تۇرمۇشىدا يەنە قانداقتۇر مۇھىم بىر
نەرسە كەمدەك قىلاتتى. بۇ كەملىكنى بۇ
بايلىق تولدۇرۇپ بېرەلمەيتتى. دېمىسىمۇ،
ئادەم دېگەننىڭ يېيىش، ئىچىش، كىيىش
دېگەنلا كۇپايە قىلامتى؟ 17 ياشلىق سا-
رىڭگۇل ئەمەتجان بىلگەندەك مۆمىن قارىينىڭ

قىزى ئەمەس، بەلكى بۇ ئاپئاق ساقال ئىمامنىڭ خوتۇنى ئىدى!

سارىگۈلنىڭ ئىمامغا خوتۇنلۇققا تۇتۇپ بېرىلگىنىگە ئۈچ ئايدىن ئاشتى. ئۇنىڭ قۇشقاچنىڭكىدەك كىچىك تېنى دىۋىنىڭكىدەك بىر تەن ئاستىدا مۇجۇلاتتى، خار بولاتتى، ئايدەك گۈزەل چىرايىغا، يۇمران مەگزىگە سۇپۇرگىدەك يىرىك ساقاللار سانجىلاتتى. نېمە ئامال؟ ئۇ ئاستا - ئاستا بۇنىڭغىمۇ كۆنۈپ قېلىشقا باشلىدى، كۆنمەيمۇ ئىلاج يوق ئىدى. ئۇ ھازىر ھېسسىياتلىق بىر ئادەم ئەمەس، بەلكى شوپۇرنىڭ ئىختىيارىدىكى بىر ماشىنىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. مۆمىن قارىينىڭمۇ تەلەپ قىلىدىغىنى مانا مۇشۇ ئىدى. ئۇ ھەممە ئادەمنىڭ مۇشۇنداق بولۇشىنى خالايتتى.

مۆمىن قارىي ئۆزى بىلەن بىرگە قىرىق يىل ئۆي تۇتقان ئايالىنىڭ ئۆزىگە بەخت ئېلىپ كېلەلمەيۋاتقانلىقىنى سەزدى، ئايالىنىڭ چىشلىرى چۈشۈپ، قوۋۇزلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى، بەللىرى مۈكچىيىپ، گۆشلىرى ساڭگىيىپ قالغانلىقىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ياشلىقىدىكى گۈزەل سىياقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانلىقىنى كۆردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىدە «بەخت تېپىش» پىلانى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇ شەھەرنىڭ كوچىلىرىدا ئەركىن نايناقلاپ يۈرگەن چىرايى گۈلدەك قىزلارنى كۆرگىنىدە، ئىچىدا «يولدىن چىققانلار»، «ئىمانسىزلار...» دەپ تىللىسىمۇ، يۈرىكى پىژىلداپ ۋۇجۇدىنى تاتلىق بىر سېزىم لەرزىگە سالاتتى، شۇڭا ئۆزى قېرىغان بولسىمۇ كۆڭلى قېرىمىغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى، لېكىن شەھەر قىزلىرىنىڭمۇ، شۇ قىزلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭمۇ «ئاق - قارىنى چۈشىنىپ قالغان» كىشىلەر ئىكەنلىكى ئىمامغا ئايان ئىدى. شۇڭا ئۇلارغا ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى. مۆمىن قارىي خېلى «ئىشنىڭ ئېپىنى بىلىدىغان» ئادەم ئىدى. ئۇ قىرىق يىللىق ھەمراھى — موماينى تالاق قىلىپ ئۆيىدىن قوغلاپ چىقاردى. ئارىدىن بىر يىلنى ئۆتكۈزۈۋەتتى، بۇ ئىشلار كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ۋاقىتلارنىڭ بىرىدە ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ يۇرتىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئاپئاق بومبا ساقىلى ۋە «ئىلىمدىكى كامالىتى» ئۇنىڭ ئىشىنى تولىمۇ ئوڭ قىلدى. ئۇ، كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ يېزىنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك، ئابرويلۇق ئەزىز مېھمىنىغا ئايلاندى. بۇ يېزىدىكى دېھقان، ھۈنەرۋەنلەردىن تارتىپ مەسچىتلەرنىڭ ئىماملىرىغىچە چوڭ شەھەردىن كەلگەن بۇ چوڭ ئىمامغا سورۇننىڭ تۆرىدىن ئورۇن بېرىشتى. مۆمىن قارىينىڭ مەككە، باغدات، تېھران... ھەققىدىكى يېڭى خەۋەرلىرى، شەرىئەت، تەرىقەت ھەققىدە سۆزلىگەن تۈركچە، ئەرەبچە سۆزلىرى دۇنيادىن خەۋەرسىز بىر ئۆمۈر ھايات كەچۈرگەن بۇ كىشىلەرنى تولىمۇ ھەيران قالدۇردى. ئۇنىڭ داڭقى بىر نەچچە كۈن ئىچىدە پۈتۈن كەنتكە پۇر كەتتى، يېزا داۋالغۇپ كەتتى، ئۇ چۈشكەن ئۆيگە كىشىلەر سەلدەك ئېقىشقا باشلىدى. نۇرغۇن ياشلار، قېرى - چۆرىلەر ئۇنىڭغا قول بەردى، مانا مۇشۇ قول بەرگەنلەر ئىچىدە سارىگۈلنىڭ ئاتىسىمۇ بار ئىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي مۆمىن قارىينىڭ خۇدالىق يولىدىكى بۇ سەپىرىنىڭ مەقسىتى بۇ يېزىدىكى مەسچىتنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك

ئىمامى ئارقىلىق سارىگۈلنىڭ دادىسىغا يەتكۈزۈلدى. ئۇنىڭ بۇ مەقسىتى سارىگۈلنىڭ دادىسىغا تېپىلماس ئامەت، ئادەتتىكى بەندە ئېرىشەلمەيدىغان پۇرسەت، خۇدانىڭ نەزەرى چۈشكەنلىك بولۇپ چۈشەندۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن سارىگۈلنىڭ دادىسىمۇ بۇ ئىشقا نىسبەتەن تىلىنى چايناپ تۇرماستىنلا ماقۇل كەلدى. تولىمۇ ئاق كۆڭۈل، ھەددىدىن ئارتۇق ساددىلىق بىلەن جەۋرى-جاپاغا قۇل بولغان ئاتا، قىزىم دىيانەتلىك چوڭ بولسۇن، ئۇ دۇنيادا جەننەتنى، بۇ دۇنيادا شەھەرنى كۆرسۇن، دېگەن نىيەت بىلەن قىزىنى بۇ ئاق ساقال ئىمامغا دۇئا قىلدۇردى. نىكاھنى ئۆز ئۆيىدىلا ئوقۇتتى...

شۇنداق قىلىپ 17 ياشلىق گۈزەل قىز سارىگۈل 60 ياشلىق مۆمىن قارىينىڭ نىكاھلىق، قانۇنلۇق خوتۇنى بولۇپ قالدى، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يېزىسىدىن مەڭگۈلۈككە ئايرىلىپ، چوڭ شەھەرگە كەلدى. مۆمىن قارىي ئارزۇسىغا يەتتى، نەپسى قاندى. مەسچىتتە بولسا، ئىنساپ ھەققىدە، ياشلارنىڭ بۇزۇلغانلىقى ھەققىدە ۋەز ئېيتىپ يۈرۈۋەردى.

ئاچچىق كۆز يېشى، تۈگىمەس ئازاب! سارىگۈلنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلەتتى. ئۇ، كۆز يېشىنى زادىلا توختىتالمىدى. ئۆز دەردىگە ناخشا ئارقىلىق دەۋا تاپماقچى بولغاندەك، يىغلاپ تۇرۇپ ناخشا ئېيتاتتى، ناخشا ئېيتىپ تۇرۇپ يىغلايتتى.

كۈندە كۆرمىدىم يارنى،
كۈندە كۆرەرمەن دەپ.
ئۈمىد ئۈزمىدىم ياردىن،
ئۆلمىسەم سۆيەرمەن دەپ...

— ھاي، ھاي! بۇ نېمە قىلىق؟ ئەتاغپۇرۇللا! — مەسچىتتە خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ قايتىپ كەلگەن مۆمىن قارىي ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلاپ چېچىلغان ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى، — «يارنى كۆرەرمەن، ئۆلمىسەم سۆيەرمەن»، يا ھەزرەت، نېمىدېگەن گەپ بۇ؟ كۇپۇرلۇق، كۇپۇرلۇق!

سارىگۈل ئۈندىمىدى.

مۆمىن قارىي ئۇنىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ دېدى:

— بىلىپ قوي: مەن ئىمام، سەن ئىمامنىڭ ھالال خوتۇنى. ئاغزىڭنى دوزاخ ئوتىدا كۆيۈشتىن قورقماي بۇنداق كۇپۇرلۇق قىلساڭ، ئەل-جامائەت ئالدىدا قانداق يۈزۈمنى كۆتۈرىمەن؟ قانداق دېگەن گەپ بۇ؟!...

مۆمىن قارىي بىر ھازاغىچە قايىنغاندىن كېيىن سەللىسى بىلەن تونىنى يېشىپ قوزۇققا ئىلىپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئېگىز ئىشكاپنىڭ ئۈستىدىكى قۇرئاننى ئېلىپ لېۋىنى تەگكۈزۈپ قويغاندىن كېيىن، سارىگۈلنى چاقىردى:

— ھەي، سارىخان، مەن ھازىر قۇرئان ئوقۇيمەن، كەل يېنىمغا. زېھنىڭنى يىغىپ ئوبدان ئاڭلا!

سارىگۈل خۇددى تىلسىز كىشىدەك، ئاق ياكى كۆك دەپ جاۋاب قايتۇرمىدى. ئۇ بىر «ئۇھ» تارتۋەتكەندىن كېيىن، مۆمىن قارىينىڭ يېنىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. چۈنكى ئۇ قۇرئاندىكى «ياخشى ئاياللار ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر» دېگەن ئايەتنى بىلەتتى، بۇ ئايەت ئۇنىڭغا تالاي قېتىم تەكرار-تەكرار ئوقۇلۇپ مەنىسى يېشىپ بېرىلگەنىدى. شۇڭا ئۇ، ئىتائەت قىلمىغىنىدا، مۆمىن قارىينىڭ يەنە بۇ كې-

تابىتنى ئاياللارنى جازالاشقا ئائىت ئايەتلەرنى ئانچە قىيىنالمايلا تاپالىشىغا ئىشىنەتتى. بېقىنىدىكى، يېتىمدىكى كۆكلەر ئۈنىڭغا ئىتائەت قىلىشنى ئۆگەتكەنىدى.

قۇرئان ئوقۇلۇۋاتاتتى. كۆزلەردىنمۇ توختىماي ياش قۇيۇلۇۋاتاتتى...

## 6

مۆمىن قارى بامدات نامىزىدىن يانغاندىن كېيىن ئۆيىدە ئەتىگەنلىك چېيىنى ئىچىپ بولۇپ، سارىگۈلنىڭ يېنىغا ئەمدى يانپاشلىۋىدى، ئىشىك ئالدىدا قانداقتۇر ئىككى ناتونۇش ئايال پەيدا بولۇپ قالدى.

مۆمىن قارىينىڭ غەشلىكى كېلىپ بۇ مەزلۇملارنى دېرىزىدىن ئوغرىلىقچە كۆزەتتى. ئەمما ئاياللارنىڭ قولىلىرىدىكى داستىخاننى كۆرگەن مۆمىن قارى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە سوۋغا ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېنىك تىنىدى. ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىك ئالدىغا چىقتى-دە، مېھمانلارنى ئۆيىگە باشلىدى.

ئۆز ئاپىسىدەك ئىللىق چىراي ئىككى ئايالنى كۆرگەن سارىگۈل ئۇلارنى خۇش تەبەسسۇم ۋە ئىسسىق چىراي بىلەن قارشى ئېلىپ، ئۇتقاشتەك گىلەم سېلىنغان سۇپا ئۈستىگە يەنە ئىككى كۆرپە تاشلاپ، ئۇلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، داستىخان سېلىپ چاي تارتتى.

— ئىككى ئاجىزەمنىڭ كۆڭلىگە ئاللا قانداق نىيەتنى پۈكتۈرۈپ، مۇبارەك قەدەملىرىنى بۇ يەرگە يەتكۈزدىكىن؟ — سورىدى مۆمىن قارى مېھمانلار چايغا ئېغىز تەگكەندىن كېيىن ئەدەب بىلەن.

— بىر ئىرادە بىلەن ئالدىلىرىغا كېلىپ قالدۇق، — دېدى ئاياللاردىن بىرى گەپنىڭ قائىدە يوسۇنلىرىق بولۇشىغا دىققەت قىلىپ، — تونۇشمىساقمۇ ئاللا ئىگەم مۆھتەم ئىشلار تۈپەيلىدىن ئۆزلىرى بىلەن تونۇشۇشقا يول بەردى.

— ئاللانىڭ ھەممە بەندىلىرى ئىسمىنى بىلەن بىر-بىرىگە تونۇشتۇر، سىڭىللىرىم، قانداق گەپلىرىڭلار بولسا تارتىنماي دەۋېرىڭلار.

ئىككى ئايال بىر-بىرى بىلەن كۆز ئۇچراشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەنە ھېلىقى سېمىزرەك ئايال:

— بۇ قىزىم بەكمۇ پاكىز چوڭ بوپتۇ، — دەپ گەپنى باشلىدى بولۇشىدا ئولتۇرغان سارىگۈلنى قېشى بىلەن ئىما قىلىپ، — مۇشۇنداق چىرايلىق، كېلىشكەن، دىيانەتلىك قىزنى چوڭ قىلغان ئۆزلىرىدەك ئاتىغىمۇ خۇدايىم ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلغاي.

سارىگۈل لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ مۆمىن قارىينىڭ ساقاللىرى تىترەشكە باشلىدى، يۈزلىرى تاتىرىپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئۇ باشتا بۇ ئاياللارنى ئۆيلىرىنىڭ خاتىرجەملىكى ياكى ئەرلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى ياخشى كۆرۈشى ئۈچۈن ئۆزىگە تۇمار پۈتتۈرگىلى كەلگەنلەردۇر، دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما بۇ ئاياللار ئۇنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرۈپ ئايالىنى «قىزلىرى»، ھەتتا تېخى «قىز دېگەن تالانىڭ ئادىمى، پوكۇن، پۈستان» دېگىلى تۇردى. بۇلار چوقۇم ئالجىپ قالغان ئاياللار بولسا كېرەك.

ئايال ئىمامنىڭ چىرايىدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى سەزمەي گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— يىگىت چوڭ بولسا ئۆيلىنىدۇ، قىز چوڭ بولسا ياتلىق بولىدۇ، بۇ قىز-

لىرىمۇ ئوبدان چوڭ بوپتۇ، بىزنىڭ ئەمەتجانىمۇ ئىمانى كامىل، سودىغا پىششىق ئوبدان بالا بولدى. ئەلچىگە ئۆلۈم يوق دەپتىكەن، شۇڭا كېلىۋىدۇق قارىم، بۇلارنىڭ بېشىنى قوشۇپ...

— ئىچكىرىكى ئۆيدە ئاياللارنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ تۇرغان سارىگۈل «ئەمەتجان» دېگەن ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ بېشىنى بىردىنلا ئىشىك تەرەپكە بۇراپ، چۆچۈش، قورقۇش ۋە ئىنتىلىش، كەيپىياتى ئارىلىشىپ كەتكەن بىر خىل قىياپەت بىلەن لېۋىنى چىشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە قانداقتۇر ناھەق ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان كىشىنىڭ قۇتقۇزغۇچىغا تەلمۈرگىنىدەك ھېسسىيات بىلىنىپ تۇراتتى. «ۋاي، ئىست، بىچارە ئەمەتجانغا نېمىشقىمۇ ئۆز ئەھۋالىمنى تولۇق ئېيتمىغاندىمەن؟ ئەمدى قانداقمۇ قىلارمەن؟...» ئۇ ئۆز بېشىغا كېلىدىغان كۈلپەتلەرنى چاقماق تېزلىكىدە خىيالىدىن ئۆتكۈزدى-دە، چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى.

— مۆمىن قارى بولسا چوغقا دەسسىۋالغان توخۇدەك تىپىرلاپ كەتتى. سارىگۈل ئۇنىڭ قىزى، ئەمەس، ئايالى ئىكەنلىكىنى بۇ ئاياللارغا قانداق چۈشەندۈرسۇن؟ ھەي نومۇس، ھەي پېشكەللىك!

ئىككى ئايالمۇ بىر-بىرىگە قاراشقىنىچە تىڭىرقاپ تۇرۇپ قېلىشتى. مەريەمخان بۇ كەيپىياتنى بېسىش ئۈچۈن:

— كۆڭۈللىرىگە كەلمىسۇن، قارىم، ئەمەتجانمۇ يامان بالا ئەمەس، باللارمۇ بىر-بىرىگە ئانچە-مۇنچە ئىچ-پەش تارتىشىپ قاپتىكەن، ئۇلار ئۆزلىرى خالىشىدۇ، شۇڭا... — دېدى.

— ئېغىزىڭنى يۇم! — مۆمىن قارى ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىرىدى، مەريەمخاننىڭ گەپلىرى ئۇنىڭ ئىچىشقان يېرىگە تۇز سەپكەن، سەۋر قاچىسىنى تولدۇرغانىدى. ئۇ بىردەم غال-غال تىترەپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، شۇنداق قاتتىق ۋارقىرىدىكى، ئىشىك ئالدىدا دانلاۋاتقان توخۇلارمۇ قورققىنىدىن قاقاقلىشىپ قاچتى:

— نې، ئىماندىن چىققان بەتبەخ مەزلۇملار! مۇسۇلمان ئەھلىدە نەدىمۇ بىراۋنىڭ ھالال خوتۇنىغا ئەلچىلىككە كەلگەن بار ئىكەن؟ بۇ، مېنىڭ نىكاھلىق، قانۇنلۇق خوتۇنۇم! بىلىشتىڭمۇ؟! يوقىلىش كۆزۈمدىن!

ئەلچى بولۇپ كەلگەن ئىككى ئايال بۇ گەپنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ بىر-بىرىگە قاراشقىنىچە بۇتتەك قېتىپ قېلىشتى. ئۇلار ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىدى، لېكىن ئىمامنىڭ رەھىمسىز كۆزلىرىدىن چېچىلىپ تۇرغان ۋەھشىيلىكنىڭ ئۇچقۇنلىرىنى كۆرگىنىدە، بۇنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشتى...

ئەلچىلەر ھودۇقۇشتىن نېمە دېيىشلىرىنى بىلمەي، ئىمامنىڭ قورۇسىدىن ئاران چىقىۋېلىشتى. ئۇلار قارا دەرۋازىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ ئۆتۈشى بىلەن تەڭلا، ئۆي ئىچىدىن قىيا-چىيا ئاۋازلار ئاڭلاندى. بۇ ئاۋازلار ئارقىدىنلا ئېچىنىشلىق يىغىغا ئايلاندى...

— نېمە، خوتۇنى؟! — ئەمەتجان شۇنداق دېگىنىچە ئالقىنى بىلەن پېشانىسىگە بىرنى ئۇردى-دە، كالللىسىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قاماللىغىنىچە ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىلا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ بۇ ئىشقا يا كۈلۈشنى، يا يىغلاشنى بىلمەيتتى. ياق، ئۇ كۈلۈشنى بىلىدىكەن،

ئۇ كۆلۈپ تاشلىدى، كۆلگەنىدىمۇ ياكى كۆلكىگە، ياكى يىغىغا ئوخشىمايدىغان بىر خىل دەھشەتلىك ئاۋاز بىلەن كۆلدى...

ئاردىن بىر كۈن ئۆتكەنىدە ئەمەتجان تاڭ يورۇماستىنلا غىپپىدە ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئەمەتجاننى قوشنىلىرىمۇ، مەسچىت جامائىتىمۇ ھېچنەدە كۆزگە چېلىقتۇرالمىدى...

7

مۆمىن قارىي بۈگۈنمۇ ھەرۋاقىتلىق نامازدىن بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە مەسچىتتىكى جامائەتكە ئىنساپ، ياشلارنىڭ بۇزۇلغانلىقى ھەققىدە ۋەز ئېيتىشقا باشلىدى. مۆمىن قارىينىڭ تەبىرىچە، بۇ زامانىدىكى ياشلارنىڭ بىرسىمۇ پاك ئەمەس، ئۇلار بۇزۇلغان، دىنىدىن ئازغان، ئىنساپنى، خۇدانى ئۇنتۇغانىدى. ئۇلارنىڭ ئىنساپسىز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئاخىر زامان مۇددەتتىن ئىلگىرى يېتىپ كېلىشى، دۇنيا گۇمران بولۇشى، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە بالايىئاپەت يېغىشى مۇمكىن ئىدى.

شۇ ئەسنادا تۇيۇقسىزلا ئارقا رەتتىكى جامائەتنىڭ سېپى ئىچىدىن بىر ياش يىگىت ئىمامنىڭ گېپىگە لوقما سالدى:

— توۋا، ساقال بولسىلا ئىنساپ بولىدىغان ئوخشىمامدۇ؟

جامائەت بىردىنلا باشلىرىنى ئارقىغا بۇرۇشۇپ، خۇددى غەلىتە بىر ئىشقا يولۇقۇشقاندەك كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىشىپ ھېلىقى يىگىتكە تىكىلىشتى.

مەسچىت ئىچى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. مۆمىن قارىي جامائەتكە تىكىلىپ: «دېگىنىم راستمىكەن، بۇ ياشلارنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى كۆردۈڭلارمۇ؟» دېگەندەك قىياپەتتە ئولتۇراتتى، لېكىن كىشىلەر ئۇنىڭغا ئانچە پەرۋا قىلىپمۇ كەتمىدى. ئەكسىچە، ياشلاردىن بىرى ھېيقماستىنلا ئىمامغا پوت ئېتىشقا پېتىندى:

— ئىمام ئاخۇنۇم جاۋاب بېرىپ باقسا: نەۋرىسىدەك قىزنى خوتۇنلۇققا ئېلىشمۇ ئىنساپنىڭ جۈملىسىگە كىرەمدىكىن؟

تەرتىپ بۇزۇلدى، غۇلغۇلا كۆچەيدى.

ئىمامنىڭ چىرايى تاتىرىپ، پوتقولىغا تىترەك ئولاشتى. شۇ ئەسنادا 40 ياشلار چامىسىدىكى، چىرايى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن، شاپاق دوپپا، مەللە رەڭ خەسىدىن يەكتەك كىيگەن بەستلىك بىر كىشى ئورنىدىن تۇردى:

— ئەزىز جامائەت، دىنىي ئىسلامغا يات بولغان سۆزلەرنى قىلىشمايلى، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، — مۆمىن قارىيدەك ئىمانى كامىل ئادەم ئاز تېپىلىدۇ، يولدىن ئازمايلى، مۇسۇلمانلار...

بۇ ئادەمنىڭ ئىمام ئۈچۈن جان پىدا قىلىپ مەيدانغا چىقىشى ھەممە ئادەمنى ھەيران قالدۇردى. كىشىلەر ۋاراڭ-چۇرۇڭنى توختىتىپ، كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىشىپ، بۇ ناتونۇش ئادەمگە تىكىلدى. بۇ مەسچىتنىڭ نامازخانلىرى بۇ ناتونۇش ئادەمنى بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېچقاچان، ھېچيەردە كۆرۈپ باقمىغانىدى.

— ئاق كۆڭۈل مۇسۇلمانلار، سىلەر ئەھۋالنى ئۇقماي، مۆمىن قارىينى قارىلاپ

ھۆسەنجان ئەسقەر

# ئەسەرلەر

## ئۆمۈر دەرىخى

يىراق شەرقتە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئۆمۈر دەرىخى بۇ.

مەن ئۇنى كۈچەپ ئىغاتتىم، ئۇنىڭدىن ساپسېرىق ئالتۇن مېۋىلەر تۆكۈلۈپ ئېتىكىمنى تولدۇردى. مەن سېخىيلىق بىلەن ئۇنى ئۆز قەۋملىرىمگە سۇندۇم، ئۇلار بۇ مېۋىلەرنى قەدىرلىمىدى. گويا تەبىئەت قانۇنى بويىچە شۇنداق بولۇشى كېرەكتەك.

يىراق شەرقتە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئۆمۈر دەرىخى بۇ.

مەن ئۇنى كۈچەپ ئىغاتتىم، ئۇنىڭدىن مەي باغلىغان ساپسېرىق مېۋىلەرنىڭ ئورنىغا سارغايغان ساپسېرىق ياپراقلار چۈشتى. مەن ئەمدى قەۋملىرىمگە نېمە سۇنارمەن، دەپ ئۈن-تىنسىز ياش تۆكتۈم، ئۆمۈر دەرىخىگە ئۆكۈندۈم، ئەمما ئۇلار بۇنىڭدىن قىلچە ئۆكۈنمىدى. گويا تەبىئەت قانۇنى بويىچە شۇنداق بولۇشى كېرەكتەك.

---

ئىماندىن ئاجراپ كەتمەڭلەر، مەن مۆمىن قارىينى ئۆزۈم خالاپ كۈيمۇغۇل قىلىۋالغان، لېكىن مېنىڭ قىزىم شەرىئەت يولىدىن چىقتى، ئۆزىنىڭ ھالال جۈپتىنى تاشلاپ، دىنىدىن ئازغان، خۇدانى ئۇنتۇغان بىر تۇزكور باققال بىلەن قېچىپ كەتتى. مانا بۇ، ياشلارنىڭ بۇزۇلغانلىقىنىڭ، يولىدىن ئازغانلىقىنىڭ پاكىتى بولماي نېمە؟

سارىگۈلنىڭ دادىسى ئۆز جايىدا ئولتۇرۇشى بىلەن تەڭلا يەنە گۇدۇڭ-گۇدۇڭ ئاۋازلار ئاڭلىنىپ قالدى:

— قارا، ئەجەب تاش يۈرەك ئادەمكەن بۇ، قىزىنى قاراپ تۇرۇپ ئۆز قولى بىلەن ئوتقا ئىتتىرىپتۇ ئەمەسمۇ!...

سارىگۈلنىڭ دادىسى ئورنىدىن تۇرماستىنلا ۋارقىرىغىنىچە سۆزلىدى:

— مەن ئاتا تۇرۇپ دىنىي ئىسلامنى پەرزەنتتىن يۇقىرى كۆرۈپ سۆزلەۋاتسام، سىلەر يەنە نېمە دېمەكچىدىڭلار؟

مەسچىت ئىچىدىكى غەلۋە-غەۋغالار خۇددى قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك جىممىدە بېسىقتى. مەسچىتتىكى ئۆكتىچىلەرنىڭ ئاغزى تۇۋاقلاندى. راست، بۇ ئادەم توغرا ئېيتقانىدى. ئاتا تۇرۇپ ئۆز قىزىغا شۇنداق قىلغان تۇرسا، باشقىلارنىڭ بۇنىڭغا ئارىلىشىپ ھۆتۈت-پۆتۈت دېيىشكە نېمە ھەققى بار؟!...

## شەرق ۋىناسى

شەرقتىمۇ ۋىناس بار. ماڭا بۇنى دەسلەپتە تۇرمۇشنىڭ سەرگەردان سەلكىن شاماللىرى پۇراتسا، كېيىن ھايات قېيىقىم تۇرمۇش دېڭىزىدا يوشۇرۇن خادا تاشقا ئۇرۇلغان بىر قېتىملىق پاجىئە تېخىمۇ ئېنىق تونۇتتى. مەن شەرق ۋىناسىنى سۈكۈت ئىچىدىكى جىمغۇر تاغلاردىن، غەزەپ بىلەن بۇژغۇن چاچرىتىپ قىرغاققا دەھشەت بىلەن ئۇرۇلغان دېڭىز سۈيىدىن، ئازابلىق يىللارنىڭ قايغۇلىرىدا ئىسلانغان قوڭۇرشۇنىسمان بۇلۇتلارنىڭ تۆككەن ھەسرەتلىك ياشلىرىدىن، ئەمدىلا ئۆز تېنىدىن جۇدا بولۇپ، ئۆلۈم بىلەن جان تالىشىۋاتقان قىزىلگۈلدىن سورىدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى شەرق ۋىناسىنىڭ نامىنىلا ئاڭلاپ، ئۆزىنى بولسا كۆرمەپتۇ.

مەن شەرق ۋىناسىنى بەختسىزلەرنىڭ كۆز ياشلىرىدىن، باتۇرلارنىڭ ئۇرۇشتا قۇۋلۇق-شۇملۇق دەستىدىن يېگىلىپ ھەسرەتلىك تىنغان ئۇلۇغ-كىچىك تىنىقلىرىدىن، ئاقىللارنىڭ يۈرىكىدىكى زامانىنىڭ جەۋرى-جاپالىرى دەستىدىن زەردابقا ئايلانغان قانلاردىن، ياشاشقا ھايات يولى قالماي، ئۆمۈر مەنزىلىنىڭ ئاخىرقى بېكىتىگە ۋاقىتسىز بېرىپ قالغان ناتىۋان يۈرەكلەردىن سورىدىم. ئۇلار ماڭا تىنىپمۇ قويمىدى.

مەن ئاخىرى شەرق ۋىناسىنى تاپتىم. مېنىڭ كۆزۈم ئۇنىڭ قارىسىنى كۆرۈشى بىلەنلا، تەشنالىقتا شىكەستىلەنگەن قەلبىم ئارام تاپقاندەك بولدى. مەن ئۇنىڭغا ئۆتكۈر كۆزلىرىم بىلەن، ياق، سەزگۈر قەلبىم بىلەن سىنچىلاپ قارىدىم. ئۇ ھەقىقەتەن گۈزەللەر شاھىكەن.

مەن ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم، ئۇنىڭ يۈزىگە بىر قەۋەت شۇنداق يۇپقا قارا پەرەنجە تارتىلغان بولۇپ، بۇ قارا پەرەنجە ئۇنى تېخىمۇ سىرلىق قىلىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭغا نەزەرى چۈشكەنلا كىشى ئاشۇ سىرلىق پەرەنجىنى قايرىپ، ئۇنىڭ مۇبارەك ئۆز جامالىنى بىر كۆرۈشكە قىزىقماي قالمايتتى. مەنمۇ پەرەنجىنى قايرىشقا قىزىقىپ قالدىم. مېنىڭ بۇ دۇنيالىق ئارزۇيۇممۇ شۇ ئىدىغۇ! مەندىن ئىلگىرى بۇ پەرەنجىنى قانچىلىغان ئەزىمەتلەر قايرىغانىكەن، ئەمما ئۇلارنىڭ بىرەرسىمۇ شەرق ۋىناسىنىڭ نۇرلۇق جامالى، ئاھۇ كۆزلىرىنى كۆرەلمەپتۇ، بىھۇدىلا ئۇنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىپتۇ. كىشىلەر ماڭا:

— يىگىت، تەۋەككۈلچىلىك قىلمىغىن، — دېيىشتى، لېكىن ھاياتنىڭ ئۆزىمۇ بىر تەۋەككۈلچىلىكقۇ؟!

مەن، شەرق ۋىناسىنىڭ پەرەنجىسىنى قايرىدىم. بىراق ئۇنىڭ پەرەنجىسىنى قايرىغان ئۇڭ قولۇم ئاۋۋال كۆيۈشكە، ئاندىن شامدەك ئېرىپ چۈشۈشكە باشلىدى. مەن شۇنىڭدىن بېرى ئۇڭ قولۇمدىن ئايرىلدىم.

ئەي، شەرق ۋىناسى، قالغان سول قولۇمنىمۇ ئال، قەلبىمنىمۇ ئال، مەن ساڭا روھىم-تېنىم بىلەن تەئەللۇققۇ، ئاخىر!

## قۇياش، مەن ۋە سەن

مەن قۇياشنى تىللىدىم. شۇنداقتىمۇ ئۇ ماڭا يەنىلا ئىللىق چىراي بىلەن بېقىپ، ئالتۇن نۇرلىرىدا قاراڭغۇ دىلىمنى يورۇتتى.

مەن قۇياشنى ماختاپ ئۇچۇرۇپ، كۆككە كۆتۈردۈم. ئۇ يەنە ماڭا ئىلگىرىكىدەكلا جاۋاب قايتۇردى. ئۇنىڭ ئېغىر تېنى ۋەزمەن نۇر چېچىپ تۇرۇۋەردى.

مەن قۇياشنى ساڭا چاقتىم: «قۇياش نېمانچە رەزىل-ھە!». سەن بۇنىڭغا ئىشەندىڭ.

ئابدۇقادىر جالالىدىن

# ئالاۋەيشىل



ئابدۇقادىر جالالىدىن 1964-يىلى 3-ئايدا قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بەشكىرەم يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1986-يىلى 8-ئايدا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر ناپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىنستىتۇتىدا خىزمەت قىلىدۇ.

ئابدۇقادىر جالالىدىن ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىدىن تارتىپلا ئەدەبىياتقا قىزغىن ھەۋەس باغلىغانىدى. ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرى — «دوستۇمغا سۆز» 1982-يىلى «قەشقەر گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا 120 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرلىرى ئېلان قىلىندى.

## مۇھەببەت ئىرىكلىرى

«مۇھەببەتتە بىر ئىشىق ئېتىلسە،
يۈز ئىشىق ئېچىلىدۇ.»
— ناۋائىي

1

قار توزۇغان بورانلىق ئاخشام،
كاچكۇللارنى چارلىدى ئۇيقۇم.
بولالمىدى بېلىققا مەبۇد
ھىلال ئايدەك ئېگىلگەن تۇرقۇم.

تەبەسسۇمنىڭ سۆكۈتلىرىمنى
قىيىنغاندەك بىلىندى قاچان؟
دېرىزەمنىڭ كىرپىكلىرىگە
ھال رومىلىڭ ئىلىندى قاچان؟

ئارمانلارغا بولماقتا يولداش
لەرزانغىنە لەيلەپ كۈيلىرىڭ.
يېتىمسىرەپ قالدى يىراقتا
سايىلارغا ئامراق ئۈيلىرىڭ.

2

مىلەگزەگنى سىيپىلاپ ئاستا
ئۆتۈپ كەتتىم ئويغاتماي تۈندە،

بوسۇغاڭدا قۇرۇق يوپۇرماق
تىپىرلايدۇ يىغلاڭغۇ ئۈندە.

هويلاڭدىكى ئۈجمەڭدە كوزا،
قارا قۇشقاچ يوقالدى قايان؟
مەن ئورماندا ئۆگەتكەن سۆزنى
كىكەچ تىلدا قىلامدۇ بايان؟

شەپەقلەرگە ئايلىنىپ جىسمىم
يېيىشمىسا ساڭا مۇبادا،
ئىچ ئاغرىتىپ، بىرلا خورسىنىش —
يۈز بېرەرمۇ سەندەك زىبادا؟

3

دەريا ئۆلدى، نىمىشقا بۇ كەچ
يېشىل كۆككە ئۆرلەيدۇ تىترەك؟
جۇدەك ئايمۇ ئۆمىلەپ بۇدەم،
ساھىللارغا تارتماپتۇ جىيەك.

شەبنەملەرنى ئىزدەپ ئەتىگەن
تاقىتىم يوق كىرگەندە باغقا،
جىلۋەڭ غايىب، تىنىقلىرىڭنى —
ئەۋەتتىڭمۇ خىيالچان تاغقا؟

توزۇپ كەتكەن نىگاھىڭ بۇدەم
ئىگىراشلارغا بولىدۇ يوپۇق.
تورلىرىنى يېيىپ، بىر سېنى
كۆلۈمسىرەپ ئىزدەيدۇ ئۈپۈق.

4

مورا ئىچرە سېلىشىپ چاڭگا
قۇرغاق ماتەم ئىزدەيدۇ مېنى.
تۈندە فوسفور ئۇچقۇنلىرىدا
جىلۋە قىلار سەھەرنىڭ قېنى.

موماي ئېيتقان چۆچەك ئىچىدە،
كەپسىزلىكىم ئۆكسىمەس زىنھار.

تورغاي ئۈنى سەبىيلىكىمگە
يېپىشىدۇ بولۇشۇپ خۇمار.

ئىشىتسەن ئۈزۈك شىۋىرلاش،
تاپالمايسەن ئىزدىسەڭ، ئەمما.
پەيلىرىمنىڭ سېھرى جاھانغا
تاشلاپ ئۆتەر سانسىز مۇئەمما.

5

قاپتالدىكى كەپەڭنى گۈزەل،
ئالۋۇنلىرىڭ يۈرەمدۇ ئويناپ؟
بويناقلىرىڭ قاۋاپ تۈن بويى
كارۋانلارنى يۈرەمدۇ قوغداپ؟

بوۋىمىزدىن قالغان قومۇش نەي
توغراقلارنى ئۈندەمدۇ چۈشكە؟
نېسىپ بولماي كەلدى بىر چۈشنى
ھەر ئىككىمىز تەڭلا كۆرۈشكە.

تۈگۈلۈكىڭگە قونامدۇ تورغاق
مەن توقۇغان قوشاقنى سۆيلەپ؟
دەمدەلەرگە بېرىپ تۇرغىن دان،
كۈيلەپ تۇرسۇن بۇقۇلداپ، ئۈنلەپ.

6

دېرىزەڭنى ئەۋەتتىڭ قايان؟
تاپالمىدى ئىزدەپ ئاق كېچە.
مۇساپىرغا بولدۇڭمۇ گۈلخان،
داللاردا ھەتتا تاڭغىچە؟

يىرىقلاردا يۈرۈسەن مۆكۈپ،
چاقىرساممۇ قاچتىڭ ئۈنىماي.
مەنمۇ داغدا، سەنمۇ ھەم داغدا،
ئاشىقىڭنى قالساڭ تونۇماي.

7

ھۆركۈتمىگىن يوللارنى جانان،
مەھەللەڭنى ئەيلەپ سېھىرلىك.

پۆكلەۋېرىپ بەرمىگىن ئازار،
يوللار سېخىي، يوللار مېھرىلىك.

قەدىرلەيدۇ ئىلاھلار چوقۇم،
پىكىرلەشسە ئوتلۇق كۆزىمىز.
مىنىپ كېلىپ زاۋۇلغا ھەتتا
كۆيلىرىنى ئاڭلىتار دېڭىز.

## قەلئە

بىر تامچە ياش ئاستىدا
يېلىنجايدۇ ئاپئاق ئۇستىخان.

كۈمۈش ئۇچقۇ قاناتلىرىنىڭ
يەلپۈشىدىن سېرىق تۇپراقنى
تاش بارماقلار قالدى ئېچىلىپ.
زەيتۇن ياپراقلىرى تۆكۈلدى ئاڭا
ئۇنتۇلغان بىر شاۋقۇن قوينىدىن.

## قۇش ناخشىسى

بوغۇزلىرى قۇرۇغان بىر قۇش
يىقىلدى
ھەيكىلىگە دېڭىزنىڭ.
كۆزىدىن
باش كۆتۈردى يالغاچ ئورمان،
سەرسان بۇلۇتلار
تاشلاپ بەردى يېشىللىقىنى.

قۇشلار
تۇخۇم سالار چاڭگىلارغا
چاڭگىلار
باش قويىدۇ شاۋقۇنلارغا.

## تامچە

ئەسىرلەرنىڭ كەينىگە
ئېلىپ كەتتىم
دولقۇنىڭدىن بىر تامچە.

پېتىپ خىيالىغا
ئوت ئىچىدە ئولتۇرار تامچە
ئىسمىمنى قۇچاقلاپ
دولقۇنىڭنى قىچقىرار بەزەن.

تامچە بىلەن
ئۇچرىشىدۇ چاناقلىرىم
ئۆمىلەپ چىقىپ تۇپراقتىن.
ئۈزۈپ يۈرەر تامچىدا
ئوكيانلارنى يېگەن بېلىقلار.
تامچە!؟ ...

## بوران ناخشىسى

ماي قوڭغۇزىنى سېھىرلەپ
چىللار خۇش بۇي باغلارغا
لايدىن قورچاق ياساپ چارچىغان بالا.
تىنىقلىرى گويا ئىلاھى بوران
تۇرخۇنلارنى چالار نەي قىلىپ.

سۇنغان لامپىلاردىن
ئۇچۇپ چىقار قېقنۇس ناخشىسى،
سايىلىرى تۇمۇزغىنىڭ
تۆكۈلىدۇ جىلغىلارغا
قاناتلاردىن تۇغۇلۇپ شامال.
قويۇپ بېرىپ يىپىنى
ئاقۇش لەگلىكنىڭ
مۆگدەيدۇ يېلىنىڭ سۇۋادان.

نەيدىن چىققان قىرولار
قونۇپ مۇنارلارغا
ئاينىڭ كۆلكىسىنى چوقۇلار تىنماي.
كەتتى يىراقلارغا قامچا ئاۋازى
يېپىنىڭ قايرىپ پەردىسىنى دېرىزىنىڭ.

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تۇرسۇنئاي ھوسەيىن

# سەھرا نەزمىلىرى

## سەھرا كېچىسى

تۈنەپ قالدىم سەھرادا بىر كۈن،
ئەجەب ئوبدان ئىدى ئايدىڭ كەچ.
ھۇجرام يېشىل كىمخاب تال باراڭ،
تاملىرىنى بېزەر يۆگۈمەچ.

تەۋرەتمەكتە مۇگدەك بۆشۈكى
تىنىم تاپماس مومايىنى شۇدەم.
سۆزلىرىدىن توختاتتى خۇش خۇي،
تېتىك، سۆزمەن بوۋايىنمۇ ھەم.

پەقەت مەنلا ئويغاق شۇ كەچتە،
تۈن كۈيىنى تىڭشاپ ياتىمەن.
شارقىراتما، كاككۇك ئۈنىنى
يۈرىكىمدە كۈيگە قاتىمەن.

شېرىن بىر ھىد قىلار مېنى مەس،
رەيھانىمكىن يالپۇزمۇ ياكى.
قانداقتۇ قۇش ئۇچار غۇي قىلىپ،
تىنىم تاپماس تۈندە ھەتتاكى.

گاھى ئالتۇن مېدالىيوندەك
يۇلتۇز ئاسمان بېتىدىن كۆچەر.
پىل-پىل قىلىپ خۇددى ئوت كەبى
كىچىك ئۇچقۇن گاھ يېنىپ ئۆچەر.

بوك-بوك قوڭغۇز بېرىدۇ ئاۋاز،
خۇددى كىچىك ماتوردەك گويا.
جىمجىت تۈندە ئەمەستۇر جىمجىت
كۆكۈش ئاسمان، سېھىرلىك دۇنيا.

سېھىرىي ئالەم، سېھىرلىك كېچە
ئالدى تۈننى ئىلكىگە بۇدەم.
سېھىرلەنگەن قىزىدەك شاھنىڭ
ئېغىرلاشتى كىرپىكىم شۇدەم.

## سەھەردىكى سەھرا

قوڭغۇرىقى سۈت ھارۋىسىنىڭ
ئارامىنى بۇزسا شەھەرنىڭ،
ھۇشت-ھۇشت ئۈنى تىنىچ سەھرادا
ئويقۇسىنى ئاچار سەھەرنىڭ.

بۇغدايلىقتا كېتەر كېلىنچەك
سېۋەت ئېلىپ غېمىدە ئوتنىڭ.
خۇش پۇرىقى قاپلار ھويلىنى
موماي ساغقان يېڭىلا سۈتنىڭ.

نەۋرە، چەۋرە، ئەۋرىلەر ھەتتا
ئۇخلاپ قالماس ھەرگىز بۇ يەردە.
قولتۇقىغا قىسىپ كىتابنى
قوي باققىلى كېتەر سەھەردە.

نەدىن پۈتكەن غەيرەت شىجائەت
يۈز ئۈن ياشقا كىرگەن بوۋايدا.
كىردۇۋالسا بېغىغا تاڭدا،
چاقىرمىسا چىقمايدۇ چايغا.



ھېچكىم ياتماس ئۆيىدە ئۇخلاپ،
زوق پەيزىنى سۈرەر سەھەرنىڭ.
شۇڭا ئۇزۇن ياشامدۇ دېيمەن
ئادەمدىن بۇلار شەھەرنىڭ.

## سانسىز ئاي

تىنىق كۆكۈش ئاسمان گۈمبىزى،
يۇلتۇزى كۆپ ئۇنىڭ بېغىدا،
پەلەككە بوي سوزسا سۇۋادان،
ئاي ئېلىنىشىپ قاپتۇ شېخىدا.

ئېتىرىدۇ شامال ئېرەكنى،
ئاي يېقىلار زۇمرەت بولاقتا.
ئېقىپ كېتەر بولۇپ ئاتمىش ئاي،
نۇر بەرمەككە چۆژگۈن قوناققا.

ئېرىقلاردا ئېقىپ سانسىز ئاي
تولۇپ قالدى ئېتىز، كۆلچەككە.
قىز كۆزىدە چاقناپ بىر جۈپ ئاي
ياقتى ئاتەش بىر ياش يۈرەككە.

سۇغلا چىقىپ چاقنان كېپىنچەك
ئۇسسۇۋالدى ئاينى چىملەككە.
كىردى ئۆيگە، چاقنايتتى يەنە
بىر تولۇن ئاي ماراپ روجەكتە.

سەھرادا ئاي كۆردۈم بەكمۇ جىق،
بىرسى تۈنەپ قاپتۇ باراڭدا.
پىيالەمگە چۆمۈپتۇ بىرسى،
چۈشۈپ كەتسەك قىزىق پاراڭغا.

## ئانا سەھرا

ئانا سەھرا، ئامراق قىزىڭمەن،
سېنىڭ ئۈچۈن كۆيگەن كاۋاپتەك.
بىلىم ئىزدەپ كەتتىم يىراققا
ئوكياندا ئۈزگەن كاراپتەك.

توغاچ يۈزلۈك سەھرا قىزىدىن
ئۆزگەرگەندۇ بەلكىم قىياپەم،
سادىدلىقىم باردۇر ھېلىمۇ،
ئۆزگەرسىمۇ سۆزۈم، ئىبارەم.

سۆزلەلمەسمەن قىزچاقلىرىڭدەك
تومۇچۇقتەك جانلىق ۋە راۋان.
قىلالماسمەن گەپدانلىرىڭدەك
بىر سۆزدە كۆپ مەنانى ئايان.

ئايرالماسمەن قىياقلىرىڭنى
مايسا ياكى چۆژگۈن قوناقتىن.
ئېتىزلىقتا بوۋام كەينىدىن
يۈرمىگەچكە خېلى ئۇزاقتىن.

ھال رەڭ شاپتۇل چېچەكلىرىنى
ئوخشىتارمەن ئالما گۈلىگە.
خۇشخۇي چېچەن بالىلىرىڭدىن
قېپ قالارمەن بەلكىم كۈلكىگە.

ئايرىيالماي ئارپا بېشىنى
قارا بۇغداي دەپمۇ قالارمەن.
ئورما ئورىسام، كېلىنلىرىڭدىن
گاھ كەينىدە قېپمۇ قالارمەن.

لېكىن، سەھرا، قوينۇڭدا يۈرگەن
قىز - ئوغلۇڭدىن مېھرىم ئەمەس ئاز،
كاككۇكىڭمەن يىراق - يىراقتىن
كۈيلىرىڭگە قوشقان زىل ئاۋاز.

ئۆزگەرگەندۇ سۆزۈم - ئىبارەم،
ئۆزگەرگەندۇ بەلكىم قىياپەم.

uyghurkitap.com

ئانا سەھرا، ساڭىلا تالىق
يۈرەك ئىشقىم، ناخشا - كۈيۈم ھەم.

### كاككۇك

كاككۇك، كاككۇك، تىنمايسەن سايراپ
تالزارلىقتا، قاپاق تېرەكتە.
نېمىشقىدۇر چۆمدۈردۈڭ مۇڭغا
ئوت سالغاندەك يەنە يۈرەككە.

كاككۇك، كاككۇك، كىچىك بىر قۇشسەن،
ئەمما ئۈنۈڭ مۇڭلۇق نېمانچە؟
ئاڭلىغاندا سىنىڭ كۈيۈڭنى
ھەسرەتلىرىم ئاشار بارغانچە.

كۈيلىرىڭدە نېمانچە مۇڭ بار؟
كىمگە مۇنچە زارلايدىغانسەن؟
قوزغاپ دىلدا دەردۇ پىراقنى،
نېمە ئانچە سايرايدىغانسەن؟

ئاتا - ئاناڭ يوقمىدى كاككۇك،
قاپسەن بەكمۇ سارغىيىپ ھېرىپ؟
ئاتا - ئانام يوقتۇر مېنىڭمۇ،
سېنىڭدىنمۇ بەكرەك مەن غېرىپ.

كاككۇك، كاككۇك،
تىنماستىن سايراپ
چىقتىڭ تۈندە ئاپئاق تېرەكتە.
سېلىپ قويدۇڭ قوشلاپ دەرد - پىراق
دەردى ئازدەك مىسكىن يۈرەككە.

ئەركىن داۋۇت

## شېئىرلار

### ئويىنىدى يۈرەك

قارا، دېدىڭ، قارىدىم دەرھال،
بولدى ئوتتەك بىر سېزىم پەيدا.
قىلدۇالدىڭ مېنى ئۆزۈڭگە
گۈل بۇلبۇلنى قىلغاندەك شەيدا.

ئىشقى - پىراق قاپلىدى دىلنى،
بىھوش بولۇپ يىقىلدىم يەرگە.
يېتىپتىمەن كۆزۈمنى ئاچسام،
قۇچىقىڭدا چۆمۈلۈپ تەرگە.

ھەر ئىككىمىز يەتتۇق ۋىسالغا،
چىن سۆيگۈمىز ئاچتى ئۈز چېچەك.
مېۋىسىنى كۆردۇق ئۈنىڭكى،
خۇشاللىقتا ئويىنىدى يۈرەك.

### ياشلىق

كۆلۈپ نۇرلۇق قۇياشتەك ئىللىقە
كەلتۇر ماڭا لىۋىڭدە شاراپ.
ئىچەي مەپتۇن بولۇپ قانغىچە،
ۋۇجۇدۇمغا كەتسۇن ئۇ تاراپ.

قانات ياساپ يۈگرۈك ھېسلىرىم
يىراقلارغا كەتمىسۇن ئۇزاپ.
مەيلىمنى تارت بىر ئىلاج قىلىپ،
ياشلىق گۈلۈم بولمىسۇن خاراپ.

### ئۆزۈك

سۆزۈك - سۆزۈك ئەجەپمۇ سۆزۈك
ئاق ئالمىدەك چىرايىڭ سۆزۈك.

گەپ-سۆزلەرىڭ خېلى جايىدا،
ئۆزۈڭ خوش خۇي، مىجەزىڭ تۈزۈك.

قوبۇل قىلىپ ئالغىن دىلىڭدىن،
ئۈمىد كۈتۈپ كەلدىم سېنىڭدىن،
سېلىپ قوياي ئىشچان قولۇڭغا،
يالداما دەپ جۈپ ئالتۇن ئۈزۈك.

## چاقچاق

كۆل بويىدا تۇرىمەن تەنها،
ئاسماندا ئاي، هاۋا بەك سالقىن.
نۇر ياغدۇرۇپ ئوتلۇق كۆزىدىن
پارقىرايدۇ يۇلتۇزلار يارقىن.

خىيالىمنى بۆلۈپ يىراقتىن
قۇلىقىمغا كىردى بىر ناخشا.
شۇ ناخشىغا بولۇپ بىقارار
تەخىر قىلىپ ئولتۇردۇم قاشتا.

شېرىن ئويلار كەزدى دىلىمنى،
هەر تەرەپنى چىقتىم ئارىلاپ.
ۋاقىت ئۆتەر ئەجەپمۇ ئاستا،
يۈرىكىمنى كەتتىم تاتىلاپ.

ئايمۇ مۆكتى تاغنىڭ كەينىگە،
ئۇ كەلمىدى، ساقلىدىم ئۇزاق.
كىمدۇ ماڭا ناخشىسى بىلەن
قىلغانىكەن بۇ كىچە چاقچاق.

**كېرىمجان سۇلايمان**

## ئازاب

دىلبىرىم، مەن سېنى كۆرسەم — بۇ ئازاب،
ئەيىنىپ ئىشقىمنى ئىزهار قىلالماي.
تەلمۈرگەن هالەتتە هەسرەتلىك قاراپ،
كېتىمەن يېنىڭدىن ئۈنسىز، قىيالماي.

دىلبىرىم، مەن سېنى كۆرمىسەم — ئازاب،
قالىمەن هىجرىڭدە ئارام تاپالماي.
(چىقىمەن هەتتاكى مەن يۇلتۇز ساناپ،
تۈنلىرى تولغىنىپ، تىنچ ياتالماي.)

دىلبىرىم، مەن سېنى كۆرسەم-كۆرمىسەم
بەرىبىر مەن ئۈچۈن تۈگىمەس ئازاب.
قاچانكى بىر كۈنى ۋەسلىڭگە يەتسەم،
ئازابتىن مەڭگۈگە بولارمەن ئازاد!

## سامادىن ئىزدەيمەن گۈزەللىكىڭنى

بىلمىدىم، نە قىسمەت ئايرىدى بىزنى،
دىلبىرىم، كەتتىڭسەن كۆككە-ئەرشكە.
مەقسىتىڭ نېمىكىن، ياكى يۇلتۇزنى
مارجان دەپ كەتتىڭمۇ تېرىپ كېلىشكە؟

ئاق ماموق بۇلۇتنى تۆشەك قىلىپ ياكى
خىرامان ئۇيقۇغا كەتتىڭمۇ جېنىم؟!
ئۆلمەيسەن قەلبىمدە، ئۆلمەيسەن تاكى
تۇپراققا قوشۇلغان چاققىچە تېنىم.

باقىمەن هىجراندا كۆككە تۈنلىرى،
خىيالغا ئەسىر بوپ ئىزدەپ، يار، سېنى.
مۇقەددەم شۇ تاتلىق ۋىسال كۈنلىرى
كەتكەچكە سەن بىلەن زار قىلىپ مېنى.

چىقمىسەن بەزىدە تولۇن ئاي بولۇپ،
سېغىنىش ئاھلىرىم يەتكەنمىكىن، تاڭ.
ئامرىقىم، يۈزلىرىڭ قاپتۇ داغ بولۇپ،
رەقىبلەر كۈندەشلىك قىلغانمىكىن، تاڭ!

ئېيتقىنا، چاقنىغان يۇلتۇزلار ئىچرە
قايسىسى سېنىڭكى ئاتەش كۆزلىرىڭ؟
شۇ ئاتەش كۆزلەرنى كۆرسەمتىم بىرە،
ئايانتى ئۇلاردىن يۈرەك سۆزلىرىڭ.

قارا تۈن باغرىنى يارغان چاقماقلار،
يار، مېنى سېغىنىش ئوتلىرىڭمىكىن؟
جاھاننى تىترەتكەن گۈلدۈرماملار،
ئاھ، مېنى چاقىرىش ئۈنلىرىڭمىكىن؟

يامغۇر بوپ چۈشىدۇ ھىجران ياشلىرىڭ—
كۆكسۈمگە، كېتىدۇ پارغا ئايلىنىپ.
دىلبىرىم، كۆزۈڭنى نېچۈن ياشلىدىڭ،
دىشۋارلىق يەتتىمۇ مەندىن ئايرىلىپ؟

كۈتىمەن قۇياشنى ھەر كۈنى سەھەر،
ئۇ كۈلسە ئەسلەيمەن كۈلۈشلىرىڭنى.
نۇر قىزى ياقسا لەۋ لەۋلىرىم تىترەر،
ئەسلەپ، يار، شۇ ئوتلۇق سۆيۈشلىرىڭنى.

بىلمىدىم، نە قىسمەت ئايرىدى بىزنى،
دىلبىرىم، كەتتىڭسەن كۆككە-ئەرشكە.
سامادىن ئىزدەيمەن گۈزەللىكىڭنى،
تەلمۈرۈپ ئۈمىدتە كۈندۈزى-كەچتە.

ئەزىزى

## مۇھەببەت

1

ئايلار ئۆتىدۇ،
يىللار ئۆتىدۇ.
بوسۇغاڭنىڭ تۈۋىدە،
سېنى شۇنداق بەخت كۈتىدۇ.
بىر تانىسدا كۆزۈڭ چۈشىدۇ
سۇمبۇل چاچلىق،
شەھلا كۆزلۈك گۈزەلگە.
كىم بىلىدۇ بەلكىم،
ئۇمۇ سېنى سۆيۈپ قالىدۇ،
تىكىلىپ ساڭا قاراپ قالىدۇ،
شۇ قاراشتا بەرگەندەك بەلگە.
بەزىلەر دەيدۇ:
«كىرگۈلۈك ئەمەس
كۆڭۈل دېگەن ساراڭ كەينىگە.
ھەر بالاغا سالىدۇ سېنى،
قويۇپ بەرسەڭ ئۇنى مەيلىگە.»
يەنە كىملەردۇر
ئۆزى بىلگەنچە ھەر نېمە دەيدۇ،
پەقەت بىرلا گەپ:
ھەر كىم بېشىغا كەلمىسە بىلمەيدۇ.

شۇندىن باشلاپ
سېنىڭ قەلبىڭ قىزغا چېگىلىپ،
قىزنىڭ قەلبى ساڭا چېگىلىپ،
بىر-بىرىڭدىن ئايرىلالمايسەن،
بىر كۈن گويا يىلدەك بىلىنىپ.
مۇھەببىتىڭ
خۇددى باراقسان باغ بولىدۇ.
ۋەدە گۈللىرى ياشناپ، ئېچىلىپ،
ئارزۇ پۇراقلىرىغا تولىدۇ.
ياز ئەمەس، ھەتتا قىشتىمۇ،
بەخت بۇلبۇللىرى خەندان ئۇرىدۇ.

2

ئايلار ئۆتەر
يىللار ئۆتەر...
بوسۇغاڭنىڭ تۈۋىدە،
سېنى شۇنداق قىسمەتلەر كۈتەر:
سەن ئۇنى ھەر كۈنى
ئۆستەڭ بويىدىكى قېرى سۆگەتنىڭ —
تۈۋىدە ساقلايسەن.
مىنۇت كېچىكسە،
كېچىكتىڭ دەپ بۇتنايسەن.
كۈنلەردىن بىر كۈن
شۇ بۇتناشتىن ئىش تېرىلىدۇ.
سەن بىرنى دەيسەن، ئۇ بىرنى دەيدۇ،
بوش كەلگۈسى كەلمەس ھېچكىمنىڭ
ئاخىرى
چىدام قاچىسى يېرىلىدۇ.
ئۆزۈڭگە بىلىنمەس
ئاشۇ چاغدا نېمە دېگىنىڭ.
كېتىپ قالار،
كېتىپ قالار ياش تۆكۈپ
سۇمبۇل چاچلىق گۈزىلىڭ.
ئۇنى دەيسەن،
بۇنى دەيسەن،
ئورنىغا چۈشمەس داغلانغان يۈرەك.
شۇنداق باشلىنىدۇ
ئىككى يۈرەكتە ئىككى خىل كۆيۈك.
مۇھەببەت،
ئەنە شۇنداق زىل بولىدۇ.
ئېچىلغاندا باراقسان بىر گۈل،
گېزى كەلسە گويا قىل بولىدۇ.

ئۇنى بىخلاتقان،
ياشناتقان،
يوقاتقانمۇ تىل بولىدۇ.
شۇڭا كونىلار دەيدۇ:
«سۆيدۈرگەنمۇ تىل.
بەزدۈرگەنمۇ تىل.»

3

شۇنداق بولىدۇ،
بوسۇغاڭنىڭ تۈۋىدە
سېنى ھەر خىل قىسمەت كۈتىدۇ:
ئىشىكىڭنىڭ ئالدىدىن بىر چاغ،
سۇمبۇل چاچلىق شۇ گۈزەل
بالا كۆتۈرۈپ ئۆتىدۇ.
سەن بىلىسەن،
ئۇ بالىنىڭ دادىسى باشقا.
سەنمۇ بالىلىق بولىسەن،
ئۇ بالىنىڭ ئانىسى باشقا.
يەنە بىر چاغلاردا
تار كوچىنىڭ بىر بېشىدىن ئۇ كېلىدۇ،
بىر بېشىدىن سەن كېلىسەن،
كېلىپ قالغاندەك گوياكى قەستەن.
سەنمۇ
يەرگە قاراپ ئۆتۈپ كېتىسەن
ئىچىڭدىلا پىچىرلاپ شۇنى:
«سۆيگەنىدىم،
بىر چاغلاردا مەن ئۇنى.»
ئۇمۇ ئۆتۈپ كېتەر
ئۆز - ئۆزىگە شىۋىرلاپ شۇنى:
«سۆيگەنىدى، بىر چاغلاردا ئۇ مېنى.»

ئابدۇرېھىم زۇنۇن

## قىزلار

قىزلار - قىزلار، چېھرى نۇرلۇق ئاي قىزلار،
ئۈمىد، ئىشەنچ، ئارزۇلارغا باي قىزلار.
بەسلىشىڭلار زاۋۇت، ئېتىز، مەكتەپتە...
ئىش سۈرئىتى گويا دۇلدۇل — تاي قىزلار.

مېھرى ئىللىق، قەلبى ئاپتاپ - نۇر قىزلار،
چۈشتى كۆڭۈل ئېتىزىمغا كۆپ ئىزلار.
ئىجادىمنىڭ سىلەر ئىلھام مەنبەسى،
دىل تارىمغا زەخمەك ئۇرغان ھۆر قىزلار...

كار قىلالماس ماڭا خەتەر - توسقۇنلار،
بولغاچ سىلەر ھەمدەم ھەمراھ — يار، قىزلار.
ئورۇندايمەن، دىلدا ھامان شەرتىڭلار،
تاغدەك ئىشەنچ، قارار — ئەھدىم بار، قىزلار.

## كۆڭۈل

ياخشى كۆڭۈل بىر ئالتۇن چىنە،
ساپلىقىغا يەتمەس ھېچ نېمە.
سۇنسا تۆھمەت تاشلىرى بىلەن،
قاداتساڭمۇ قالغاي دەز يەنە.

ئابدۇلئەھەد قادىرى

## پەرۋانىنى ئاشىق دېمەڭلار

پەرۋانىنى «نۇرنىڭ ئاشىقى» —
دېدى كۆپلەر، ئۇنى ماختىدى.
تىرەن ئويلاپ باقسام بۇ باھا
نېمىشقىدۇر ماڭا ياقمىدى.

بىلىپ تۇرۇپ ئوتقا ئۆزىنى
ئۇرغانلىقى مەيلى ماختىسا.
ئاشىق ئۈچۈن «كۆيۈش» بەدىلى
مەيلى قانچە قىممەت توختىسا.

ئوتتا كۆيەر پەرۋانە بىراق
كۆل بولۇشمۇ مەقسەت - مۇرادى؟
«پاژ...» قىلىپلا كۆيگىنى ئۇنىڭ
شادلىقىمۇ ياكى پەريادى؟

ئاشىق دېگەن مامات پەيتىدە
ئۈن - تىنسىزلا كېچەمدۇ جاندىن؟
نۇرغا ئاشىق بولسا كۈندۈزى
ياتامدۇ ئۇ چىقماي پىنھاندىن؟

دېمەكچىمەن پەرۋانە دېگەن
نۇرغا ئامراق پەقەت تۈندىلا.
يالقۇن ئارا قۇچسا نۇر - ۋىسال،
ئاشىقلىقتا لايىق شۇندىلا.

پەرۋانىنى «ئاشىق» دېمەڭلار،
پەيلى ئۇنىڭ ئاشىقلارغا يات.
سۆيگۈ ئەمەس بىردەملىك ھەۋەس،
ۋىسال ئۈچۈن قىممەتتۇر ھايات!

## سۆيگۈ لەززىتى

گۈلگە قونغان كەبى كېپىنەك،
بال ھەرىسى يىغقاندەك ھەسەل،
رېتىمىدىن ئازىدۇ يۈرەك
شېرىن لەززەت ئىچرە بىر مەھەل.

لەۋ جامىدىن سۈمۈرگەندە مەي،
ئىككى ۋۇجۇد ئېرىيدۇ شامدەك.
ئۆتۈشكەندە زەرەت ئۈزۈلمەي،
سۈزۈلىدۇ چېھرىلەر تاڭدەك.

شۇ لەززەتنى سۆيگەن بىلىدۇ،
ۋىسال ئۈچۈن كۆيگەن بىلىدۇ.
نېمە ئىكەن بۇندىكى ھېكمەت،
مېنىڭمۇ بىر بىلگۈم كېلىدۇ...

سالامەت ئۆمەر

## قەلبىمنى نۇر دەرياسىغا كۆمىدۇ

قارايغان دەرەخزار پىنھان تۈيغۇدا،
ئىز سېلىپ يېتىپتۇ شەبنەم نۇرسىمان.
ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ بوغۇلىدۇ بۇلاقلار،
مۇڭ بىلەن تىكىلگەن كۆزى ئاي تامان.

مەن بارىمەن گىرەلىشىپ نۇر بىلەن،
قەلبىمدە بىر ئۈمىد ئويناپ كۈلىدۇ.
نۇرلار مەۋجى نەقىش چېكىپ ئاسمان،
قەلبىمنى نۇر دەرياسىغا كۆمىدۇ.

## ئاي ئىزدەيدۇ

گىرە سالدى ئۇپۇق قۇياش بويىنىغا،
قۇياش سۆيدى لالە رەڭلىك يۈزىنى.
خىجىل بولۇپ ئالغاندا تاغ قوينىغا
يۇمدى ئۇپۇق خۇمارلاشقان كۆزىنى.

ئاي ئىزدىدۇ تاپماق بولۇپ يىراقتا
يوشۇرۇنغان شۇ قۇياشنىڭ ئىزىنى.
ئۇ خەۋەرسىز، تېخى قۇياش بايىلا
سۆيۈپ قاچقان ئىدى ئۇپۇق يۈزىنى.

## مەن ناخشا خۇمارى ...

مەن ناخشا خۇمارى، ناخشىغا خۇشتار،
ناخشىغا يۇرىكىم، جىسمىم چىتىلغان.
ناخشىغا ھىجران ھەم ۋىسال كۈيىنىڭ،
ئاھ، مۇڭلۇق ھېسلىرى، مېھرى قېتىلغان.
ناخشامدا بار شادلىق، ھەم بار مۇھەببەت،
ناخشامدا بار ھەسرەت، سۆيگۈ ھېسلىرى.
ناخشامدا چاقنايدۇ ياش باھارىمنىڭ
گۈللەرگە پۈركىنىپ ياتقان ئىزلىرى.

ئايگۈل ھەمدۇللا

## لەۋلەر

سېنى ئىزدەپ تەلمۈرەر لەۋلەر،
ساڭا شېرىن بال يىغار لەۋلەر.
ئۇتلۇق سۆيگۈ تەپتىدىن يېنىپ،
گۈلخان بولۇپ ئۆلغىيار لەۋلەر.

كەل، ئامرىقىم، شۇ ئوتلۇق لەۋلەر
كۈلەلمەيدۇ سۆيگۈسىز تەنھا.
سۆيگۈن ئۇنى پاك سۆيگۈڭ بىلەن،
مۇھەببەتسىز پۈتمىگەن دۇنيا.

## سېنى كۈرگەندە

كەتمەيسەن بىرەر دەم ئېسىمدىن نېرى،
گاھىدا ئىنتىزارلىق قىينايدۇ قەۋەت.
ۋەسلىڭگە تەلمۈرگەن شۇ مىنۇتلىرىم
قىلالماس يەنە كۆپ كۈتۈشكە تاقەت.

شۇ ھالدا قەلبىمدە مىڭلاپ، تۈمەن سۆز
تىزىلار چىرايلىق ئۈنچىدەك گويا.
قەلبىمدە سۆيگۈنىڭ ئالىلىق ھېسلىرى
دولقۇنلاپ ئۆلغىيار بولۇپ بىر دەريا.

ۋە لېكىن، تىلىكىم بولغاندا بىجا،
دۇدۇقلاپ بۇ تىلىم كەلمەيدۇ سۆزگە.
يۈرەكتە ساقلىغان نى شېرىن ئىستەك
ھەممىسى غايىبتۇر سېنى كۆرگەندە.

www.uyghurkitap.com



تۇرداخۇن ئېركىنباي (تاجىك)

## پادىچى لېۋىدە ئوينايدۇ كۈلكە

ئۇپۇقتىن پارلىغان قۇياش بىلەن تەڭ،
كېتىدۇ قوتازلار ئوتلاققا تاراپ.
پادىچى لېۋىدە ئوينايدۇ كۈلكە،
پادىسى يېيىلغان ئوتلاققا قاراپ.

ئارچىلىق چوققىدا سايرىسا ئۇلاي،
شادلىقتىن، غەلبىدىن بېرىدۇ دېرەك.
تەڭكەش قىپ تاجىكلار سۆڭەك نېيىنى،
يېقىملىق ئاھاڭدا ئوقۇيدۇ پىيلەك①.

## قاتار - قاتار بۇلاقلار

تاغ تۆۋىدە قاتار - قاتار بۇلاقلار،
ھەممىسىگە ئاشىق ئىكەن تولۇن ئاي.
ئاي كېچىدە ئېتىپ ئۆزىنى سامادىن،
سۆيەر ئىكەن ھەر بۇلاقنى قالدۇرماي.

بىر - بىرىگە تۇتىشىدۇ ئېقىنى،
ئۇچرىشىدۇ گۈل - چېچەكلەر تۆۋىدە.
سىڭىپ ئۇلار گۈل - گىياھلار تېنىگە،
ئابى - زەمزەم تەقدىم ئېتەر لېۋىدە.

سۆيدۇم مەنمۇ بۇلاقلارنى ئېگىلىپ،
ئايمۇ ماڭا كۈلگەن كەبى قاردى.
يۈرىكىمگە بېرىپ ئارام شۇ مىنۇت،
مۇھەببەتنىڭ دولقۇنلىرى تاردى.

ئابدۇرېھىم نەۋرۇز (تاجىك)

## مەن تاجىك ئوغلى

مەن تاجىك بالىسى، تاجىك ئوغلىمەن،
زەرەپشان بويىدا، پامىردا ئۆسكەن.
نۇر ئېمىپ يۇرتۇمنىڭ زەر قۇياشىدىن،
تاغلارنىڭ قوينىدا يېتىلىپ ئۆسكەن.

مەن تاجىك بالىسى، تاجىك ئوغلىمەن،
مىللىتىم غۇرۇرى قەلبىمگە سىڭگەن.
يۇرتۇمنى گۈللەش ھەم قوغداش ئارزۇسى
قەلبىمگە بىر ئۇلۇغ ئېقىم بوپ كىرگەن.

مەن تاجىك بالىسى، تاجىك ئوغلىمەن،
كۆكتىكى بۈركۈتتەك قىلىمەن جەۋلان.
مىسالى، مەن گويا ياپپېشىل قارىغاي،
ئانا يەر مېھرىدىن كۈچ - قۇۋۋەت ئالغان.

## تاغ بىلەن دەريا

تاغ بىلەن دەريا
ئاشىقمىكىن تاڭ.
سۆيگۈلىرىدىن
ياساركەن ئاھاڭ.

دەريا ھەر مىنۇت
تاغنى سۆيەركەن.
ئاشۇ سۆيگۈدىن
تاغمۇ كۈلەركەن.

① پىيلەك — تاجىكچە مۇقام.



# ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر

(ئەدەبىي ئاخبارات)

مىڭچېبى (موڭغۇل)
لولولو

## 1. پاكىتلارنىڭ قىستىشى

جۇڭگو، چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ شىنجاڭ تارىخى ھەققىدىكى ئەسەرلىرىنى ئوقۇغاندا، ئۇيغۇرلار ئېسىل مىللەت دېگەن خۇلاسىگە كېلىشىمىز تەبىئىي. شىنجاڭدا يۈز بەرگەن بەزى تارىخىي ھادىسىلەر گويا تېپىشماققا ئوخشايدۇ. مەسىلەن:

قەدىمكى زاماندا بۇ زېمىندا ھونلار، چوڭ ياۋچىلار، ساكلار، ئېفتالىتلار، چاگىلار، تۈبۈتلەر، تۈركلەر، سيانپىيلار، قىتانلار، جۇرجانلار، موڭغۇللار ياشىغان. بۇ مىللەتلەرنىڭ بەزىسى ئۆز دەۋرىدە كارامەت زورىيىپ، قۇدرەت تېپىپ، جاھاننى سورىغان، لېكىن ھازىرقى كۈندە بولسا، بەزىسى كىچىكلەپ، ئاجىزلاپ كەتتى، بەزىسى تارىخ سەھنىسىدىن پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتتى. ئۇيغۇرلار بولسا، تارىختىكى بوران-چاپقۇندا راۋاج تېپىپ، زورىيىپ، شىنجاڭنىڭ ئاساسىي مىللىتىگە ئايلاندى. بۇنىڭ سىرى نېمە؟

بۇرۇنقى قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئۆز دەۋرىدە تۇرپاندىلا سوغدى يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى، سۇرىيە يېزىقى، سانسكرىت يېزىقى، پارس يېزىقى، تۈرك يېزىقى ۋە تاڭغۇت يېزىقى بىلەن بۇددا دىنىغا، مانى دىنىغا، نېستورىيان دىنىغا،

www.uyghurkitap.com



مەجۇسى دىنىغا ئائىت دىنىي كىتابلارنى تاش مەتبەئەدە نەشىر قىلالىغان. بۇنداق ئەھۋال ئۆز زامانىسىدا دۇنيادا كەم ئۇچراپتىكەن. بۇنىڭ سىرى نېمە؟

بىرەر دەۋرنىڭ مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان كاتتا مەدەنىيەت ئەربابلىرى يوق مىللەتنى ئىنتايىن مەدەنىيەتلىك مىللەت، دەپ ئاتىماق تەس. شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئىچىدە ئۇيغۇر مىللىتىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى دېگەن ئىككى نەپەر كاتتا مەدەنىيەت ئەربابى چىققان. بۇنىڭ سىرى نېمە؟

ئۇيغۇرلار ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ شامان دىنىغا، مانى دىنىغا، مەجۇسى دىنىغا، بۇددا دىنىغا، ئاخىرىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. دۇنيادا دىن ـ ئەقىدىنى شۇنداق كۆپ تاللىغان مىللەت تولىمۇ ئاز تېپىلىدۇ. بۇنىڭ سىرى نېمە؟

ئۇيغۇرلار شىمالىي موڭغۇل قۇملۇقىدا ياشىغان چاغلىرىدا سان جەھەتتىن ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. كېيىن ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ كۆچۈپ، تېخىمۇ چېچىلىپ كەتتى، ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەيلا تارىمدىكى بىر مۇنچە قەبىلە ـ ئەللەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلدى. كېيىنكى ئۇزۇن تارىخىي جەرياندا خېلى كۆپ خەنزۇنى، موڭغۇلنى، قىتانلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلدى. شۇنداق زور ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئىقتىدارىدىكى سىر نېمە؟

ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تارىختىن قالغان ئېغىز ئەدەبىياتى بار، لېكىن ئۆز ئالدىغا سىستېما ھاسىل قىلالايدىغان نۇرغۇن ئەدەبىي مىراسى بار مىللەت پەقەت بىرلا ئۇيغۇر مىللىتى. بۇنىڭدىكى سىر نېمە؟

......

مەن ئەنە شۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە بىر ئۇيغۇر بۇرادىرىمدىن ئەقىل سورىدىم. ئۇ ئالىي مەكتەپنىڭ پروفېسسورى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى، ئوتتۇرا ئەسىردە فارابى ۋەكىللىكىدىكى ئىسلام ـ ئەرەب مەدەنىيىتىنى پىششىق بىلەتتى، خەنزۇلارنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىغا بەكمۇ قىزىقاتتى، ھازىرقى زامان دۇنياۋى پەلسەپە ئېقىملىرىدىنمۇ كەڭ مەلۇماتلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئېستېتىكا، مۇزىكا، ئۇسسۇل ۋە تارىخ قاتارلىق ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ خىل ئەسەرلىرى بار. ئۇ چۈي يۈەننىڭ «توققۇز نەزمە» ناملىق شېئىرلىرىنىمۇ تەرجىمە قىلغان. ئۇ ھەقىقىي بىلىملىك، ئۆتكۈر نەزەرلىك ئالىم. ئۇ ئارىلاشما مەدەنىيەت نەزەرىيىسىنى تەرغىب قىلغانلىقى، شېئىرلىرىدا دىنغا نىسبەتەن بەزى قاراشلىرىنى ئىپادىلەپ قويغانلىقى، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەيىبلىرىنى ئەگىتىپ تەنقىد قىلغانلىقى ئۈچۈن، دائىم يېتىم ھالەتكە چۈشۈپ، چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ قالىدىكەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

— بۇ سىرلارنى، ھازىرقى زامان تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئېچىۋېتىش، قوبۇل قىلىش، دەپ يېشىش مۇمكىن. شىنجاڭنىڭ ئۈچ تەرىپى ئېگىز تاغ. ئومۇمەن قارىغاندا، ئۇ تەبىئىي مۇھىتى جەھەتتىن بېكىك ھالەتتە تۇرىدۇ. شۇنىڭغا تەشەككۈر ئېيتىمىزكى، قەدىمكى زاماندىكى ئاتلىق مىللەتلەر ۋە سودىگەرلەر تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپ،

بىپايان چۆللەرنى كېزىپ، خەلقئارا كارۋان يوللىرىنى ئېچىپ، دۇنيانىڭ شەرقى بىلەن غەربىنى تۇتاشتۇرغان. يۇنان، رۇم مەدەنىيىتى، ئىران - ئەجەم مەدەنىيىتى، ئىسلام - ئەرەب مەدەنىيىتى بۇ يەرگە توپلانغان. مانا مۇشۇنداق مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تەرەپ - تەرەپكە يول ئاچىدىغان ئېچىۋېتىش روھىغا ۋە ئەتراپلىق قوبۇل قىلىش غەيرىتىگە ئىگە بولۇشى تەبىئىي. تەرەپ - تەرەپكە يول ئاچقاندىلا روناق تاپقىلى، تەرەققىي قىلغىلى بولىدۇ. بۇمۇ هازىرقى كۈندە دۇنياغا يۈز كېڭەيتىۋاتقان نەزەرىيىگە، تېرمودىنامىكىنىڭ 2 - قانۇنىيىتى بويىچە بارلىققا كەلگەن ئېنتروپىيە نەزەرىيىسىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. تاشقى دۇنيادىن داۋاملىق هالدا قۇۋۋەت-مەدەت ئېلىپ ئۆزىنى تولۇقلاپ تۇرغاندا، يىلتىزسىز گىياھقا ئوخشاش هالەتكە چۈشۈپ قالمايدۇ. ئەرەبلەرنىڭ بىر ئالىمى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسىنى مۇنداق بىر ئوبرازلىق ئوخشىتىش بىلەن سۈپەتلىگەن: ئۇ گويا تۆت تېمىنىڭ ھەممىسىدىن دېرىزە ئېچىلغان ئۆيگە، گۈللەرنىڭ رەڭ، پۇراق تۈرلىرىنى ئايرىپمۇ تۇرمايلا شىرنە يىغىدىغان ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشايدۇ.

پروفېسسورىمىز مەدەنىي مىراسلارنى تەكىيە قىلىپ ئۇخلايدىغان ئادەملەرگە ئوخشىمايدۇ. مېنىڭ ماختاپ ئېيتقان گەپلىرىم ئۇنى مەمنۇن قىلالمىدى، ئەكسىچە، ئۇنىڭ چىرايى تۇتۇلدى.

— ئۇيغۇرلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنىڭ، — دېدى ئۇ گەپكە كىرىشىپ، — تارىختىكى ئەڭ پارلاق نەتىجىسى قاراخانىلار سۇلتانلىقىنىڭ ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن، دېڭىز - ئوكيان قاتنىشى راۋاجلانغانلىقتىن، شىنجاڭنى ئارىلاپ ماڭىدىغان خەلقئارا سودا كارۋان يوللىرى بىكار بولۇپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار شۇ كونا-يىپەك يولىدا جاپاغا چىداپ قاتناپ يۈرۈپ، كەڭ دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. يېقىنقى نەچچە ئون يىل مابەينىدە، ئاۋۋال ئەرەب دۇنياسى تەرەپكە بارىدىغان يوللار بېكىلدى، ئاندىن كېيىن جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى قۇرۇقلۇ-قىغا بارىدىغان يوللار بېكىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە بارىدىغان يوللار بېكىلدى، پۈتۈن مەملىكەتتىمۇ مەملىكەت دەرۋازىلىرىنى قۇلۇپلاش سىياسىتى يولغا قويۇلدى. شىنجاڭ بىر - ئىككى يىل ئەمەس، يىگىرمە - ئوتتۇز يىل بېكىك هالەتتە قالدى. قەدىمكى زاماندىكى ئېچىۋېتىش مۇھىتى ئېچىۋېتىش روھىنى يېتىشتۈر-گەن بولسا، هازىرقى بېكىك مۇھىت بېكىكلىكنى پەيدا قىلىپ قويدى. ئەپسۇسكى، بىز ئىجتىمائىي هادىسىلەرنى بىرلا سىياسىي نۇقتىدىن كۆزىتىشكە بېرىلىپ كەتتۇق. جەمئىيەت كۆپ تەرەپلىمە، قاتلاممۇ - قاتلام ئىكەن، ئۇنىڭغا بىرلا نۇقتىدىن قارىغاندا، چالا بولۇپ قېلىشى مۇقەررەر. بىر قانچە نۇقتىدىن — سوتسىيالوگىيە، پسىخولوگىيە، جۇغراپىيە قاتارلىق جەھەتلەردىن قارىلىدىغان بولسا، بىر مۇنچە مەسىلە تېپىش مۇمكىن.

بۇرادىم ئۈستىلىدىن بىر پارچە سالام خەتنى ئېلىپ، ماڭا تەرجىمە قىلىپ بەردى. ئۇنىڭ ئىچكى ئۆلكىدىكى ئالىي مەكتەپتە بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان ئوقۇغۇچىسى ئۆز خېتىدە مۇنداق يازغان:

ھۆرمەتلىك ئۇستازىم، سالام!

بېيجىڭغا كەلگىنىمگە يېرىم يىل بولاي دەپ قالدى. بۇ يەردە تەرەپ - تەرەپتىن كېلىۋاتقان خەۋەرلەر ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلغانلىقتىن، كۆزۈم ئېچىلىشقا، نەزەر دائىرەم كېڭىيىشكە باشلاۋاتىدۇ. سېلىشتۇرغاندا پەرقلەنگىلى بولىدۇ، بۇ ئادەتتىكى بىر ھەقىقەت. تېخىمۇ يۇقىرى پەللىدە سېلىشتۇرۇپ كۆرگىلى بولىدىغان نەرسىلەر كۆز ئالدىمدا تۇرغاچقا، ئىلگىرى شىنجاڭدا تېگىگە يېتەلمىگەن بىرمۇنچە ئىشلار چۈشىنىشلىك بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. مەن ئۆز مىللىتىمنى قەدىرلەيمەن، بىزنىڭ مىللىتىمىز ئوتتۇرا ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ناھايىتى يۇقىرى مەدەنىيەتكە ئىگە بولغانىكەن.

ئىلاۋە: ئىرانلىق يازغۇچى جۇۋەينى XII ئەسىردە پۈتتۈرگەن «جاھانگوشاي» («دۇنيا ئىستىلاچىسى») دېگەن ئەسىرىنىڭ كىرىش سۆزىدە: «ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ يازما ھۆججەتلىرىنى، بىلىملىرىنى مەدەنىيەتنىڭ يۇقىرى پەللىسى دەپ قارىغانىدى.» دەپ يازغان. مەرىپەت بىلەن مەدەنىيەت تۈركىي تىلدا ئوخشاش بولغاچقا، بەزىلەر مەدەنىيەت بىلەن مەرىپەتنى ئايرىش يۈزىسىدىن، مەرىپەتنىڭ ئورنىغا ئىنگلىزچە civiligtion دېگەن سۆزنى قوللانغان. كېيىن civiligtion دېگەن سۆزنىڭ ئورنىنى «ئۇيغۇرلار» دېگەن سۆز ئېلىپ، ئۇيغۇر دېگەن سۆز تۈركىي تىلدا مەرىپەتنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت - مەرىپەت جەھەتتە ئوتتۇرا ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە قانداق چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغانلىقىنى ئەنە شۇنىڭدىنمۇ بىلگىلى بولىدۇ.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان مىللىتىمىزنىڭ ئىلگىرىلەش قەدىمى تېز بولۇۋاتامدۇ ياكى ئاستىمۇ؟ بىزنىڭ خەنزۇ خەلقى بىلەن بولغان ئەمەلىي پەرقىمىز ئازىيىۋاتامدۇ ياكى كۆپىيىۋاتامدۇ؟ بۇ مەسىلەلەر يېقىندىن بۇيان مېڭەمگە كىرىۋالدى. بۇ مەسىلەلەردە بىر خۇلاسىگە كېلىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم، لېكىن تۆۋەندىكىدەك ئەمەلىيەتلەر ھەقىقەتەن كىشىنى قايغۇرتىدۇ:

1. 50 - يىللاردا بىزدىن تېيىپجان، زۇنۇن قادىر، ئابدۇكېرىم خوجا چىققانىدى. كېيىنكى چاغلاردا بولسا بىزدە تىبەتلىك زاشىداۋاغا، قازاق ئەكبەرگە ئوخشاش پۈتۈن مەملىكەتكە مەشھۇر شائىر، يازغۇچى چىققىنى يوق.

2. بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» دەيدىغان داڭقى بار ئىدى. 50 - يىللاردا بىزنىڭ ناخشا - ئۇسسۇللىرىمىز ھەقىقەتەن پۈتۈن مەملىكەتكە پۇر كەتكەنىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىر ئىزدا توختاپ قالدۇق. مەملىكەتلىك مۇسابىقىدە ئاران بىر قېتىم 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپتۇق.

3. ئىچكى موڭغۇل، تىبەت ۋە نىڭشيا رايونلىرىنىڭ چوڭ - چوڭ تىياتىرلىرى بېيجىڭغا ئاپىرىپ ئوينالدى، شىنجاڭنىڭ يوق.

4. شىنجاڭ داشۆىنىڭ قۇرۇلغىنىغا يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت بولدى، لېكىن «ئۇلۇغ بېرىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيىسى» گە ئىچكى موڭغۇل داشۆسى بىلەن يۈننەن داشۆسى كىرەلىگەندۇ، شىنجاڭ داشۆسى كىرەلمىگەن.

5. بىز يىپەك يولى ئۈستىدە ياشاپ كېلىۋاتىمىز، لېكىن تاكى ھازىرغىچە بىزدىن يىپەك يولىغا دائىر چوڭراق ئەسەر چىققىنى يوق.

......

يەنە بىردۇنچە مىسال كەلتۈرۈشۈم مۇمكىن، مۇشۇنداق ھادىسىلەر ئىچىمىزنى ئۆرتىمەمدۇ؟ ئۇستازىم، بۇ ھادىسىلەر ئۈستىدە سىزمۇ باش قاتۇرۇپ باققانسىز، ئېھتىمال، ئاللىقاچان جاۋاب تاپتىڭىز. ئەقىل كۆرسىتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

پروفېسسور بۇرادىرىم بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن سۆزلىدى:

— بۇ ياش ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىنىپ يۈرگىنىمگە بىرقانچە يىل بولۇپ قالدى. مىللىتىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، خەتتە يېزىلغان ھادىسىلەرنى ئېتىراپ قىلىش تولىمۇ ئازابلىق ئىش، لېكىن ئۇلار پاكىت، پاكىتنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇ. بۇ پاكىتلار نۇرغۇن ئادەمنىڭ يۈرىكىگە تەگمەكتە، تەسىر قىلماقتا، ئۇلارنى ئويلاپ كۆرۈشكە مەجبۇر قىلماقتا. ئىلىم پوزىتسىيىدە راستچىل بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. مىللىتىمىزنىڭ تارىخىي ئەنئەنىلىرى كېيىنكى چاغلاردا راست گەپنى قىلغاندا، ئوبدان جارى بولالمىدى. ئېچۈۋېتىش روھىمىز ناچار بولدى، كەڭ جەلپ قىلىش روھىمىز ئاجىز بولدى. سىز ئاخبارات خادىمى، بۇ جەھەتلەردە سىزدە مەلۇمات بولۇشى چوقۇم. لېكىن ئۇ مەسئۇلىيەت بىزدە ئەمەس، ئۇنى چېكىدىن ئاشقان «سول» چىللىق لۇشيەنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

— چېكىدىن ئاشقان «سول» چىللىق لۇشيەنى تۈزىتىلدىمۇ؟

— شۇنداق، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنى تۈزەتتى، شۇنى نەزەردە تۇتۇمىزكى، چېكىدىن ئاشقان «سول» چىللىق لۇشيەنى ماكان جەھەتتىن پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىغان، زامان جەھەتتىن بولسا، 1957 - يىلدىكى كۆرەشتىن — يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۆرەشتىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، 20 يىل داۋام قىلدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا بولسا، «سول» چىللىق ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقتى. شۇ خاتا سىياسىي ھەرىكەتلەر ئەمەلىي تۈرمۇشتا تۈزىتىلدى، لېكىن ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ يۈرىكىدە يىللاپ - يىلاپ قالدۇرغان تەسىرىنى بىر - ئىككى كۈندە تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. شۇ تەسىراتلار ۋاقتى - ۋاقتى - مەزگىللىك پىشىپ يەتكەندە ئېچىپ، يېڭى سۈپەتتە باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، باشقا بىر تەرەپتىن كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشى مۇمكىن. ئۇيغۇر خەلقىدە كېيىنكى يىللاردا پەيدا بولغان قېيىداش روھىي ھالىتىنى ئەنە شۇ چېكىدىن ئاشقان «سول» چىللىق لۇشيەنىنىڭ مىللىتىمىزدە قالدۇرغان ئىللەتلىرى دېمەي مۇمكىن ئەمەس. بۇ جەھەتتە ئەمەلىي تۇرمۇشتىن كۆزىتىپ كۆرسىڭىز ئىكەن.

## 2. قىيىنداش روھىي ھالىتى

پروفېسسور ئالدىمغا قويغان مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، بىرمۇنچە ئادەم بىلەن پاراڭلاشتىم، بىرمۇنچە ئەھۋال بىلەن تونۇشتۇم. بىرەر خاتا سىياسىي ھەرىكەتنىڭ كىشىلەرنىڭ دىلىنى رەنجىتكەندىن كېيىن قانداق قىيىنداش روھىي ھالەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. تارىخىي بىمەنىلىك تولا چاغلاردا باشقا بىر بىمەنىلىكنىڭ جازالىشىغا ئۇچرايدىكەن. بىرىنچى ئاچچىق دەردنى يۇتقان ئادەم ئىككىنچى ئاچچىق دەردنى يۇتۇشقا مەجبۇر بولىدىكەن. بىرىنچىسىنى ئائىلاج مەجبۇرىي يۇتقان بولسا، ئىككىنچىسىنى ئۆز رايى بىلەن يۇتىدىكەن. ئەنە شۇنداق قىيىنداش ھېسسىياتنىڭ يوشۇرۇن ئېقىمى دەسلەپ شۇنداق مەۋج ئۇرۇپ، كۈچلۈك ئۆركەشلەيدىكى، ھەتتا ئىجتىمائىي ئورنى خېلى يۇقىرى، يىراققا كۆزى يېتىدىغان ئادەملەرمۇ، پەم - پاراسەتلىك ئۆتكۈر، ئېغىر - بېسىق ئادەملەرمۇ ئۇنىڭغا تارتىلماي قالمايدىكەن. ئەنە شۇنداق پەيتتە يۈرەكتىكى دولقۇننىڭ پەس كويىغا چۈشۈشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈشكە مەجبۇر بولىدىكەنسىز. ئەگەر كىمكى يەڭلىرىنى شۈمەيلەپ، قوللىرىنى ئويىنتىپ، چوقان كۆتۈرۈپ، دولقۇنغا قارشى ھەرىكەت قىلىدىكەن، كۈتكەن ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە ئاقىۋەتكە قېلىشى تۇرغان گەپ. بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا بەزى ئۇيغۇر مۇتەخەسسىسلەردىن ئەقىل سورىسام، ئۇلار بىر بولسا، ئەمەلىي مەسىلىلەردىن ئۆزلىرىنى قاچۇراتتى، بىر بولسا، ئالدى - كەينىگە قاراپراق سۆزلەيتتى، ياكى سوغۇق كۈلۈش بىلەنلا توگەتەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ تەمكىنلىكى، ئېغىر بېسىقلىقى. چۈنكى دولقۇن كۆتۈرۈلۈۋاتقاندا، ئۇلار گەپ - سۆزدە، ھەرىكەتتە ئېھتىياتچان بولۇشقا مەجبۇر ئىدى. بۇ يەردىكى دەردنى شۇنداق دەردنى تارتمىغان ئادەمنىڭ چۈشىنىشى مۇمكىن ئەمەس. چېكىدىن ئاشقان سولچىللىق لۇشيەنىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا بەرگەن زەربىسى ھەر تەرەپلىمە بولغاچقا، ئۇنىڭغا نىسبەتەن يېنىش، قىيىنداشمۇ كۆپ تەرەپلىمە بولماقتا. پاراڭلاشقان ئادەملەردىن قالدۇرغان خاتىرىلىرىم ئاز ئەمەس. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى كىتابخانلار ئالدىغا قويۇشۇم مۇمكىن بولمىغاچقا، بۇ يەردە بىرنەچچە پارچىسىنىلا نەقىل كەلتۈرەي.

خاتىرە — 1:

ئاپتونوم رايونلۇق دىنىي ئىشلار ئىدارىسى ئىسلام دىنىي باشقارمىسىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت تۇرسۇن 30 نەچچە ياشلاردا بار، ئۇنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرىدىن ئۇيغۇرلارغا خاس چېچەنلىك چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇ خەنزۇچىنى راۋان سۆزلەيدىكەن. سوئاللىرىمغا قالدۇرماي جاۋاب بېرىپ ئولتۇردى. نازۇك مەسىلىلەردە گەپنى يوپۇتۇپ ئولتۇرمىدى، ياكى مەنسەپدارلارچە پوچەك گەپلەر بىلەن قۇرۇق ياندۇرىدىغان ئىشنىمۇ قىلمىدى، ناھايىتى سەممىي پاراڭلاشتى، پاراڭ ئارىسىدىكى كۆڭۈللۈك كۈلكىلىرى ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ سەممىيىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ تۇردى.

— سوۋېت ئىتتىپاقىدىن، تۈركىيىدىن كەلگەن مۇھاجىرلىرىمىز دائىم: «شىنى-

جاڭدا قالداق بولۇپ دىن ئەۋج ئېلىپ كەتتى؟» دەپ سورايدۇ. بىز ئۇلارغا مۇنداق جاۋاب بەردۇق: ئەۋج ئېلىپ كېتىشىنىڭ مەنبەسى بار. 50 - يىللاردا توغرا دىنىي سىياسەت يېتەكچىلىكىدە خۇداسىزلىقنى تەشۋىق قىلىش ئەركىنلىكىمۇ، خۇداگۇيلۇقنى تەشۋىق قىلىش ئەركىنلىكىمۇ بار ئىدى. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي ئەربابلار ھۆكۈمەتكە ماسلىشىپ، بىرمۇنچە پايدىلىق ئىشلارنى قىلغان. دىن ئىدېئولوگىيىگە مەنسۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ ئىدىيىۋى كۆز قارىشى. ماركس، لېنىن: دىنغا قوپال مەمۇرىي ۋاستە بىلەن مۇئامىلە قىلغىلى بولمايدۇ، دەپ ئاللىقاچان ئېيتقانىدى. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» دىننى ۋەھشىيلەرچە دەپسەندە قىلدى، نۇرغۇن مەسچىتنى تاقىۋەتتى، تارتىۋالدى؛ ئىسلام ئەھلى ئىززەتلەيدىغان موللىلىرىمىز ئېگىز قالپاق كىيگۈزۈپ سازايى قىلىندى؛ ئۇزۇن ساقال، ئۇزۇن چاپان - يەكتەك موللىلىرىمىزنىڭ ئىززەت - ئابرويى ئىدى، بەزى جايلاردا ئۇلارمۇ قايچىلاپ - قىرقىپ تاشلاندى؛ مۇسۇلمانلارنىڭ نەزەرىدە، قۇرئان ئاللاتائالانىڭ ۋەھيىسى، ئەمرى ئىدى، «ھەدىس» مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىمى ئىدى. ئەنە شۇ مۇقەددەس كىتابلار ئەرەبچە بولۇپ، مەدەنىيەت ئىنقىلابىغىچە كەم تېپىلاتتى، قولدا ئەرەبچە قۇرئاندىن بىرەر نۇسخا بار ئادەم ئۇنى گۆھەردەك قەدىرلەپ ساقلايتتى، لېكىن ئىسيانچى باتۇرلار ئوتقا تاشلاپ تۈگەتتى. بۇ ئەھۋال مۇسۇلمانلارنىڭ يۈرىكىنى يارا قىلماي قالمىدى.

ئېلاۋە: ئادەمنىڭ ھېسسىياتى تاشقىرىدىن كېلىۋاتقان تەسىرگە قارىتا تولىمۇ سەزگۈر بولىدۇ. ئادەم تۈرلۈك - تۈمەن شەيئىنى ئۆزىنىڭ ھېسسىيات ئەگلىكىدىن ئۆتكۈزۈپ، شۇنىڭغا مۇناسىپ جاۋاب قايتۇرىدۇ — خۇشال بولىدۇ، غەزەپلىنىدۇ، مەيۈسلىنىدۇ، ھۇزۇرلىنىدۇ. ياخشىلىققا ياخشىلىق، يامانلىققا يامانلىق ھەر جايدا بار، دېگەن گەپ ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنىڭ ئەكس رولىمۇ بار، دېگەن گەپ. ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنى قەدىرلىمىگەن كىشى شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنى قەدىرلىمىگەن بولىدۇ. ماركس «ئىقتىسادشۇناسلىق - پەلسەپە ئورىگىنالى» ناملىق ئەسىرىدە: «مۇھەببەتنى مۇھەببەت بىلەنلا، ئىشەنچنى ئىشەنچ بىلەنلا ئالماشتۇرۇش مۇمكىن» دەپ يازغانىدى. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئۆز زامانىسىدا شەرققە يۈرۈش قىلىپ، ئىران شاھى دارىئۇس II نى مەغلۇپ قىلغانىدى. ئۇ ئاتلىق لەشكەرلىرىنى باشلاپ، دارىئۇس I نىڭ قەبرىسى يېنىدىن ئۆتكەندە، ئاتتىن چۈشۈپ، قەبرىگە گۈل قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى بىلدۈرگەن. بۇ بۇنىڭدىن 2400 يىل ئىلگىرى نۇسرەت تاپقان پادىشاھنىڭ مەرىپەت ۋە پەزىلىتىنىڭ ئىپادىسى، ئۇ ئارستوتېلنىڭ مۇناسىپ شاگىرتى. ۋەھالەنكى «ماركسىزمنىڭ ھامىيسى» دېيىشىۋالغان «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ۋۇجۇدىدا ئەكسىچە ئەتكەنلىرى بولسا، ئىپتىدائىي ۋەھشىيلىك بولدى. ئۇلار «خەلق»، «ئامما» دېگەن سۆزلەرنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ، لېكىن نەزەرىدە ئادەم بولسا كاشكى. ئۇلار ئادەمنى گويا ئۆز قولىدىكى يىپلارنىڭ ياردىمى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان قورچاق دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى خالىغىنىچە ئاياغ - ئاستى قىلدى، بۈگۈن بۇ بىر توپ ئادەمنى

قاقشاتقان بولسا، ئەتىسى ئۇ بىر توپ ئادەمنى رەنجىتتى. ئۇلار ئۆز ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆكتەملىك قىلىپ، كىشىلەرنىڭ يۈرىكىگە لەنەت-غەزەپ ئۇرۇقىنى چاچتى. بۇنداق غەزەپ مۇبادا چەكلىك دائىرىدىن ھالقىپ، ئومۇمىي تۈس ئالىدىغان بولسا، ئەتە-ئۆگۈن ياكى يوشۇرۇن ھالدا، ياكى توغرىدىن-توغرا ۋە ياكى ئەگرى يوللار بىلەن كۆتۈرۈلۈپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى داۋالغۇتىدىغان كۈچكە ئايلىنىدىغانلىقىنى ئۇلار خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمىدى.

— «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقالغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت دىنىي سىياسەت جەھەتتە مالىمانچىلىقلارنى ئوڭشاپ، تاقىلىپ كەتكەن مەسچىتلەرنى ئېچىپ بەردى، تارتىۋېلىنغانلىرىنى قايتۇرۇپ بەردى، 1 مىليون 800 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، نۇقتىلىق مەسچىتلەرنى رېمونت قىلغۇزدى، قۇرئاننى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە، نەشر قىلدۇرۇپ بەردى. بۇ ئىش پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە بىر يېڭىلىق بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا شۇنىڭغا ئوخشاش كىتابلارنى نەشر قىلىشقا يول قويۇلمىغاچقا، بىزنىڭ ئادەملىرىمىز سوۋېت ئىتتىپاقىغا تۇغقان يوقلاپ بارسا، ئۇ تەرەپتىكى مۇسۇلمانلار ئۇيغۇرچە قۇرئاننى يۇقىرى باھادا سېتىۋېلىش ئارزۇسىنى بىلدۈرگەن. ئۈرۈمچىدە دىنىي شۆيۈەنمۇ قۇرۇلدى. ھۆكۈمەت ھەر يىلى ھەرەمگە ئادەم ئەۋەتىۋاتىدۇ. بۇ ئىشلار چەت ئەللەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەدھىيىلىرىگە ئېرىشمەكتە.

زۇلۇم بار يەردە قارشىلىق بولىدۇ. چېكىدىن ئاشقان سولچىللىق لۇشيەنى دىنغا بىر قانچە يىل زۇلۇم سالغانىدى، ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەنلا دىن ھەۋەسى باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى مەسچىتكە يولىمايدىغان ئادەملەر ناماز ئوقۇيدىغان بولدى. شەھەرلەردىمۇ، يېزىلاردىمۇ مەسچىتلەر ياسالدى، كېڭەيتىلدى، يېڭىدىن سېلىندى. 1958-يىلى 14 مىڭ مەسچىت بار ئىدى، ھازىر 19 مىڭغا يەتتى. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى بۇلتۇر جەنۇبىي شىنجاڭغا ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپ قارىسا، چەت-پايناپ يېزىلاردىمۇ، كۇئېنلۇن تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدىمۇ، ھەتتا تەكلىماكاننىڭ لېۋىدىمۇ مەسچىت بار ئىكەن. چەت-ياقا يەرلەردە يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان چىرايلىق بىنالارنىڭ مەسچىت ئىكەنلىكىنى سورىماي تۇرۇپمۇ بىلگىلى بولىدىكەن. توقسۇن ناھىيىسىنىڭ ناھايىتى پايناپ بىر يېرىدە خەلق سۇنى يەتتە چاقىرىم يەردىن توشۇپ كېلىپ ئىچىدىكەن، لېكىن ئۇلار پۇل يىغىش قىلىپ، ئۆستەڭ چاپماي، مەسچىت سېلىشىپتۇ. مەسچىت سېلىش ئۈچۈن پۇل كېرەك. بۇ ئەمدىلا باياشاد تۇرمۇشقا ئېرىشىۋاتقان دېھقان، چارۋىچىلارغا يۈك ئەمەسمۇ؟! مەسچىت كۆپەيگەنلىكتىن مەدرىسىمۇ كۆپەيمەكتە. تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، دېھقانلار باللىرىنى ئىلىم-بىلىم ۋە پەن-تېخنىكا ئۆگىنىدىغان ئادەتتىكى مەكتەپلەرگە بەرمەي، مەدرىسلەرگە بېرىدىغان بولۇۋالدى، دىندا ئوقۇش ئۈچۈن مۇۋاپىق ساندا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش زۆرۈر، لېكىن تولىمۇ كۆپ بولۇپ كەتسە، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە نېمە پايدىسى بولار؟

ئىلاۋە: بىر قۇتۇپتىن يەنە بىر قۇتۇپقا ئۆتۈپ كېتىش، قېيداش، دېگەن ئەنە شۇ.

خاتىرە ـ 2:

ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئېلى ئابىت ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىدا خىيالغا چۆمۈپ ئولتۇرۇپتۇ. مەن سورىغان سوئاللارمۇ ئۇ يېقىندىن بۇيان كېچە-كۈندۈز ئويلاپ يۈرگەن مەسىلىلەر ئىكەن. ئۇنىڭ قوشۇمىسىدىن قايغۇ چىقىپ تۇراتتى. ئۇ بوم ئاۋازدا ئاچچىق كۈلكە ئارىلاش گەپ باشلاش بىلەنلا قايناپ قالدى:

— چېكىدىن ئاشقان سولچىللىق لۇشيەنى پۈتۈن جۇڭخوا مىللەتلىرىنى ئۆزنىڭ زەربە نىشانى قىلدى، لېكىن تىل-يېزىق جەھەتتە پەيدا قىلغان بالايىئاپەتلىرىنىڭ دەردىنى بولسا، پەقەت بىر نەچچە مىللەتلا تارتتى.

چېكىدىن ئاشقان سولچى ستالىنمۇ ئۆزىنىڭ تىلشۇناسلىققا دائىر ئەسەرلىرىدە، تىل-يېزىقنىڭ سىنىپىيلىكى يوق، دېگەنىدى. ئېلىمىزدىكى چېكىدىن ئاشقان سولچىل لۇشيەن تىل-يېزىقنى زورمۇزور سىياسەت بىلەن بىرلەشتۈرۈۋالدى. 50-يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە ئېغىش تەشەببۇس قىلىنىپ، ئۇيغۇر تىلىغا رۇس تىلىدىن بىر مۇنچە ئىجتىمائىي، تەبىئىي پەن ئاتالغۇلىرى قوبۇل قىلىنغانىدى. شۇ ئاتالغۇلارنىڭ قوبۇل قىلىنىشىنى بىر خىل ئىلگىرىلەش دېيىشكە تېگىشلىك. سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى ئىلگىرى ئەرەب ئېلىپبەسىنى قوللانغان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر يېزىقلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، سلاۋيان يېزىقىنى قوللاندى. شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، تاتار، قىرغىز، ئۆزبېك زىيالىيلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سوۋېت قازاقىستانىنىڭ، قىرغىزىستانىنىڭ، ئۆزبېكىستانىنىڭ كىتاب، گېزىت-ژۇرناللىرىنى ئوقۇيالايتتى. سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىدا تەرجىمە خىزمىتىمۇ ياخشى ئىشلەنگەنىدى، ئۇلارنىڭ كىتاب، گېزىت-ژۇرناللىرىنىڭ ياردىمى بىلەن دۇنيادىن خەۋەردار بولغىلى بولاتتى. 50-يىللاردا شىنجاڭدىكى بىر نەچچە ئاز سانلىق مىللەتنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۇچۇرلىرى ئانچە بېكىك ئەمەس ئىدى.

جۇڭگو-سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلغانلىقى تىل-يېزىققىمۇ تەسىر قىلدى. ئىلگىرى رۇس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئورنىنى خەنزۇ تىلى ئالدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ بىر خىل چېكىنىش. تىل-يېزىقنىڭ دۆلەتلەر مۇناسىۋىتى بىلەن نېمە ئالاقىسى بولسۇن؟! خەنزۇ تىلىدىكى «پەلسەپە»، «تەشكىلات»، «ئىقتىساد» «كادىر» دېگەن سۆزلەر ياپون تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان، ئۇلارمۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش تۈپەيلىدىن شۇ سۆزلەرنى ئۆزگەرتكىنى يوق. شۇ چاغلاردا بۇ بىر مۇنچە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن چېكىدىن ئاشقان سولچىل سىياسىي ھاۋا بېسىمىدا ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى.

ئېلاۋە: خەنزۇلارنىڭ يېزىقى تاشپاقا قېپى، ئۇستىخان يېزىقى، قوڭغۇراق-ئىسرىقدان يېزىقى، چوڭ يۆگىمەچ خەت، كىچىك يۆگىمەچ خەت دېگەندەك يېزىق نۇسخىلىرىدىن ھازىرقى قېلىپلىق يېزىق نۇسخىسىغا ئۆزگەرگىچە شەكىل جەھەتتىن ئورغۇن ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاساسىي جەھەت-

تىن يەنىلا يەككە بوغۇملۇق شەكىللىك يېزىق ھالىتىنى ئۆزگەرتكىنى يوق. ھالبۇكى ئۇيغۇرلار دەسلەپتە رۇنىك ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى تۈركىي يېزىقىنى ئىشلەتكەن، كېيىن سوغدى يېزىقى ئاساسىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىجاد قىلغان، ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن ئەرەب ئېلىپبەسىنى قوللانغان. قەدىمكى زامانىدا ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى پارسچىنىمۇ قوللانغان. ئۇيغۇر خاقانلىرىدىن بولغان توققۇز ئوغۇز (توققۇز ئۇيغۇر) خاقانىنىڭ موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدىن تېپىلغان قەبرە تېشىغا ئۇيغۇر يېزىقى، سوغدى يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقى چېكىلگەن. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن تېپىلغان قەدىمكى زامان ئابىدىلىرىدە ـ قەبرە تاشلىرىدا خەنزۇ يېزىقىدىن باشقا يېزىق يوق. دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ تىل قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى خەنزۇلارنىڭكىدىن كۈچلۈك. تۇرپاندىن تېپىلغان مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىچىدە خەنزۇ ئالىملىرى ئوقۇيالمىغان بىر خىل خەنزۇچە يېزىق چىققان، تەكشۈرۈپ دەلىللەش نەتىجىسىدە ئۇنىڭ قوچۇ ئۇيغۇرلىرى قوبۇل قىلىپ قوللانغان تۆت چاسا خەت ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان. بۇمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ـــ ھەقىقەت چەكتىن يېرىم قەدەم ئېشىپ كەتسىلا بىمەنىلىك بولۇپ قالىدۇ. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ياۋا ئاتلاردەك پېتىراقلىدى، ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ـ يېزىقىغا مۇئامىلە قىلىشتا چەكتىن يېرىم قەدەم ئەمەس، ئون ـ يىگىرمە قەدەملەپ چەتنەپ ـ قاڭقىپ كەتتى، رۇس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىلا ئەمەس، بىر نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى قوبۇل قىلىنغان پارسچە سۆزلەرنىمۇ قالدۇرماي چىقىرىپ تاشلاشقا ئۇرۇندى.

ئېلاۋە: ئۇيغۇر تىلىدا چەتتىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر كۆپ، ئۇنىڭدا پارسچە، خەنزۇچە، موڭغۇلچە، ئەرەبچە، رۇسچە سۆزلەر بار. بۇ ئەھۋال ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا ئېچىۋېتىش روھىغا باي ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ـــ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تىل مەسىلىسىدە چوڭ خەنزۇچىلىق قىلدى، ئىلگىرى چەتتىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئورنىغا خەنزۇچە سۆزلەرنى زورمۇزور دەسسىتىشكە ئۇرۇندى. مەسىلەن: «ھېساب»، «تىل ـ ئەدەبىيات» دېگەن سۆزلەرنى خەنزۇچىغا ئۆزگەرتىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟! گېزىتتە تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئېلان قىلىش يولى بىلەن خەنزۇچىغا ئۆزگەرتىلگەن سۆزلەر بىر نەچچە مىڭغا يېتىدۇ. بۇ ئاز گەپ ئەمەس! كېيىن بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقتى. «ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش»، «غەيرەت بىلەن كۈچىنىپ ئىشلەش» دېگەندەك ئىبارىلەرنىمۇ «زىلىڭگشېڭ»، «فافېنتۇچياڭ» دەپ ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇندى. بۇنداق ئەھۋالنىڭ كىشىنى گۇمانغا، قايغۇغا قالدۇرۇشى تەبىئىي. ئامما بۇلارنى قوبۇل قىلالمىغاچقا، گېزىتتىكى تىل بىلەن ئامما ئوتتۇرىسىدىكى تىل ئوخشىمايدىغان بولدى. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تىلنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭ ۋۇجۇدقا كەلگەن. تىل قالايمىقانلاشسا، ئادەملەرنىڭ ئۆز ئارا ئالاقىسىگە كاشىلا قىلىدۇ.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلۇش بىلەنلا غىر قىلىپ تۆۋەنگە سىيرىلدۇق.

ئۆتمۈشتە خەنزۇچىغا ئۆزگەرتىلگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى قايتا ئۆزگەرتتۇق، يەنە كېلىپ ئاشۇرۇۋەتتۇق. خەلق ئاممىسى بۇنىڭدىن بىر نەچچە يۈز يىل ئىلگىرىلا قوبۇل قىلىپ ئادەتلىنىپ كەتكەن خەنزۇچە سۆزلەرنىمۇ ئۆزگەرتىۋەتتۇق. مەسىلەن: «كۆەيزى» نى «چوكا» غا، «بەندىڭ» نى «ئورۇندۇق» قا ئۆزگەرتىۋالدۇق. بۇلار ئەكسىچە، ئېغىزغا راۋان چۈشمەيدۇ.

ئېلاۋە: بىر قوتۇپتىن يەنە بىر قوتۇپقا ئۆتۈپ كېتىش، قېيىداش دېگەن ئەنە شۇ.

خاتىرە — 3:

شىنجاڭ مېدىتسىنا شۆيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابدۇقادىر راخمان بالىنىتسىدا ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇپ ئەمدىلا قايتىپ چىققان، كېسەلدىن تېخى سەللىمازا ساقىيىپ كەتمىگەن، بىرئاز ياداڭغۇ، ئولتۇرۇپ-قوپۇشىمۇ تەسرەك ئىكەن. بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلىپلا ئۇ ئالىملىق خىسلىتىنى ئايان قىلدى، بەزى ئىشلارنى ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرى بىلەن دەلىللەپ، خۇش پېئىللىق بىلەن سۆزلەپ بەردى:

— 50 - يىللاردا خەنزۇچە ئۆگىنىش قىزغىنلىقىمۇ ناھايىتى ئۈستۈن ئىدى. مەن لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغاندا، خەنزۇلار بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇدۇم، خەنزۇچىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، كۆز ئالدىمدا بىپايان بىلىم دېڭىزى پەيدا بولدى.

ئېلاۋە: مۇھەممەت پەيغەمبەر «ھەدىس» تە: «ئىلىم چىندا بولسىمۇ ئېلىڭلار» دېگەنىكەن. ئەرەبلەردە: «ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ دۆۋەت-سىياھىنى شېھىتلارنىڭ قېنىدەك قەدىرلەش كېرەك» دېگەن ئىبرەتلىك سۆز بار ئىكەن. X ئەسىردە ئەرەب خەلىپىسى مەئمۇن باغداتتا تەرجىمە ئىدارىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئەقىل سارايى» قۇرۇپ، تەرجىمانلىقنى كاتتا ئىنئاملار بىلەن تەقدىرلىگەن، چەت ئەللەرنىڭ نەرسىلىرىنى كەڭ قوبۇل قىلغانىكەن. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەل قىندى، ئەل رازى، فارابى قاتارلىق كاتتا مەدەنىيەت ئەربابلىرى ئوتتۇرىغا چىققان، شانلىق ئىسلام-ئەرەب مەدەنىيىتى ۋۇجۇدقا كەلگەن. دېمەك، ئېچىۋېتىش، قوبۇل قىلىشمۇ ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىسى. پېشقەدەم ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئىچىدە خەنزۇچىنى بىلمەيدىغانلىرى ئاز، مۇكەممەل بىلىدىغانلىرىمۇ كۆپ. بۇرھان شەھىدى خەنزۇچە قەدىمكى ئۇسلۇبتا شېئىر يازالايدۇ. «4 - ماي» نىڭ تەسىرىنى ھەممىدىن ئاۋۋال قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇرچە شېئىرنى جانلىق تىلدا يېزىشنى تەرغىب قىلغان تورپانلىق شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ خەنزۇچىنى ئوبدان بىلىدىكەن. ئاپتونوم رايوننىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى مەرھۇم ئەسئەت ئىسھاقوپ، شىنجاڭ سىفەن داشۆسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى نۇسرەت شەھىدى ۋە شىنجاڭ داشۆسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى ئەنۋەرخان بابالار ئازادلىقتىن بۇرۇن ئۆز پۇلى بىلەن ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلىپ، خەنزۇچىنى ئۆگەنگەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ئابدۇكېرىم ئابباسوپ شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا خەنزۇچىنى ئەستايىدىل ئۆگەنگەن. خەنزۇچىنى ئۆگىنىش ئەسلىدىنلا ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ياخشى ئەنئەنىسى.

uyghurkitap.com

— كېيىن مەن بېيجىڭ مېدىتسىنا شۆيۈەنىگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلدىم. يېتەكچى ئوقۇتقۇچىم جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىلىم سېكسىيىسىنىڭ ئەزاسى ئېدى، تۆت خىل تىل بىلەتتى، نەزەر دائىرىسى كەڭ، بىلىمى چوڭقۇر، مەملىكەت بويىچە ھەتتا چەت ئەللەردىمۇ داڭقى بار ئىدى. ئۇ مەندىن: «نەچچە خىل چەت ئەل تىلى بىلىسىز؟» دەپ سورىغاندا، چۆچۈپ كېتىپ: «خەنزۇ تىلىنى بىلىمەن» دېدىم. ئۇ كۈلۈپ كېتىپ: «بۇ كۇپايە قىلمايدۇ، چەت ئەل تىللىرىدىنچۇ؟» دەپ سورىدى. «ئازراق رۇسچە بىلىمەن» دېدىم. ئۇ: «قانچىكى كۆپ تىل بىلگەن كىشى شۇنچە كەڭ نەزەرلىك بولىدۇ» دېدى. بېيجىڭ مېدىتسىنا شۆيۈەنىدە تۆت خىل چەت ئەل تىلى كۇرسى بار ئىكەن. ئۇستازىم مېنى كۇرسقا قاتنىشىشقا دەۋەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئىنگلىز تىلىنى تاللىۋالدىم. تىل-يېزىق ئۆگەنگەنىنىڭ پايدىسىنى كۆردۈم. ھازىر ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، رۇسچە، ئىنگلىزچە كەسپىي كىتابلارنى ئوقۇيالايمەن، مېدىتسىناغا دائىر مەلۇماتلاردىن خەۋەردار بولالايمەن. ئالدىمدا كەڭ دۇنيا تۇرۇپتۇ. شىنجاڭدا بېكىك مۇھىتتا تۇرۇپ قالغانلىقىم سەۋەبى بىلەن قىسىلىپ قالمايمەن.

ئىلاۋە: چېكىدىن ئاشقان سولچىللىق لۇشيەنى، مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا ئاممىنىڭ قوبۇل قىلىش دەرىجىسىگە پەرۋا قىلماي، خەنزۇچە ئۆگىنىشنى تولىمۇ نامۇۋاپىق دەرىجىدە تەكىتلىدى، ئىشچى قوبۇل قىلىشتا، كادىرنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشتە خەنزۇچە بىلىشنى شەرت قىلىپ قويدى. مىللىي رەھبىرىي كادىرلارمۇ يىغىنىدا خەنزۇچە سۆزلەشكە مەجبۇر قىلىندى. ھەتتا بىر مىللىي رەھبەر ئاۋۋال خەنزۇچە سۆزلەيدىغان، ئاندىن كېيىن يەنە بىر مىللىي رەھبەر تەرجىمە قىلىدىغان ئىشلارمۇ بولدى. 1971-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلغاندا، ئۆز ۋاقتىدىكى شىنجاڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لوڭ شۇجېن «كۇئېنلۇن» مېھمانخانىسىدا جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەكىللىرىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قاتناشقانىدى. جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەكىللىرى ئۆز تىلىدا سۆزلىسە، ئۇ چۈشىنەلمەي: «كالدىرلىشىپ بىر نېمىلەرنى دېيىشىدىكەنسىلەر، بىرنىمىمۇ چۈشەنمىدىم، خەنزۇچە سۆزلىسەڭلار بولمامدۇ؟» دەپ چىچاڭلىغان. ئىلگىرى بەزى خەنزۇچە مەكتەپلەردە مىللىي سىنىپ بار ئىدى، مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا بەزى مىللىي سىنىپلارغا خەنزۇ تىلى بىلەن دەرس ئۆتۈلىدىغان بولدى. ئۈرۈمچىدە بار-يوقى بىرلا قازاق ئوتتۇرا مەكتىپى ۋە بىرلا موڭغۇل سىنىپ مەكتىپى بار ئىدى، ئۇلارمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. تەبىئىيكى، بۇ جەھەتتىمۇ ئاممىنىڭ يۈرىكى داغلاندى.

— «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقالغاندىن كېيىن، ئاممىنىڭ قورساق كۆپۈكى تۈگىمىگەن بولغاچقا، جەمئىيەتتە بىردىنلا خەنزۇچە ئوقۇماسلىق بورىنى چىقتى. بەزىلەر: «نەچچە ئون يىل بولدى، ئالىي مەكتەپلەردە يەنە نېمىشقا خەنزۇ تىلى بىلەن دەرس ئۆتۈلىدىكەن؟» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن بەزىلەر: ئالىي مەكتەپلەردىكى تەييارلىق سىنىپلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆز تىلىمىزدا دەرس ئۆتەيلى، دېگەن تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويدى. بەزىلەر، خەنزۇچىنى ئۆگەنمىسەك،

ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ بىلىم ئاشۇرۇش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىش قىيىن بولىدۇ. دەپ ئويلاپ، باشقىچە قاراشنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى. كۆپچىلىكنىڭ قورساق كۆپۈكى بولغاچقا، مەسىلە ئۈستىدە ئويلانغاندا، ھېسسىيات ئامىلى ئۈستۈن ئورۇندا تۇردى. شۇڭا: «تەرجىمان ئېلىپ بارمامدۇق!» دېگەنلەرمۇ بولدى. مەن ئۇيغۇر زىيالىيسى، ئۆز مىللىتىمنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆز مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلىشىم لازىم. ئۇيغۇرچە تىببىي كىتاب ناھايىتى ئاز، خەنزۇچىنى ئۆگەنمىسەك، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىدىغىنى دەرسلىكلەردىكى ئازغىنە بىلىم بىلەنلا چەكلىنىپ قالسا، كامالەتكە يەتكەن مۇتەخەسسىسلەرنى يېتىشتۈرگىلى بولامدۇ؟ شۆيۈدىنمىزدە سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغاندا، خەنزۇ يولداشلار بىر نەرسە دېيىشكە ئوڭايسىزلاندى. مەن: ھەممە ئىشتا مىللىتىمىزنىڭ پەن، مەدەنىيەت، تېخنىكا جەھەتتىكى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولىدىغان-بولمايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇشىمىز لازىم، خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتۈشنىڭ لاياقەتلىك تىببىي خادىم يېتىشتۈرۈشكە پايدىسى بار، دېدىم. مەكتىپىمىز خەنزۇ تىلىدا دەرس ئۆتۈشنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئۈجىسى جانابىل بىزنى تەقدىرلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى بادەي تەييارلىق سىنىپلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلسا، ئوقۇتۇش-ئوقۇش سۈپىتى تۆۋەنلەپ كېتىدىغانلىقىنى بايقاپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا دوكلات يازغانىكەن، بەزى ئالىي مەكتەپلەردىكى تەييارلىق سىنىپلىرى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپتۇ. مۇشۇنداق قىلىش زۆرۈر.

ئېلاۋە: بىر قۇتۇپتىن يەنە بىر قۇتۇپقا ئۆتۈپ كېتىش،قېيىداش دېگەن ئەنە شۇ.

خاتىرە — 4:

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىبراھىم مۇتىئى مەن ھۆرمەتلەيدىغان ئالىم. كۆپ يىللىق تۈرمە ھاياتى ئۇنىڭ ھاياتقا بولغان ئۈمىدۋار پوزىتسىيىسىنى سۇندۇرالمىغان. 70 كە يېقىنلاپ قالغان بولسىمۇ چىرايى پارقىراپ تۇرىدۇ، قەدەملىرىمۇ مەزمۇت. ئۇنىڭ نەزىرىدە، شىنجاڭ بېكىك گەۋدە ئەمەس، ئۇ ئۆزىنىڭ نەزەرىنى ھەر تەرەپلىمە ئالاقىلەر بىلەن توغرىلاپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ سۆھبەتلىرىنى ئاڭلىسىڭىز كۆڭلىڭىز ئېچىلىپ قالىدۇ، ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن كىشىنىڭ ئەزايىنى تىكەنلەشتۈرىدىغان ھېسسىيات چىقمايدۇ. ئېگىز-پەس يوللاردا كۆپ جاپا چەككەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئالىمغا خاس پاك قەلبىنى دۇنيانىڭ مەينەتلىرى بۇلغىيالمىغان. ئۇ ھەرقانداق سورۇندا ئىچ-قارنىنى ئاشكارا تۆكىدۇ.

— 50-يىللاردا بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىدا ئىشلەيتتىم. نەشرىياتنىڭ باشلىقى ساكوڭلياۋ ئىدى. شۇ چاغلاردا ھۆكۈمەت مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىغا ئاجايىپ ئەھمىيەت بېرەتتى. بىر كۈنى خان سارىيىغا سەيلى قىلىپ بېرىپ، خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، ئۇيغۇر، تىبەت تىللىرىدا رەتلەنگەن «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت»

نى كۆرۈپ قالدىم، ئۇنى چيەنلۇڭ خان رەتلىگەنىكەن. چيەنلۇڭ كاتتا زىيالىي، قەلەمكەش، ئەلەمگىمۇ كامىل، موي قەلەمدە ماھىرلىق بىلەن يازالايدىكەن، 14 مىڭدىن ئارتۇق شېئىر يازغانىكەن. قانداق، كارامەتمىكەن؟! ئۇ، بېيجىڭدىكى خان سارىيىدا تۇرۇپمۇ موڭغۇل، تىبەت، ئۇيغۇر تىللىرىنى ئۆگىنىۋالغانىكەن (ئېلاۋە: ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا ئىشلەۋاتقان رەھبىرىي كادىرلىرىمىز ئىچىدە قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تىللىرىنى ئىگىلىگەنلەردىن قانچىسى بار؟!) ئۇنىڭ بىلىدىغىنى بىرنەچچە ئېغىز گەپ، بىرنەچچە يۈز جۈملە ئەمەس، بەلكى ھەم سۆزلىيەيدىكەن، ھەم ئوقۇيالايدىكەن، ھەم يازالايدىكەن. ئۇ «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» نى كۆزدىن كەچۈرگىنىدە بەزى ئۇيغۇرچە ئاتالغۇلارنىڭ توغرا قوللىنىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز قولى بىلەن تۈزەتكەن. يېڭىسار ناھىيىسى چيەنلۇڭ خاننىڭ ھوزۇرىدا بېكىتىلگەنىكەن.

ئېلاۋە: ھەر بىر مىللەت راۋاج تاپقان ۋاقىتىدا ھامان كەڭ يول ئېچىشتا ۋە قوبۇل قىلىشتا باتۇر بولىدۇ. چيەنلۇڭ شۇنداق، كاڭشىمۇ شۇنداق. ئۇ لاتىنچىنى بىلىدىكەن، ھەركۈنى شۇنچە ئالدىراش بولسىمۇ ئالگېبرا مەشىق قىلىدىكەن. ئۇنىڭ ياۋروپانىڭ ماي بوياق رەسىملىرىنى باھالاش ئىقتىدارىمۇ ناھايىتى ئۈستۈن ئىكەن. ئۇزۇن سەپەرلەرنى بېسىپ جۇڭگوغا كەلگەن ئىتالىيىلىك رەسسام لاڭشىنىن (بۇ خەنزۇچە ئىسمى) غا ئوردىدا رەسىم سىزدۇرغان. جۇڭگو - ياۋروپاچە رەسىم سىزىش ئۇسۇللىرىنىڭ ئارتۇقلۇق ياكى كەمچىلىكلىرى ئۈستىدە بەزىدە ئۇنىڭ بىلەن مۇزاكىرىلىشىدىكەن. ئۇلار فېئودال پادىشاھ بولۇش بىلەنلا قالماستىن، مانجۇ مىللىتىنىڭ روناق تاپقان دەۋرىدىكى مەدەنىيەت ۋەكىللىرىدۇر.

— «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» ناھايىتى قىممەتلىك كىتاب ئىكەن. مەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنى قايتا نەشر قىلىش توغرىسىدا ساكۇڭلىياۋغا تەكلىپ بەردىم. ئۇ كىتاب تولىمۇ چوڭ بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، فوتو باسمىدا چىقىرىشقا توغرا كەلگەچكە، نۇرغۇن سەرمايە كېتەتتى. نەشرىياتنىڭ پۇلى بولمىغاچقا، ساكۇڭلياۋ جۇزۇڭلىغا دوكلات يېزىپتۇ. جۇزۇڭلى ناھايىتى يۇقىرى مەلۇماتلىق بولغاچقا، ئۇ كونا كىتابنىڭ قەدرىگە يېتىپ، بېسىپ چىقىرىڭلار، قانچىلىك چىقىم بولسا، شۇنچىلىك پۇل بېرىلىدۇ، دەپ تەستىق ساپتۇ. مەن بۇ خىزمەتكە ئاكتىپ قاتناشتىم. «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» ئاخىر نەشردىن چىقتى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، سىياسەت سولغا بۇرۇلۇپ كەتتى، «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» نى نەشر قىلىشنىڭ ئۆزى مېنىڭ جىنايىتىم بولۇپ قالدى. فېئودال ئەخلەتلەرنى قوغدىغان دەپ، مېنى سولدىن سوراققا تارتتى، ھەتتا مېنى ساكۇڭلياۋمۇ قوغداپ قالالمىدى. مەن شىنخۇا ئاگېنتلىقىدىكى يولداشلاردىن مىننەتدارمەن. «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» قايتا نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، كۆتۈلمىگەن ھالەتتە چەت ئەللەردە ياخشى تەسىرات پەيدا قىپتۇ. مەركىزىي شىنخۇا ئاگېنتلىقى بۇ تەسىراتلارنى توپلاپ، قىزىل سەرلەۋھىلىك پايدىلىنىش خەۋەرلىرىدە ئېلان قىپتۇ. بۇنى جۇزۇڭلى كۆرۈپ ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، تەستىق سېلىپ ساكۇڭلياۋغا ئەۋەتىپ بېرىپتۇ. نەشرىياتىمىزنىڭ بۇ باشلىقىمۇ قىزىق ئادەم

مېنى ئوتتەك ئۆرتەيدىغان تەنقىد ئاستىغا ئېلىنىشىۋاتـقـان بىر پەيـتـتە، ئۇ كۈرەش
مەيدانىغا كىرىپ كېلىپ، پەشتاق ئالدىدا توختاپ: «يولداشلار، «بەش تىللىق مانجۇ-
چە لۇغەت» نى نەشىر قىلغانلىقىمىز توغرىسىدا زۇڭلى يازغان يولىيورۇقـنـى ئوقـۇپ
بېرەي. زۇڭلى: «بۇ خىزمەتكە قاتناشقان يولداشلار، سىلەرگە تەشەككۈر، سىلەر ناھا-
يىتى ياخشى ئىش قىلدىڭلار» دەپتۇ. يولداشلار، ئويلاپ كۆرۈڭلار، بۇ تەنقـىـد مەج-
لىسىنى ئېچىۋېرەمدۇق ياكى توختىتىپ قويامدۇق؟» دېدى. مېنى تەنقىد قىلىۋاتقـان
كىشىلەر بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپلا قالدى. ئەلۋەتتە، چېكىدىن ئاشقان سولچىللىق
لۇشيەنىنىڭ ھەيۋىسى بوشاش بولىۋاتقان تۇرسۇن، كۆچەيمەكتە ئىدى. مېنىڭدە كوكۇلا
بولغاچقا، بوگۇن قۇتۇلۇپ قالسام، ئەتىسى تۇتۇلۇپ تۇردۇم، كېيىن تۈرمىگە تاشلاندىم،
شۇ تاشلانغىنىمچە 20 يىل ياتتىم...

ئېلاۋە: ھازىر بەزى سورۇنلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىي مىراسلىرىـدىـن
«تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» تىلغا ئېلىنماقتا. مەملىكەتلىـك سىـ-
ياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ھەم مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىـل
ئەھمەت تۈركىيىگە زىيارەتكە بارغىنىدا، ئۆتكۈر، مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇنلار رەتلەپ نە-
شىر قىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى ئالغاچ بارغان. تۈركىيىنىڭ رەئىس جۇمھۇرى
ئۇ كىتابنى بېشىغا ئېلىپ، خۇرسەنلىك بىلەن: «بۇ بىز تۈركلەرنىڭ شانلىق مىراسـ-
مىز» دېگەن. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقـ-
قات ئورنىنىڭ باشلىقى ئۆتكۈرنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى دەپ تارتقان دەرد-
ئەلەملىرىنى كىم بىلىدۇ؟ ئازادلىقتىن ئىلگىرى تۈركىيىلىك بىر زىيالـىـي ئۇرۇمـچىگە
كەلگىنىدە، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن بىر نۇسخىنى ئۆتكۈرگە ھەدىيـە قىلـغـان،
ئۆتكۈر شۇ كىتابنى قەدىرلەپ ساقلاپ كەلگەن. ئازادلىقتىن كېيىن، يۇرتى كۇچادىكى خو-
تۇنىغا تاپىلاپ، يەرگە كۆمدۈرۈۋەتكەن. بۇنى پەقەت بىرلا ئادەمگە تىنىپ قويغانىكەن.
قايسىبىر نۆۋەتلىك خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا چەت ئەللىك ئالىمـلاردىـن
بىرى شۇ ئىككى كىتابنىڭ شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زاماندىكى مۇھىم مەدەنىي مىـراسـى
ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. دىڭ لىچۈن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆز ۋاقتىد-
دىكى رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزىگە خەۋەر قىلغان. سەيپىدىن ئەزىزى تەرەپ - تەرەپلەپ
سۈرۈشتۈرۈپ، بۇ كىتابنىڭ ئۆتكۈرنىڭ قولىدا بار ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۆتكۈرنى تاپ-
قان. ئۆتكۈر ئۇ كىتابنى تەقدىم قىلىشقا رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىللە، ئۇ-
نىڭ زور قىممىتىنى سۆزلەپ بەرگەن، ئاپتونوم رايوندىن ئادەم تەشكىللەپ، رەتلەشنى،
نەشىر قىلىشنى تەكلىپ قىلغان. ئۇزۇن ئۆتـمەي، ئۇدۇچىلارغا قارشى كۈرەش باشلانغانـ-
دا، قەدىمكى كىتابلارنى كۆمۈپ ساقلاشنىڭ ئۆزى ئالەمنى ئۆزگەرتىش پىلانىنى يو-
شۇرۇن ساقلىغانلىق بولۇپ قالغان. ھېلىقى تۈركىيىلىك توغرىسىدىكى گەپـلەر قوشۇ-
لۇپ، چۇشەندۈرۈپ كەتكىلى بولمايدىغان مەسىلىگە ئايلانغان. شۇنىڭ بىلەن ئۆتـكـۈر
تۈرمىگە تاشلانغان. بۇنداق دىشۋارچىلىقتا ئۇچرىغان ئادەملەر يالغۇز بىرلا ئەمـەس.
شىنجاڭدا مەملىكـەت بويىچە ئومۇملاشقان «قالپاق» لاردىن باشقا، ئاز سانلىق مىللەتلەر-

نىڭ بېشىغا يەنە «چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر»، «يەرلىك مىللەتچى ئۇنسۇر» دېگەن قالپاقلارمۇ كىيدۈرۈلدى. خېلى كۆپ پېشقەدەم ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەرگە ياكى ئۇنداق، ياكى بۇنداق قالپاق كىيدۈرۈلدى. ئۇلار چەككەن رىيازەتلەر ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىمۇ چەككەن رىيازەتتۇر. بۇ ئەھۋال زىيالىيلارنىڭ يۈرىكىنى داغلىماي قويمىدى. سولچىل ئەپەندىلەر لەززەتلىك ئاشلىقنى ھاراق تىرىپىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ھاراقنىڭ تىرىپىدىن لەززەتلىك نەرسە ئەمەس، ئاچچىق نەرسە چىقىدۇ، خالاس!

— مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى جەريانىدا تۈرمىدە يېتىپ ئاڭلىسام، ساكوڭيائۇنى كۆرەشكە تارتقاندا، «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت»نى ئۇنىڭ يۈزىگە ئېتىشىپتۇ! «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» جۇڭگونىڭ كونا مەدەنىيىتىنى «فېئودالىزم، كاپىتالىزم، شيۇجېڭجۇيى» دېگەن كالتەكلەر بىلەن دۇمباللىدى، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنىمۇ بوش قويمىدى. كىمكى ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى تەرىپلىسە، شۇنىڭغا چوڭ قالپاقلارنى كىيگۈزۈشتى. مىللىي مەدەنىيەتنى دەپ پەشۋا يېگەن، تەنقىد ئاستىغا ئېلىنغان، كۆرەشكە تارتىلغان ئادەم ئاز ئەمەس.

ئېلاۋە: ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىگە فېئودالىزمنىڭ شامىسى دېگەن ئوت تامغا بېسىلدى-يۇ، «24 تارىخ»قا سىڭىپ كەتكەن تارىخىي ئىدېئالىزمنىڭ لاتقىمىرى بولسا، يەنە لۆمۈلدەپ يامرىدى. بەزىلەر زورمۇزور توقۇپ، تارىخنى ئۆز مەيلىچە بۇرمىلاپ، خەنزۇلارنىڭ رولىنى خالىغىنىچە مۇبالىغە قىلدى. بەزىلەرنىڭ شەرھلىشىچە، «疆» دېگەن ھەرپ شىنجاڭنىڭ سىمۋولىمىش، يۇقىرىدىكى سىزىق ئالتاي تېغى، ئوتتۇرىدىكى سىزىق تەڭرى تېغى، ئاستىدىكى سىزىق كۇئېنلۇن تېغىمىش، يۇقىرىدىكى «田» ھەرپى جۇڭغارىيە، ئاستىدىكى «田» ھەرپى تارىممىش. ئۇلار بۇنىڭدىن: «شىنجاڭنىڭ بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدىلا جۇڭگونىڭ زېمىنى ئىكەنلىكىنى ئەنە شۇ ‹疆› ھەرپىدىنلا بىلگىلى بولىدۇ» دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىشقان. شۇ مەمەدان ئالىم ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ بىر قىسىم يەرلىرى جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە كۆك ئارت (پامىر) ئۇيغۇرلىرىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان! يەنە بەزىلەر: «تۇرپاندىكى كارىزنى لىن زېشۈي كەشىپ قىلغان» دېيىشتى. ئۇلار شۇنداق كېلىشتۈرۈپ ھېكايە توقۇغانكى، ھەتتا: «لىن زېشۈي تۇرپاندا تۈنەپ قاپتۇ، كېچىدە يەر ئاستىدا سۇ شارقىراپ ئاققان ئاۋازنى ئاڭلاپتۇ. ئەتىسى يەرلىك ئادەملەرنى يىغىپ قۇدۇق كولاتقۇزۇپتۇ، كارىز ئەنە شۇنداق پەيدا بوپتۇ» دېيىشتى. تارىخىي كىتابلارغا قارىغاندا، مىلادىدىن 48 يىل ئىلگىرىلا تۇرپاندا قوش (ئىدىقۇت) دۆلىتى ھۆكۈم سۈرگەنىكەن. مۇبادا كارىز بولمىغان بولسا، ئوتتەك ماكان قوچۇدا ئادەملەر نېمە يېگەن، نېمە ئىچكەن بولاتتى؟! تاڭ پادىشاھلىقىنىڭ راھىبى بۇددا نوملىرىنى ئېلىپ كېلىش سەپىرىدە قوچۇ خانلىقى تەۋەسىدىن ئۆتكەندە نەدىكى سۇنى ئىچكەندۇ؟ تەبىئىيكى، بۇلار كونا تارىخىي قاراشنىڭ ئاشكارىلىنىشى. ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي غۇرۇرىغا ئازار قىلىدىغان بۇنداق قاراشلار، ئەلۋەتتە، ئۇيغۇرلاردا كەيپىيات قوزغايدۇ. ئاممىنىڭ كەيپىياتلىرى قوشۇلۇپ توپلانغاندا، ئەقىلنىڭ كونتروللۇقىغا بويسۇنۇپ، مۇۋاپىق چەكتە توختاپ قالمايدۇ، چېكىدىن ئېشىپ، بەزى

بىمەنە ھەرىكەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. داشۆنىڭ بىر ئۇيغۇر پروفېسسورى «تاڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭ ناخشا ئۇسسۇلى» ناملىق بىر ئەسەرنى تەييارلاپ، نەشرىياتقا يوللىغانىكەن. نەشرىياتنىڭ بىر تەھرىرى: «كىتابىڭىزنىڭ ئىسمى ياخشى ئەمەسكەن، ئۆزگەرتىپ بەرسىڭىز قانداق؟» دەپ تېلېفون بېرىپتۇ. پروفېسسور: «نېمىشقا؟» دەپ سوراپتىكەن، تەھرىر «نېمىشقا تاڭ دەۋرىدىكى دەيسىز؟ ئۇيغۇرلارنىڭ دېسىڭىز بولمامدىكەن؟» دەپتۇ. شۇ پروفېسسور بىر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا: «مەدەنىيەت ئەزەلدىن ئۆزئارا قوبۇل قىلىنىدۇ. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىمۇ خەنزۇ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان» دەپ سۆزلىگەنىكەن، يىغىندىن كېيىن بىراۋ ئۇنىڭغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى «ئۆز مىللىتىنى قوغدىمايدۇ» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى مىللەتنىڭ تارىختىكى ئۆزئارا تەسىرى مەسىلىسى سەزگۈر مەسىلىگە ئايلىنىپ قالغان. ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا تىلغا ئېلىنمايدىغان بولۇپ قالغان. بۇنداق پىسخىكا تەرەققىي قىلىۋېرىپ، تەرىپلەيدىغان گەپلەرلا سۆزلىنىپ، كەمچىلىك، ئەيىبلەر تىلغا ئېلىنمايدىغان ھالەت كېلىپ چىققان. يەنە بىر يىغىندا، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ كىتابلارنى كۆيدۈرگەنلىكى ئۈستىدە گەپ بولغاندا، بىر ئۇيغۇر ئالىم: «كىتابلارنى تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» لا كۆيدۈرگەن ئەمەس، ئەرەب تارىخىدىمۇ كىتاب كۆيدۈرگەن ئەخمەقانىلىقلار بولغان. ئەرەب قوشۇنلىرىنىڭ باش قوماندانى ئەمىر قۇتەيبە ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ سەمەرقەندكە بېسىپ كىرگەندە، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان. ئۇنىڭ شتاب باشلىقى ئۇيغۇر بولۇپ، ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كىتابلارنى ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن ھېلىقى باش قوماندان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈپ تاشلانغان» دېگەن. بۇلار تارىخىي پاكىت، لېكىن بۇ گەپلەر بەزىلەرنىڭ قۇلىقىغ ياقمىغان. گويا ئۆزلىرىنىڭ يۈزلىرىگە قارا سۈرتۈلگەندەك ھەدەپ كۈچەپ رەددىيە بېرىپ كېتىشكەن. ئەمەلىيەتتە، كىتاب كۆيدۈرگەنلەر يالغۇز ئەمىر قۇتەيبىلا ئەمەس، ئۆز ۋاقتىدا ئاق تاغلىقلارنىڭ سەردارى بولغان ئاپئاق خوجا دىنىي ئەسەبىيلىكنى قوزغاتقاندا، نۇرغۇن كىتابلارنى كۆيدۈرۈپ، نۇرغۇن ئادەمىنى ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىياغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر قىلغان.

ئىلاۋە: بىر قۇتۇپتىن يەنە بىر قۇتۇپقا ئۆتۈپ كېتىش، قېيىنداش دېگەن ئەنە شۇ.

خاتىرە — 5 ... قېيىنداش.

خاتىرە — 6 ... قېيىنداش.

مەن يەنە ھېلىقى ئۇيغۇر بۇرادىرىمنى ئىزدەپ باردىم. ئۇ چەت ئەلدىكى ئىلمىي لېكسىيىسىنى تۈگىتىپ ئەمدىلا قايتىپ كەلگەنىكەن. روھى ئۈستۈن، كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرۇپتۇ. چەت ئەل ساياھىتى مۇناسىۋىتى بىلەن نەزەر دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىپتۇ، قاراشلىرىنىڭ دەرىجىسى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپتۇ.

— قېيىنداش، پىسخىكىسىنىڭ ئىپادىلىرىنى كۆرۈپسىز، — دېدى ئۇ. — ئەمەلىيەتتە،

چېكىدىن ئاشقان سول-چىل لىۇشيەندىن قېيىدايدىغان پىسخىكا خەنزۇلاردىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك بولغان. بىراق خەنزۇلار قېيىداشلىقتا دىققىتىنى بېكىكلىكتىن ئېچىۋېتىش تەرىپىگە يۆتكەپ، چەت ئەللەرنىڭ نەرسىلىرىنى ئىمكان قەدەر ئۆزىگە قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. بىز ئاز سانلىق مىللەتلەر بولساق، قېيىداشلىقتا دىققەت-نەزەرىمىزنى ئۆز چەمبىرىمىز ئىچىگىلا يىغىپ، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي بىر نېمىلىرىمىزنىلا ئىمكان قەدەر قوغداش بىلەن بولۇپ قالدۇق. خەنزۇلار بىرنەچچە يىلدىن بۇيان پىرقىرىغۇچ شەكىلدە پىرقىراپ ماڭغان بولسىمۇ، يۆنىلىشى يۇقىرى ئۆرلەش بولماقتا، لېكىن بىز بولساق، چەمبەردىكى بىر ئىزدىلا چۆگىلەۋاتىمىز، چەمبەرنىڭ يېرىم دىئامېتىرى تېخى شۇ پېتى تۇرۇۋاتىدۇ، چەمبەر بارغانسېرى تارىيىپ بارماقتا. قېيىداش روھىي ھالىتى بىلەن ئۆزىنى كىچىككىنە بىر چەمبەر ئىچىگە بېكىتىپ قويغاندا، باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى قوبۇل قىلىش تولىمۇ تەس. بىرنەچچە يىلدىن بۇيان بىزدە ئىلگىرىلەش بولدى، لېكىن باشقا مىللەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، قەدىمىمىز ئاستا.

— بىرى پىرقىرىغۇچسىمان، بىرى چەمبەرسىمان. بۇ ناھايىتى ئوبرازلىق ئوخشىتىش ئىكەن.

— قېيىداش پىسخىكىسى مىللىتىمىزنى زىيانغا ئۇچراتماقتا، بېكىنمىچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئەنئەنىۋى ئېچىۋېتىش روھىمىزنى پەسەيتىپ قويماقتا. ئەگەر ھوشىمىزنى تاپماي، شۇنداق روھىي ھالەتنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا يول قويىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا باشقا مىللەتلەردىن كۆپ ئارقىدا قالىمىز.

— بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى مۇلاھىزىڭىز ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، پىشقان خۇلاسە ئىكەن. ئوقۇغۇچىڭىزغا خەت يازسىڭىز بولىدىكەن.

— ئاللىقاچان يازدىم.

## 3. يۆلىنىۋېلىش پىسخىكىسى

پروفېسسور بىلەن يەنە ئۇچراشتىم. ئۇنىڭ كەيپى بوش. ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقاندىن بۇيان شۇنى بايقىدىمكى، ئۇ بىرەر غەشلىككە يولۇققاندىلا قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ قالىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىلىدە بىر پارچە سالام خەت تۇرۇپتۇ، كونۋېرتى تېخى ئەمدىلا يىرتىلغاندەك تۇرىدۇ. بېيجىڭدىكى ھېلىقى ئوقۇغۇچى يازغان خەت ئىكەن:

ھۆرمەتلىك پروفېسسور:

سىزگە سالام!

خېتىمگە يازغان ئۈچۈرىڭىزدىن مىننەتدار بولدۇم. ئۇستازىم، سىزنىڭ قاراشلىرىڭىزغا قوشۇلىمەن. ھازىر بىز نۇرغۇن جەھەتلەردە قالاق ھالەتتە تۇرۇۋېتىپتىمىز. چۈنكى، قېيىداش روھىي ھالىتىمىز مىللىتىمىزنىڭ ئېچىۋېتىش، قوبۇل قىلىشىغا توسقۇن بولماقتا. مېنىڭچە، بۇ ھېچقانچە ئېغىر كېسەل ئەمەس، پەقەت كۆپچىلىك ئاز - تولا ئويلىنىدىغان بولساقلا ئەقلىگە كېلەلەيمىز. ھازىرقى ئۈچۈر

دەۋردە بېكىنىۋېلىش ئۆزىنى - ئۆزى ئۆلتۈرگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئاددىي ھەقىقەتنى مىللىتىمىز چۈشىنىدۇ. ئۇستازىم، ئېيتقىنا، قېيداش روھىي ھالىتىمىز تۈگىگەندىن كېيىن، مىللىتىمىزدە روھىي ھالەتتە يەنە باشقا توسالغۇمۇ بولارمۇ؟ مېنىڭچە، بولىدۇ. يېقىندا بىز بېيجىڭدىكى دوستلار بىر يەرگە توپلىنىپ قىلىپ، مۇنداق بىر مەسىلە ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىشتۇق: ئېمىشقا بىز ئۇيغۇرلار بەزى ساھەدە ناھايىتى زېرەك بولۇپ، خەنزۇلاردىن ئېشىپ چۈشىمىز، يەنە بەزى ساھەلەردە خېلىلا ئارقىدا قالىمىز.

سودا ساھەسىدە، شىنجاڭدىكى شۇنچە كۆپ مىللەتنىڭ ئۇيغۇرلاردىن ئېشىپ كېتىدىغىنى يوق. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان قىسقىغىنە ئون يىل ئىچىدە مەيلى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچىدە بولسۇن، مەيلى سىرتىدا بولسۇن، ئۇيغۇر سودىگەرلىرىمىزنىڭ ئايىغى تەگمىگەن يەر ئاز. گۇاڭدۇڭلۇق خەنزۇلار تىجارەتكە ناھايىتى ماھىر كېلىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق گۇاڭجۇنىڭ سەنيۈەنلى دېگەن يېرى ئۇيغۇر سودىگەرلەرنىڭ ماكانىغا ئايلىنىپ قالغان. بۇنىڭغا خەنزۇلارنىڭ ئۆزىمۇ ھەيرانكەن. چۈنكى باشقا ئۆلكە، رايونلاردىن بارغان خەنزۇلار تىل مەسىلىسى سەۋەبى بىلەن گۇاڭدۇڭدا تۇرالمايدىكەن. ئۇيغۇر سودىگەرلەر بولسا، جۇجياڭ دېلتىسىدا بەخۇدۇك يۈرىدىكەن. شاڭخەيلىك خەنزۇلارمۇ تىجارەتكە ماھىر. شۇنداق بولسىمۇ شاڭخەينىڭ شەرقىي جېجياڭ كوچىسى ئۇيغۇر كوچىسىغا ئايلىنىپ كەتكىلى تاس قالغان. ھەتتا پايتەخت بېيجىڭدىمۇ ئۇيغۇر سودىگەرلەر خېلى قاينايدۇ.

ئېلاۋە: ئۇيغۇرلارنىڭ سودىگەرچىلىك قىلىش قابىلىيىتى چەت ئەللىك ئەربابلارنىمۇ ھەيران قالدۇرماقتا. «پايدىلىنىش خەۋەرلىرى» نىڭ 1987 - يىل 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىكى سانىغا مۇنداق بىر خەۋەر بېسىلغان:

«رېيتېر ئاگېنتلىقىنىڭ 5 - مارت گۇاڭجۇ تېلېگراممىسى. جۇڭگونىڭ ئەڭ چەت رايونىمۇ مۇرەككەپ قاراڭغۇ بازارلاردىكى پۇل سودىسى بىلەن، ئەتكەسچىلىك تورلىرى بىلەن بىرلەشمەكتە، شياڭگاڭنىڭ شىمالىدىكى گۇاڭجۇ شۇ توردا مۇھىم رول ئوينىماقتا.

......

نۇرغۇن پۇل سودىگەرلىرى شىنجاڭدىن كەلگەن ئۇيغۇرلار ئىكەن. ئۇلار كوللېكتىپ ئوقەت قىلىدىكەن، خەنزۇلار بىلەن رىقابەتلىشىدىكەن. ئۇلار چوڭ شەھەرلەردە ياكى ساياھەتگاھلاردىكى مېھمانخانىلار ئالدىدا ئوقەت قىلىدىكەن.

پۇل تېگىشىدىغان بىر ئۇيغۇر سودىگەر گۇاڭجۇ ۋوگزالىنىڭ ئالدىدا مەن بىلەن گەپلىشىپ: «بىز ھەر بىرىمىز ئېيىغا 1000 يۈەنچە پۇل تاپالايمىز، لېكىن بۇ ئوقەت تولىمۇ مۇشكۇل» دەيدۇ... ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر سودىگىرىدىن تەركىب تاپقان بىر گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار ئۈرۈمچىدىن گۇاڭجۇغا ھەر نۆۋەت كەلگىنىدە ئۈچ ئاي تۇرىدىكەن، ھەر نۆۋەتتە 30 مىڭ دوللار شياڭگاڭ پۇلى تېگىشىپ ئېلىپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن گەزلىمە ئېلىپ، ئۈرۈمچىگە ماڭدۇرىدىكەن.

بىر ئۇيغۇر سودىگەر مۇنداق دەيدۇ: «بىز كوللېكتىپ ھەرىكەت قىلىمىز، چۈنكى بىز ئېلىپ كەلگەن پۇل كۆپ بولغاچقا، خەۋپ - خەتەرمۇ چوڭ. بىزنىڭ ئۇقەت قىلىۋاتقىنىمىزغا ئۈچ يېرىم يىل بولدى. ھەر قېتىمدا ئۈچ ئايچە تۇرۇمىز». شىنجاڭدىن كەلگەن ئۇيغۇرلار ئاشپەز، ساتراشمۇ ئالغاچ كېلىدىكەن، ئۇلار گۇاڭجۇغا كېلىپ كېتىپ تۇرىدىغان ئۇيغۇرلارغا خىزمەت قىلىدىكەن. قاچانلا بولمىسۇن، شۇنداق سودىگەرلەر بىرنەچچە يۈزدىن كەم بولمايدىكەن.

بۇنداق قارىغاندا بازار ئۇقىتى جەنۇبىي جۇڭگودا ناھايىتى ئومۇملىشىپ كېتىپتۇ. باشقا شەھەرلەردىمۇ، شۇ جۈملىدىن، بېيجىڭ، شاڭخەي، شىمەنلەردىمۇ ۋە ساياھەت مەركەزلىرىدىمۇ بار ئىكەن. پۇل تېگىشىدىغان ئۇيغۇر سودىگەرلەر بېيجىڭ شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى بىر ئاشخانىنىڭ دائىملىق خېرىدارى ئىكەن. ئۇ ئاشخانىنىڭ شۇنداق داڭقى باركى، ھەتتا چەت ئەللىكلەرمۇ ئۇنىڭغا «شىنجاڭ بانكىسى» دەپ لەقەم قويۇپتۇ...

بۇ خەۋەرنى نەقىل كەلتۈرۈشتىن مەقسىتىم، چەت ئەل پۇللىرىنى پەلەمسىما قىلىش ھەرىكەتلىرىنى مەدھىيىلەش ئەمەس. چەت ئەل پۇللىرىنى پەلەمىما قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خەنزۇلارنىڭ سانى ئۇيغۇرلاردىن جىق كۆپ ئىكەنلىكى چوقۇم، لېكىن بۇ خەۋەردىن قارىغاندا، خەنزۇلار رىقابەتتە ئۇيغۇرلارغا تەڭ كېلەلمەيدۇ. مۇشۇ بىر جەھەتمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ سودىگەرچىلىك قابىلىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرمەمدۇ؟

سودا ساھەسىگە قارىغاندا، مەن ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتىم بىلەن ناھايىتى پەخىرلىنىمەن، لېكىن باشقا ساھەلەرگە قارىغاندا، مەيۈسلىنىمەن. دەسەلەن، مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا ساھەسىدىكى ھازىرقى ھالىتىمىز كىشىنى مەمنۇن قىلالمايدۇ. ئۇستازىم، سىز ماڭا قارىغاندا كۆپ ئەھۋالدىن خەۋەردار. مەن بۇ يەردە مۇنداق بىرنەچچىلا ئەھۋالنى ئېيتاي:

1. 1986 - يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماتېماتىكىدىن ئالغان نومۇرى 60 قا يەتكەنلەر ئاران 0.9% دىن سەل كۆپرەكىنىلا تەشكىل قىلىپتۇ، بىر پىرسەنتكە يەتمەيدىكەن.

2. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردىن ئىچكى ئۆلكىلەردىكى تەتقىقات ئورۇنلىرىغا ۋە ئالىي مەكتەپلەرگە ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بېرىپ، ئىمتىھاندىن ئۆتكەن — قوبۇل قىلىنغانلىرى ئونغا يەتمەيدىكەن.

3. شىنجاڭدىن ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇۋاتقانلار ئىچىدە ئىجتىمائىي پەندە ئوقۇيدىغانلار تەبىئىي پەندە ئوقۇيدىغانلارغا قارىغاندا جىق كۆپ ئىكەن، دېمەك ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىغا بېرىپ خىزمەت قىلىدىغانلارنىڭمۇ ئاز بولۇشى تەبىئىي.

بۇ مەسىلىلەر ھەققەتەن كىشىنى قايغۇغا سالىدۇ. ئۇنداق ئويلىساقمۇ، بۇنداق مۇھاكىمە قىلساقمۇ، گەپ شۇ يەردىكەن: ھازىرقى دۇنيادا ھەرقانداق بىر مىللەت

مەزمۇت تۇرۇپ راۋاج تاپماقچى بولىدىكەن، پەن - تېخنىكىسىنى راۋاجلاندۇرۇشى زۆرۈر. ئۇستازىم، بۇ مەسىلىلەرنى ئويلاپ كۆرگەنلىكىڭىزدە شەك يوق. بىزنىڭ خۇلاسىمىزمۇ سىزنىڭكى بىلەن ئوخشاش چىقىشى مۇمكىن. شۇنداق بولسىمۇ يەنىلا سىزنىڭ تەلىمىڭىزنى ئاڭلاشقا تەييارمەن.

پروفېسسورنىڭ ئويلىغانلىرىمۇ بار ئىكەن. ئۇ ھېلىقى سالام خەتنى قاتلاپ ئېلىپ قويۇپ، ئويلاپ تۇرماستىنلا: «بۇ مەسىلىنى يېشىش ئاسان» دېدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئورغۇن ئادەمنىڭ كۆڭلىدە ئويلىغانلىرى بار ئىكەن، لېكىن گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلغىلى ئۇنىمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۆزى بىرمۇنچە سورۇندا گەپنىڭ ئوچۇقىنى سۆزلەپ كۆرۈپتۇ، لېكىن ھەر قېتىم سۆزلىگىنىدە بىرمۇنچە سوغۇق، تەنە گەپلەرگە يولۇقۇپتۇ. ئۇ شائىرلارغا خاس مىجەزلىك بولغاچقا، ئازغىنا تەنىسگە ئۇچرىسىلا كەيپى ئۆرلەپ كېتىدىكەن. ئۇمۇ كۆپ چاغلاردا مۇشۇ ئىش ئۈچۈن غەم يەپ ئازابلىنىدىكەن. ئۇ ھېلىقى ئوقۇغۇچىنىڭ جاسارىتىنى يارىتىدىكەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

— ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى بىزدىن دۇنيانى يېڭى تەپەككۇردا كۆزىتىشنى تەلەب قىلماقتا. يېڭى تەپەككۇر دېگىنىمىز، ھازىرقى زامان ئېڭىدا ۋە ھازىرقى زامان مېتودولوگىيىسىگە ئىگە تەپەككۇر دېمەكتۇر. ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ئەنە شۇنداق تەپەككۇر بىلەن تەھلىل قىلغاندىلا ئىلمىي خۇلاسە چىقارغىلى بولىدۇ. بىرمۇنچە كىشىلەر بىرەر مەسىلە توغرا كەلسىلا ھامان ئۆزىنى كەمچىلىكسىز مۇكەممەل قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ، ئەيىبىنى باشقىلارغا ئىتتىرىدۇ. ئۇ كونا تەپەككۇر. ئۇنىڭ مەسىلە ھەل قىلىشقا ياردىمى بولمايدۇ، كۆپ بولسا، ۋاقىتىنچە ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بولىدۇ. بۇ ياش ئوقۇغۇچى مەسىلىنى ئىككى ساھەدىكى پەرق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان، ئەمەلىيەتتە خۇلاسىمۇ شۇنىڭ ئۆزىدىن چىقىپ تۇرۇپتۇ. بۇ ھەقىقەتەن كىشىنى ئويلاندۇرىدۇ: ئۇيغۇرلار سودا ساھەسىدە ئىنتايىن زېرەك، مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا ساھەسىدە بولسا ئارقىدا قالغان. بەزىلەر، يىپەك يولى ئۈستىدە ياشىغان ئۇيغۇرلار كونا يىپەك يولىدىكى ئەرەب، پارس، خەنزۇ ۋە سوغدىلارنىڭ سودىگەرچىلىك تەجرىبىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىگە خاس مىللىي ئەنئەنە ياراتقان دېيىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرى ناھايىتى كۆپ، نېمىشقا سودىگەرچىلىك ئەنئەنىسى جارى بولۇپ، باشقا ئەنئەنىلىرى جارى بولمايدۇ؟ مېنىڭچە، سودا ساھەسىدە ئېتىبار بېرىش دېگەن گەپ يوق، پۈتۈنلەي رىقابەتكىلا تايىنىدۇ. سودا ساھەسىدە ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ كۈچىنى، ھازىرقى مودا سۆز بىلەن ئېيتقاندا، سۇبيېكتىپچانلىقىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا ساھەسىدە بولسا، ئۇزۇندىن بۇيان ئېتىبار بېرىش سىياسىتى يولغا قويۇلغانلىقتىن، جاپاغا چىداپ تىرىشمايدىغان، غەيرەت - ئىجتىھات قىلمايدىغان يۆلىنىۋېلىش پسىخىكىسى پەيدا بولۇپ قالدى.

— سىز شۇنداق دەپ قارامسىز؟

— شۇنداق. شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا جەھەتتە ئارقىدا قالغانلىقىنىڭ

سەۋەبلىرى كۆپ. تارىخىي جەھەتتە، رېئال جەھەتتە، رەھبەرلىك جەھەتتە، كولكرېت ئىجرا قىلىش جەھەتتە، سىياسەت جەھەتتە ۋە تەدبىر جەھەتتە سەۋەبلەر بار، چولڭ خەنزۇچىلىقنىڭمۇ، يەرلىك مىللەتچىلىكنىڭمۇ تەسىرى بار... نەتىجىسى بىر، سەۋەبى ھەر خىل. شۇ سەۋەبلەرنىڭ بىرەرسىگە كۆز يۇمۇشىمۇ يالغانچىلىق بولىدۇ، لېكىن سۇبيېكتىپ سەۋەبنى ئۆزىمىزدىن ئىزدىشىمىز لازىم. مېنىڭچە، شۇنداق قىلغان تۈزۈك. تارىختىن قالغان پەرق تۈپەيلىدىن ھازىرقى باسقۇچتا ئېتىبار بېرىش زۆرۈر. ئېتىبار بېرىش—پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قىلغان غەمخورلۇقى. مۇبادا ئېتىبار بېرىشنى قارىغۇلارچە چۈشىنىپ، ئۇنى مۇتلەقلەشتۈرۈۋالساق زىيان تارتىمىز. لاۋزى: «دۈشمىنى يوق دۆلەت ھالاك بولۇر» دەپتىكەن. بۇنى ھازىرقى زامان تىلى بىلەن شەرھلىسەك، «رىقابەتچى رەقىبى يوقلار زەئىپلىشىپ كېتىدۇ» دېگەنلىك بولىدۇ.

— شۇنداق، مەن بولسام موڭغۇل. دەسلەپتە كەسكىن رىقابەت ئىچىدە چىڭگىزخان ئوتتۇرىغا چىققان، شۇنداقلا ئۇ رىقابەت ئىچىدە يەر-جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان ئىشلارنى قىلغان. مەنچىڭ خاندانلىقى دەۋرىدە موڭغۇللار ئالاھىدە ئېتىبارغا ئىگە بولدى. بىرنەچچە يۈز يىلدىن كېيىن ئەسلىدىكى قۇدرەتلىك موڭغۇللار كىچىك مىللەتكە ئايلىنىپ قالدى.

— ئىلگىرى، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، دەپ قارالغان داشقازان تامىقى جۇڭخۇا ئېلىنىڭ ئەمگەكچانلىقىنى، باتۇرلۇقىنى يوقىتىۋەتتى. شياڭگاڭ، سىنگاپور، تايلاند قاتارلىق جايلار ۋە ئەللەردىكى خەلقلەر خەنزۇلارنى ھۇرۇن، دەپ زارلىنىدىكەن. ئىلگىرى بۇنداق دېيىشكە يول قويۇلمايتتى، دېگەنلەرگە «پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى» دېگەن يوغان قالپاق كىيگۈزۈلەتتى. بۇ جەھەتتە ئېچىنىشلىق زىيانلارنى تارتقاندىن كېيىن، مانا ئەمدى جۇڭگولۇقلار: داشقازاننىڭ تامىقى ھۇرۇن-تەييار تاپلارنى باقىدىكەن، دەپ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئېتىراپ قىلغاندا ئاكتىپلىق بىلەن تۈزەتكىلى بولىدۇ. ھازىر شىنجاڭدا ئېتىبار بېرىشتىن پەيدا بولىدىغان پاسسىپ تەرەپلەرنى ئېتىراپ قىلمايدىغان ئادەم ئاز ئەمەس. ئۇياق-بۇياقلارغا بېرىپ، ئۇنىڭ-بۇنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، جەمئىيەتنى كۆپرەك تەكشۈرۈپ كۆرۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

خاتىرە — 1:

تۈركىيە «لالە» ھەسسىدارلىق كىيىم شىركىتىنىڭ ئۇيغۇر دىرېكتورى تاشپولات بۇنىڭدىن 20 نەچچە يىل ئىلگىرى شىنجاڭدىن چىقىپ كەتكەندە، ھال-كۈنى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىكەن. مانا ئەمدى ئۆز يۇرتىغا كاتتا باي سودىگەر بولۇپ قايتىپ كەلگەن. ئۇ ئۈرۈمچىدە ۋە غۇلجىدا ئۆز سەرمايىسى بىلەن زاۋۇت-فابرىكا قۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن. ئۇنىڭدا چەت ئەل دۆلەت تەۋەلىكىگە ئۆتتۈم دەپ ھال پەيدا قىلىدىغان، ئۆزىنى باشقىلاردىن چوڭ چاغلايدىغان چاكىنىلىق يوق ئىكەن. ئۇ كرېسلودا يانتۇ ئولتۇرۇپ «No politic» دەپ قايتا-قايتا تەكىتلىدى. ئۇ سالاپەتلىك، گەپ-سۆزلىرى سىلىق ئادەم ئىكەن، سۆزنى ئەقىلگە سېلىپ ئويلاپ، جايىدا قىلىدىكەن.

— مېنىڭ بوۋىلىرىم ئىلگىرى ئافغانىستاندا تىجارەت قىلغانىكەن. چوڭ دادامنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، چوڭ دادام شىنجاڭغا قايتىپ كەپتىكەن. تۇرمۇشنىڭ قىيىنچىلىقىدىن 1961-يىلى ھۆكۈمەتنىڭ رۇخستى بىلەن يەنە ئافغانىستانغا كېتىپتۇ. كابولدا ئىككى-ئۈچلا ئاۋاتراق رەستە بار ئىكەن، كىچىك كوچىلىرى تولىمۇ ۋەيرانە بولۇپ، ئۈرۈمچىگىمۇ يەتمەيدىكەن. ئافغانلار سۇپۇرگە ياساشنى بىلمەيدىكەن. ئاتا-ئانام سۇپۇرگە ياساپ سېتىپتۇ. كابولنىڭ بازارلىرىدا ئۇگرە يوق ئىكەن، ئانام خېمىر يېيىپ ئۇگرە كېسىپ قۇرۇتۇپ سېتىپتۇ. ئافغانىستان مەدەنىيەتتە ئارقىدا ئىكەن. مەن غۇلجىدىن چىقىپ كېتىدىغان چاغدا ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتمىگەنىدىم، كابولغا بارغاندىن كېيىن، ئافغانىستان دۆلەتلىك ئۈلچەم ئىدارىسىگە خىزمەتكە ئېلىنىدىم. شۇ چاغدا 17 ياش ئىدىم. شىنجاڭدا ھېچنەرسىدىن غېمىم يوق ئىدى، ھۆكۈمەت ئۆزىلا پەللىگە يەتكۈزۈپ قويىدىغاندەك خاتىرجەم ئىدىم. تىرىكچىلىك يولىدا غەم-قايغۇ دېگەننى بىلمەيتتىم. بولۇپمۇ ھۆكۈمەت ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېتىبار بېرىپ تۇرغاچقا، ئاسقاپمۇ قالمايتتىم. مەكتەپتە خۇددى ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن ئوقۇيدىغاندەكلا تالىشىپ-تاكاللىشىپ كېتەتتىم، تىرىشمايتتىم. ئافغانىستانغا بارغاندىن كېيىن ئىش باشقىچە بولۇپ چىقتى. ياخشى ئىشلىسىڭىز بىر نۆرى، ياخشى ئىشلىمىسىڭىز نان يوق. ئۈلچەم ئىدارىسىدە ئىشتىن ھەيدىلىپ كېتەرمەنمىكىن دېگەن ئەندىشىدىن زادىلا قۇتۇلالمىدىم. ئۈلچەم ئىدارىسىدە كەسىپنى باشقۇرىدىغان مۇتەخەسسىسلەر ياكى ئىنگلىز، ياكى ھىندى، ئۇلار ئىشنى ناھايىتى چىڭ تۇتىدۇ. ئادەمنىڭ مەنىۋى ھالىتىنىڭ رولى كارامەت بولىدىكەن. مېنىڭدىكى غەم-ئەندىشىنى بىلمەيدىغان خاتىرجەملىكنىڭ ئورنىنى ۋەھىمە ئالدى، تۇرمۇش پوزىتسىيەممۇ ئۆزگەردى. يۇرتۇمدا ئوقۇشقا تىرىشمىغان بولسام، ئافغانىستانغا بارغاندىن كېيىن قېتىرقىنىپ ئوقۇيدىغان، ئۆگىنىدىغان بولدۇم. مۇتەخەسسىسلەرمۇ مېنىڭ تىرىشچانلىقىمنى كۆرۈپ، قىزغىن ياردەم بېرىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئاخىر، ئۈلچەش كەسپىنى پىششىق بىلىۋالدىم، ئىنگلىز تىلىنىمۇ ئۆگىنىۋالدىم.

ئېلاۋە: ئۇ ئىنگلىز تىلىنى سۇدەك بىلىدىكەن، كەمىنە مۇخبىر بىلەن سۆزلەشكىنىدە پات-پاتلا ئىنگلىزچىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلىدى.

— ئەگەر ئۇ يەردە ھۆكۈمەت ئېتىبار بەرگەن بولسا، ئۆگىنىشكە ئۇ قەدەر كۆپ كۈچ سەرپ قىلماس ئىدىم. كېيىن دادام بىلەن تۈركىيىگە باردىم. تۈركىيە كېيىنكى يىللاردا ناھايىتى تېز راۋاجلىنىپتۇ. مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئافغانىستاننىڭكىدىن كۆپ يۇقىرى ئىكەن. ئالىي مەلۇماتلىق ۋە چەت ئەللەردە بىلىم ئاشۇرغان ئادەملەر كۆپ ئىكەن. مەن چاغلىق بىلىم سەۋىيەم بىلەن تۈزۈكرەك خىزمەت تاپالماسلىقىم تۇرغان گەپ. شۇنىڭ ئۈچۈن نائىلاج ئىستانبۇل خۇرۇم زاۋۇتىغا كىرىپ ھۈنەر ئۆگىنىشكە باشلىدىم. شۇ جەرياندا بىر تۈرك قىز بىلەن تۇرمۇش قۇردۇم، پەرزەنت كۆردۈم. پەرزەنتىمنىڭ ئەھۋالىدىن نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىۋالدىم. تۈركىيىدە شەرت-شارائىت ناھايىتى ئېغىر، دىپلوم بولمىسا، ھۈنەر بولمىسا، مائاشى ئوبدانراق خىزمەت تاپماق بەكمۇ مۇشكۈل. قىزىم 11 يېشىدىلا ئىنگلىز تىلىنى ناھايىتى ئوبدان سۆزلەيدىغان

بولۇپ قالدى. ئەگەر مەكتەپ ئۇنىڭغا ئېتىبار بەرگەن بولسا، تىرىشچانلىقىنى بوشاشتۇ-
رۇپ قويغان بولاتتى.

دادام تىرىكچىلىك قىلىشتا يولى بار ئادەم بولغاچقا، ستامبۇلدا خۇرۇم زاۋۇتى قۇردى. مەن تىجارەت سەۋەبى بىلەن ئىتالىيە، ياپونىيە، بۇلغارىيە، ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيالارغا باردىم، تەيۋەنگىمۇ ساياھەت قىلىپ باردىم. مەندە شۇنداق چوڭقۇر تەسىرات پەيدا بولدىكى، ھەرقانداق مىللەت پەن، مەدەنىيەت ۋە تېخنىكا جەھەتتە تەرەققىي قىلمايدىكەن، قالاقلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ. مەدەنىيەت، پەن ۋە تېخنىكىدا تەرەققىي تېپىش ئۈچۈن، باش چۆكۈرۈپ تىرىشىدىغان، جاپاغا چىداپ ئۆگىنىدىغان غەيرەت بولمىسا بولمايدۇ. سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيالىق-
لارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى شىنجاڭنىڭكىدىن كۆپ ئۈستۈن ئىكەن. ئۇلار ئېتىبار بې-
رىشنى ئاللىقاچان بىكار قىلغان بولۇپ، يۆلىنىۋېلىش پىسخىكىسىمۇ زور دەرىجىدە ئاز-
لاپتۇ. ئۇلارنىڭ تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە نۇرغۇن مۇتەخەسسىس، ئالىملىرى بار، ئايتماتوۋقا ئوخشاش ئەدىبلىرى دۇنياغا مەشھۇر.

مەن بۇ نۆۋەت ئانا يۇرتۇمدا ئۆز سەرمايەم بىلەن زاۋۇت قۇرۇش ئۈچۈن قايتىپ كەلدىم. قارىسام، بۇ يەردىكى خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدى-
كىدىن كۆپ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپتۇ، ھەممە ئادەم ئۆز ئوقىتى بىلەن خاتىرجەم ياشاۋې-
تىپتۇ، لېكىن بەزى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم، ئۇلارنىڭ بىلىم دائىرىسى تولىمۇ تار ئىكەن! جۇڭگو ھەر يىلى قانچىلىك مال ئىمپورت قىلىدۇ، قانچىلىك ئېكسپورت قىلىدۇ، بالانسى ئاكتىپمۇ ياكى پاسسىپمۇ؟ بۇلارغا جاۋاب بېرەل-
مەيدىكەن. ياشلىق دەۋرىمىدىكى كۆلەڭگەمنى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن كۆرۈپ قالدىم. ئۇلار شۇنداق بىغەم، بىپەرۋا ئىكەن، جىددىيلىك تۇيغۇسى، خەۋپ تۇيغۇسى كەم ئى-
كەن. سىلەر، ئاخبارات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار چوقان بىلەن دالالەت قىلساڭلار بولىدۇكى، غەيرەت قىلماي، جاپاغا چىداپ تىرىشماي تۇرۇپ، روناق تاپىمىز دېگەن بىكار!

ئېلاۋە: تاشپولات تۇرلۇك ھادىسىلەرگە سىنچىلاپ قاراپ، مەسىلىنىڭ تۈگۈنى يۆ-
لىنىۋېلىش ئىكەنلىكىنى بايقىغان.

خاتىرە — 2:

شىنجاڭ داشۆ فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ ياش ئوقۇتقۇچىسى ئەركىن سىدىقنى ئۇچ-
راتقانلىقىم ئۈچۈن ناھايىتى خۇشال بولدۇم. ئۇنىڭ ياپونىيىدىن قايتىپ كەلگىنىگە تېخى ئەمدىلا بىرنەچچە كۈن بولغانىكەن. دابەن ئېلېكترىك سايمانلىرى داشۆسىنىڭ تەجرىبىخانىسىدىكى ئەھۋاللار تېخى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمىگەن، ھېسسىياتى تېخى تولۇق ئەسلىگە قايتمىغانىكەن. مەن كۆرۈشكىلى بارغاندا، ئۇستەلدە ماتېرىيال يېزىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئېگىز بويى، ئاق پىچىم چىرايى، زىيالىي سۈپەت قامىتى ھەرقانداق كىشىنىڭ دىققىتىنى بىردەمدىلا ئۆزىگە تارتىۋالالايدىكەن. ئۇ شىنجاڭغا پۈتۈنلەي يېڭى نەزەر بىلەن قارايدىكەن. ئۇنىڭ مېھمانخانىسىدا چىرايلىق سۆھبەت-

پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، گويا سەھەرنىڭ ساپ ھاۋاسىنى سۈمۈرگەندەك، ئىچ-باغرىم ئېچىلىپ قالدى.

— ياپونىيىنىڭ دابەن ئېلېكترىك داشۆسىدە بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان چېغىمدا، ياپونلار ھەدېسىلا مەندىن: «ياپونىيىگە كەلگەندىن بۇيان نەزەرىڭىزگە ھەممىدىن بەك سىڭغان نەرسە نېمە؟ سىزنىڭچە ھەممىدىن بەك ئوسال يەرلىرىمىز نېمە ئىكەن؟ ھەممىدىن بەك قالاق يەرلىرىمىز نېمە ئىكەن؟» دەپ سوراپ تۇردى. ئۇلار كەمچىلىكلىرىنى، يېتىشسىزلىكلىرىنى ئېيتىشىمىز خۇرسەن بولىدىكەن، لېكىن بىزنىڭ جۇڭگودا بولسا، ياخشى دەپ تەرىپلىگەننى ياخشى كۆرىدىكەنمىز. ئۇيغۇرلار جۇڭگولۇقلارنىڭ بىر قىسمى، بىزمۇ باشقىلارنىڭ ياخشى دەپ ماختىشىنى ياخشى كۆرىدىكەنمىز. ئۆزىنىڭ يېتىشسىزلىكلىرىنى تونۇمىغاندا ئالغا ئىلگىرىلەش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. ياپونىيىگە بارغاندىن كېيىن، بىز ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كەمچىلىكلىرىمىز نېمە؟ دېگەن سوئال مېڭەمدىن كەتمىدى. مەن ئۆزۈم ياش، ئۆزۈمنى ياپونلارنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا سېلىشتۇرۇپ باقتىم: ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە ياپون ئوقۇغۇچىلار كۇتۇپخانىغا ھەممىدىن كۆپ كىرىدىكەن، بىز ئاز كىرىدىكەنمىز؛ دەرسلىكتىن باشقا ماتېرىياللارنى ئوقۇشتا ياپون ئوقۇغۇچىلار كۆپ ئوقۇيدىكەن، بىز ئاز ئوقۇيدىكەنمىز؛ ياپون ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە 3 - 4 تىن بولۇپ قۇرۇق پاراڭ سوقۇدىغانلار ئاز، بىزدە كۆپ ئىكەن؛ ياپون ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ھەددى-ھېسابسىز كىنو كۆرىدىغانلار، تانسا ئوينايدىغانلار ئاز ئىكەن، بىزدە كۆپ ئىكەن. مانا بۇ ئەھۋاللار ئىككى خىل پسىخىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدىكەن. بىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمىز ئالىي مەكتەپكە كىرىۋالسىلا دىپلوم ئالالماسلىقتىن ئەندىشە قىلمايدىكەن؛ دىپلوم ئېلىۋالسىلا، خىزمەتكە تەقسىم قىلىنالماسلىقتىن ئەندىشە قىلمايدىكەن؛ خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ، مەلۇم ستاژغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۇنۋان ئالالماسلىقتىن ئەندىشە قىلمايدىكەن. مانا بۇنداق بىخەملىك، تەبىئىيكى، كىشىنى ھۇرۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ياپون ئوقۇغۇچىلاردا ئۇنداق قورقماسلىق يوق ئىكەن.

ئېلاۋە: ھاياتلىق ئىجادچان كۆچكە باي بولىدۇ، لېكىن ھاياتلىق تەبىئىي يوسۇندا راھەت-پاراغەتكە ئامراق بولىدۇ. مانا بۇنداق زىددىيەت ئادەملەرنى تۇرمۇشتا تۈرلۈك تۈسكە كىرگۈزۈپ قويىدۇ: بەزىلەر جەسۇر بولىدۇ، بەزىلەر زەئىپ بولىدۇ؛ بەزىلەر زېرەك، بەزىلەر دۆت بولىدۇ؛ بەزىلەر غالىب، بەزىلەر مەغلۇپ بولىدۇ. بۇلار ھاياتنىڭ ئىككى خىل خۇسۇسىيىتىدە بولغان ئۆزگىرىشلەرنىڭ نەتىجىسى. پەم-پاراسەتلىك ئادەملەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تولا ئادەملەر ئۆزىنىڭ راھەت-پاراغەت كۆرۈش تەمەسىنى قاندۇرۇشقا تاشقى جەھەتتىن بىرەر ھىممات-يۆلەنچۈك تاپالمىغاندىلا، لېۋىنى چىشلەپ، بېلىنى باغلاپ، ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىشقا، پىداكارلىق كۆرسىتىشكە، ئىجاد قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھاياتنى نۇرلاندۇرىدۇ. تاشقى دۇنيادىن راھەت-پاراغەت سۈرگۈدەك بىرەر ئىمكانىيەت تېپىلىپ قالسا، بەزى راھەت كۆرۈش تەمەسىنى ئەجىرسىزلا قاندۇرۇش ئىمكانىيىتى چىقىپ قالسا، ئۇ ھالدا بوشىشىپ، توختاپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھاياتنىڭ زەئىپلىكىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ھاياتنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىش، ئۇنىڭغا يول قويۇش ۋە ئۇنىڭغا ئىنتائەتچان بەندىچىلىك قىلىش — بۇ نادانلارنىڭ نادانلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبى. پەقەت پاراسەتلىك ئادەملەرلا ھاياتنى قامچا بىلەن ھەيدەپ ماڭىدۇ.

— روھ شەكىلسىز بولىدۇ، ھەرقانداق ئادەم پاسسىپ روھىي كۈچىنىڭ ئىلكىگە چۈشۈپ قالغاندا، ئۆزىنىڭ شۇنداق مەھكۇم ھالىتىنى چۈشىنىپ كېتىشى تەس. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، بەزى ساۋاقداشلىرىمنىڭ بوشاڭلىقىغا، ئويۇن-كۈلكە بىلەن ۋاقتىنى زايە قىلىپ يۈرىدىغانلىقىغا، ئۆزى ناھايىتى زېرەك بولسىمۇ، جاپادىن قاچىدىغانلىقىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالاتتى. شۇنداق ئەھۋاللار ئايرىم كىشىلەرنىڭلا ئوقۇشقا تۇتقان پوزىتسىيىسى مەسىلىسى ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭدا بىر خىل روھىي ھالەت رول ئويناۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان بولساممۇ، كونكرېت مەزمۇنىنى ئېيتىپ بېرەلمەيتتىم.

فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى غاپپار بىزنى چىڭ تۇتاتتى. ئۇ ئېيىنىشتېيىننىڭ نىسبەت نەزەرىيىسىگە كامىل ئىدى. بەزىمىزنىڭ ئوقۇش نەتىجىمىز ناچار تۇرۇپمۇ تىرىشمايۋاتقانلىقىمىزنى كۆرگىنىدە: «باشقىلار ئېتىبار بېرىدۇ، دەپ قاراپ ئولتۇرامسىلەر؟ كۆزۈڭلار يوقمۇ؟ قولۇڭلار چولاق، قۇلىقىڭلار گاسمۇ؟ سىلەر مېيىپمۇ؟ نېمىشقا جاپاغا چىداپ ئوقۇمايسىلەر؟» دەپ تەنقىد قىلاتتى. بەزى ساۋاقداشلار بۇ تەنقىدنى ئاڭلىغىنىدا، «ئېتىبار بەرمىسە بولامدۇ؟ بىزنى خەنزۇلارغا ئوخشاتسا قانداق بولىدۇ؟ تەڭلەشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس!» دەپ پەرۋا قىلمايتتى. ئويلاپ قارىسام، ئۇلار ئېتىبار بېرىشنى مەنىۋى ھىمات قىلىشىۋالغانىكەن. شۇڭا ئۇلار ئەلا نەتىجە ئېلىش يولىدا جاپاغا چىداپ ئوقۇشنى خالىمايدىكەن. مەنمۇ سىنىپتا: «بۈگۈنكى كۈندە ئېتىبار بېرىش زۆرۈر، لېكىن بىز ئېتىبار بېرىشكە-تەييارغا ئاشىق بولۇۋالساق، ئۆزىمىزنىڭ ئۆسۈشىمىزگە زىيان يېتىدۇ» دەپمۇ باقتىم. بۇ گەپنى ياقتۇرىدىغانلار تولىمۇ ئاز بولدى. شۇنى بايقاپ قالدىمكى، بىر خىل روھىي ھالەت ۋۇجۇدقا چىقىپ قالسا، شۇنداق روھىي ھالەتنى ۋۇجۇدقا چىقارغان مۇھىت ئۆزگەرتىلمەيدىكەن، ئۇ روھىي ھالەتنى تۈگىتىش ناھايىتى قىيىن. مەنمۇ شۇنداق مۇھىتتا ئۆسكەن. روھىمدا ئۇنىڭ ئىزلىرىنىڭ بار-يوقلۇقىنى ئويلاپ قارىسام، يوق ئەمەس ئىكەن. تەبىئىي قىسمەتتە خەنزۇلارمۇ، ئۇيغۇرلارمۇ باراۋەر بولسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز ۋاقتىدا خەنزۇ مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاش ئوقۇش ئۈچۈن، ھەتتا ئۇلاردىن ئېشىپ چۈشۈش ئۈچۈن تىرىشىمەن، ئاغزىمدىكى گەپ بىلەنلا توختاپ قالماستىن، ئەلاچى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاش جاپا چېكىپ ئوقۇيمەن، دەپ نىيەت قىلدىم، كۈنىگە 13 سائەت ئۆگىنىمەن دەپ پىلان تۈزدۈم. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئۆز تىلىمدا ئوقۇغاچقا خەنزۇچىنى بىلمەيتتىم. ئالىي مەكتەپنىڭ تەييارلىق سىنىپىدا بىر يىل ئوقۇپ، خەنزۇ تىلى گرامماتىكىسىنى ۋە بىر مۇنچە خاس ئاتالغۇنى ئاساسەن ئۆزلەشتۈرۈۋالدىم. كېيىن ئىنگلىز تىلىنىمۇ ئۆگەندىم. 1984-يىلى APT ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، بىر قېتىمدىلا ئۆلچەمگە يەتتىم. شۇنى چۈشەندىمكى، ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يوشۇرۇن كۈچ چەكسىز

بولىدىكەن، يوشۇرۇن كۈچنى قانچىكى قازىسىڭىز، ئۇ شۇنچە ئۇلغىيىپ تۇرۇدىكەن. بە-
زى ئادەملەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىكەن، غەلىبە قىلىدىكەن. ئۇنىڭ سەۋەبى، ئۇلار شۇ
يوشۇرۇن كۈچلەرنى ئەڭ زور دەرىجىدە بىلىمگە، قابىلىيەتكە ۋە ئۇتۇقـقا ئايلاندۇرۇ-
دىكەن. بەزىلەر ئۆمۈر بويى پالاقلاپ-سوكۇلداپ ئۆتىدىكەن، بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئۆز-
دىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى زادىلا قازالمىغانلىقى، ئىشقا سالالمـىغانلىقى سەۋەبچى بولـ
دىكەن. جاپا چېكىشنىڭ ئۆزى يوشۇرۇن كۈچلەرنى قازىدىغان بۇقۇسا ئىكەن. باشقىلار
كىنو كۆرگىلى بارسا، مەن بارمىدىم، باشقىلار تانسىغا چۈشسە، مەن چۈشمىدىم، قىز-
لار تەبەسسۇم قىلسا، مەن مەت قىلمىدىم، لەرزان شامال سوقۇپ تۇرغان ئايدىڭ كې-
چىلەردىمۇ، قاسقاننىڭ هورىدەك ئىسسىق تومۇز كېچىلىرىدىمۇ، جۈت بولۇپ شەۋدىرغان
غۇيۇلداپ تۇرغان زىمىستان كېچىلەردىمۇ شىرەدىن باش كۆتۈرمەي ئوقۇدۇم.

مەن شىنجاڭ داشۆ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىغا رەئىس، ئاپتونوم رايونلـۇق ياشلار
بىرلەشمىسىگە رەئىس، ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك ئوقۇغۇچىـلار بىرلەشمىسىگە
رەئىس، مەملىكەتلىك 10 - نۆۋەتلىك ياشلار بىرلەشمىسىگە مۇئاۋىن رەئـىس بولغانىدىـم،
شۇ مەنسەپلەرنىڭ سايـىسىدە تېخىمۇ كۆپ ئېتىبارلارغـا ئېرىششىم مۇمكىن ئىـدى،
لېكىن ئۇلار تۆۋىىز دەرەخ، يىلتىزسىز گـىياهقا ئوخـشايتتى. قىسقا ۋاقىت يېشىل
يوپۇرماق چىقىرىپ، چېچەكلەپ-غۇنچىلاپ، كىشىلەرنى زوقلاندۇرۇشى مۇمكىن، لېـكىن
تېخىمۇ بەكرەك يۈلىنىۋېلىش پسىخىكىسىنى پەيدا قىلىشى، ئۆزۈمدىكى يوشۇرۇن كۈچ-
لەرنى قېزىشتىن ۋاز كەچتۈرۈشى مۇمكىن. كۈنلـەرنىڭ ئۆتۈشـى بىلـەن يوپۇرماقـلار
سارغىيىپ، گۈللەر يىگىلەپ-سولىشىپ، ئەرزىمەس ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىشىم مۇمكىن
چەتتىن كەلگەن شان-شەرەپلەرنى ئۆتكۈنچى بولۇت، تۇتۇن دەپ قارىدىـم. شۇ مەن-
سەپلەردىن ئۆزۈمگە كەلگەن پايدىسىز ئامىللارغا سوغۇققانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدى-
غان بولدۇم. چۈنكى ئىجتىمائىي پائالىيەت كۆپ بولۇپ، تولا ۋاقتىم ئۇ يەر-بۇ يەرگە
بېرىپ مەجـلىس-يىغىنغا قاتنىشىش بىلـەن بەنت بولـۇپ كەتسـە، ئوقۇشۇم توختـاپ
قالىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈمگە ئۆزۈم غەيرەت بېرىپ، دەم ئېلىـش ۋاقتىـمنى ۋە
ئوخلاش ۋاقتىمـنى قۇربان قىلىدىغـان، قانچىلىك ۋاقـىت زايە كەتكەن بولـسا، شۇنىڭ
ئورنىنى تولدۇرىدىغان بولدۇم. شۇنداق قىلىپ، ئاخىر، ئەلاچى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ
نەتىجىسىگە يېتىشىۋالدىم. ئالغا ئىنتىلىش پسىخىكـىسى كېرەكمۇ ياكـى يۆلىنىۋېلـىش
پسىخىكىسى كېرەكمۇ؟ ئىككى خىل تۇرمۇش پوزىتسىيىسىدىن ئىككى خىل نەتىجە كېلىپ
چىقىدىكەن.

ياپونىيىگە بارىدىغان چېغىمدا بەزىلەر ماڭا: «مەن جۇڭگولۇق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى»
دېگەن سەۋەبنى كۆرسىـتىپ، ئېتىبار بەرگۈزۈپ، ئۆزۈڭگە ھەل بېرىپ قايتىپ كەل-
سەڭ بولمىدىمۇ» دېيىشتى، لېكىن ئۇنداق قىلىش سەت ئىش ئىدى. ئۇيغـۇرلارنىڭ
شەنىگىمۇ، جۇڭگونىڭ شەنىگـىمۇ داغ چۈشۈرگەنلىك بولاتتـى. ياپونىيىگـە بارغانـدىن
كېيىن كۆزۈم تېخىمۇ ئېچىلدى. بۈگۈنكى دۇنيا سۇبيېكتىپچانلىقنى جارى قىلدۇرۇ-
دىغان، ئاكتىپچانلىق بىلەن پىداكارلىـق كۆرسەتمىگەنىدە، ئىجاد قىلمىغانـدا، زامانغا

يارىشا ئادەم بولغىلى بولمايدىغان دۇنيا ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ قالدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگولۇقلارنىڭ ياپونلاردىن قېلىشمايدىغانلىقىنى ئەلا نەتىجە بىلەن ئىسپاتلايمەن، دېگەن ئىككىنچى نىيەتنى باغلىدىم. بۇ نىيەتنى جاپا چېكىپ تىرىشقاندىلا گۈزەل رېئاللىققا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا تەييار يول يوق. ياپونىيە ئالىي مەكتەپلىرىدە ئوقۇش ھاۋاسى بىزنىڭكىدىن ياخشى ئىكەن، ئوقۇغۇچىلىرىمۇ بىزگە قارىغاندا تىرىشچان ئىكەن. مەن ئۇلاردىنمۇ كۆپرەك تەر تۆكتۈم، ئۇخلىماي تاڭ ئاتقۇزغان كېچىلىرىم ئۇلارنىڭكىدىن كۆپ بولدى. مىنگوۋۇ شەھىرى ياپونىيىنىڭ مەشھۇر ساياھەتگاھى ئىكەن، دابەن شەھىرىگىمۇ يېقىن ئىكەن. پۈتۈن ۋاقتىم تەتقىقات بۆلۈمىدە ياكى كۈتۈپخانىدا ئۆتكەچكە، ئۇ يەرگە بىر قېتىممۇ بېرىپ باقمىدىم. ئىككى يېرىم يىل ئىچىدە ئۇستازلىرىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە سەككىز تەتقىقات تېمىسىنى تاماملىدىم، ياپونچە، ئىنگلىزچە تىلدا 12 پارچە ئىلمىي ماقالە يازدىم. بۇلارنىڭ بەزىسىنى ياپونىيىدىكى ئىلمىي يىغىندا ئوقۇپ بەردىم، بەزىسىنى خەلقئارا ئىلمىي يىغىندا ئوقۇپ بەردىم، ئۈچ پارچىسى ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك ئېلېكترىك كەسپىي ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى.

ۋۇجۇدۇمدا ناھايىتى زور ئىجادىيەت ئىقتىدارى بارلىقىغا بارغانسېرى بەكرەك ئىشىنىدىغان بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن ھەرقانداق قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە، ئاۋۋال ئۆزۈمگە ئۆزۈم غەيرەت بېرىپ، ئۆزۈمنى ئىجادىيەت چاقماقلىرىنى چاقنىتىشقا مەجبۇر قىلىدىغان ئىندىيەۋى ئادەت پەيدا بولۇشقا باشلىدى. دابەن داشۆسى ياپونىيە بويىچە بىرىنچى قاتاردىكى ئالىي مەكتەپ بولۇپ، ئۇلار بىر تېمىنى ئۇزۇندىن بۇيان تەتقىق قىلىپ، بىرەر نەتىجە چىقىرالمىغانىكەن. شۇ تېمىغا مەسئۇل بولغان ئوقۇتقۇچى مېنىڭ ئۇستازىم بىلەن پاراڭلىشىپ، مېنىڭمۇ شۇ تېمىنى تەتقىق قىلىۋاتقانلىقىمنى، بەلكى بىر ئاز نەتىجە قازانغانلىقىمنى ئاڭلاپ، دەرھال مېنى ئۆزلىرى بىلەن ھەمكارلىشىشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار مېنىڭ بىر يىل ئىچىدە بىرنەچچە تېمىنى يەشكەنلىكىمنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇشتى، مەخسۇس تەكلىپ قىلىپ مېنى ئۆزلىرىنىڭ دوكتورلۇقتا، ماگىستىرلىقتا ئوقۇۋاتقان ئاسپىرانتلىرىغا بىر قېتىم ئىلمىي دوكلات بەرگۈزدى.

ياپونىيىدە ئۇچۇر چاپسان. ئۇلار چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلاردىنمۇ ئۆزلىرىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ تاشقى ئىشلار ۋازارىتى چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارنى «دۇنيا بىر پۈتۈنلۈككە قاراپ كېتىۋاتقان XXI ئەسىردە سىز نېمە قىلماقچى؟» دېگەن تېمىدا ياپون تىلىدا نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسىگە ئۇيۇشتۇردى. ئۇنىڭغا 72 نەپەر چەت ئەللىك ئوقۇغۇچى ماقالە ئەۋەتىپ تىزىملاتقانىدى. ئۇلاردىن ئون ئوقۇغۇچى تاللاندى، شۇلارنىڭ بىرى مەن. مۇسابىقە نەتىجىسىدە، جۇڭگولۇق بىر قىز ئوقۇغۇچى ئىككىنچىلىكنى، مەن تۆتىنچىلىكنى ئالدىم. مۇكاپاتنى قولۇمغا ئېلىۋېتىپ، يۈرىكىم ئويناپ كەتتى. بۇ مۇكاپات مېنىڭ چىشىمنى چىشلەپ تىرىشىپ ئالغا ئىنتىلگەنلىكىمنىڭ مۇكاپاتى بولدى، دەپ ئويلىدىم. بۇنىڭدىن شۇنداق چوڭقۇر تەسىراتقا كەلدىمكى، ھەرقانداق ئادەم يۆلىنىۋېلىش روھىي ھالىتىنى تاشلىسا، ئاجايىپ

مۆجىزە يارىتالايدىكەن. ھازىرقى كۈندە، مىللىتىمىزنى مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكا جەھەتتە تېز راۋاجلاندۇرىمىز دېسەك، ئەنە شۇنداق روھىي ھالەتلەرنى تاشلىشىمىز لازىم، ئېتىبار بېرىشكە ئەلمۇرسەك، يۆلىنىۋېلىش روھىي ھالىتىمىز كۈچىيىپ كېتىدۇ، خالاس.

ئېلاۋە: ئۇ تۈرلۈك ھادىسىلەرگە سىنچىلاپ قاراپ، مەسىلىنىڭ تۈگۈنى يۆلىنىۋېلىش ئىكەنلىكىنى بايقىغان.

مەن پروفېسسور بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا ھۆكۈملىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى تۇرمۇش ئىسپاتلاپ بەرگەنلىكىنى ئېيتتىم. مەن پاراڭلاشقان كىشىلەرنىڭ قېيىداش پىسخىكىسى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىزنى ئاسان قوبۇل قىلغانلىقىنى، يۆلىنىۋېلىش روھىي ھالىتى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىزنى تىلغا ئالغاندا، چىرايلىرىنىڭ ئۆزگەنلىكىنىمۇ سۆزلەپ بەردىم.

— تاپقان تېپىك ماتېرىياللىرىڭىزنى، — دېدى ئۇ ماڭا، — ماڭا سۆزلەپ بېرىڭا.

ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز، قانداقلا بولمىسۇن، ئىككى مىللەت. ئۇنىڭ رايىنى ياندۇرماسلىقىم لازىم. شۇڭا:

— مىسال كېرەك بولسا، قايسى مىللەتتىن بولسۇن مىسال تېپىلىدىكەن. خەنزۇلاردىنمۇ تېپىلىدۇ، بىر موڭغۇللاردىن تېخىمۇ كۆپ تېپىلىدۇ، — دېدىم.

— قېنى، سۆزلەڭا، مېنىڭ ئۆزۈمدە مىللىي كەمچىلىكلەرگە توغرا قارىيالايدىغان غەيرەت بار-يوقلۇقىنى سىناپ كۆرەي. سۆزلەۋېرىڭ، ھېچ گەپ يوق.

مەن تاپقان شۇنداق ماتېرىياللار ئاز ئەمەس ئىدى. شۇلاردىن پەقەت بىرىنىلا سۆزلەپ بەردىم:

— ئاپتونوم رايونلۇق پەن-تېخنىكا كادىرلىرى ئىدارىسى بۇ يىل بىرقانچە ئادەمنى تۆۋەنگە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتكەنىكەن. ئۇلار ×× جايغا بارغاندا، شۇ يەردىكى دوختۇرخانىنىڭ بىر مىللىي رەھبىرى مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرىپتۇ: مېدىتسىنا شۆبىۋەنىنى پۈتتۈرگەن بىر ئوقۇغۇچى مەكتەپتىكى چېغىدىلا ئوقۇشتا بىپەرۋا ئىكەن، تەييارلىق سىنىپىدا بىر يىل ئوقۇپ، سىنىپ ئاشالماپتۇ، جەمئىي يەتتە يىل ئوقۇپتۇ. دوختۇرخانىغا دوختۇر قىلىپ تەقسىم قىلىنغاندىن كېيىنمۇ، ئۆز كەسپىگە ئەستايىدىل كىرىشمەپتۇ. شۇڭا دوختۇرخانا ئۇنى ئوكۇل سېلىش خىزمىتىگە قويۇپتۇ. ئوكۇل سېلىشقىمۇ بىلىم كېرەك. بىراق ئۇ ئۆگەنمەيدىكەن. چىندامىتسىن ئوكۇلى بىلەن پېنتسىللىن ئوكۇلىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئۇرۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئوكۇل ئۇرغىلى كىرگەندە، كېسەللەر قېچىپ كېتىدىغان بوپتۇ. بۇ ناھايىتى ئايرىم بىر مىسال، ئومۇمىي ئەھۋالغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

— شۇنچە كۆپ تەكەللۇپنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ بىزنىڭ ئۇيغۇرلاردىن ئوقۇپ كامالەتكە يەتكەن، مۇنەۋۋەر ئادەملەر چىقمىغان دېمىدىڭىزغۇ. شۇنداق يۈرەككە تېگىدىغان مىساللار بىز ئۈچۈن پايدىلىق-تە!

## 4. باھار كەلكۈنى مەۋج ئۇرۇشقا باشلىدى

پروفېسسور ئۆيۈمگە كەلدى، ئۇنىڭ چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ كەتكەن. ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇش بىلەنلا كۈلكىسىنى باسالمىدى، ئۇ گويا بىرەر ئەسىرى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندەك خۇشال ئىدى.

— يېقىندىن بۇيان، — دېدى ئۇ سۆز باشلاپ، — بىر ئۇيغۇر ئىچىدىن بىر خىل سادا چىقىۋاتىدۇ، ئۇ سادا بارغانسېرى كۈچلۈك چىقماقتا، قۇلاقتا تولىمۇ يېقىملىق ئاڭلانماقتا! ئۇ سادا بالىلىق دەۋردىكى تۇرمۇشۇمنى ئەسلەتتى. مېنىڭ يۇرتۇم قەشقەرنىڭ بىر يېزىسىدا. ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدا بىر ئۆستەڭ بار بولۇپ، ياز كۈنلىرى ئۇ سۇغا تولۇپ كۆپۈپ كەتسە، كۈزدە ئازلاشقا باشلايتتى، قىشتا ئۆستەڭ پۈتۈنلەي قۇرۇپ قالاتتى، شۇنىڭ بىلەن كەنتىمىزنى جىمجىتلىق قاپلاپ كېتەتتى. بىر ئۆيلۈك ئادەمنىڭمۇ ئىچىمىز سىقىلىپ كېتەتتى. دادامنىڭمۇ، ئانامنىڭمۇ ئەتىدىن كەچكىچە چىرايى ئېچىلمايتتى، راۋاب تامدىكى قوزۇقتا ئىلىقلىق تۇراتتى، دادامنىڭ ئۇنى چېلىشقا ھەپسىلى يوق ئىدى. باھار كۈنلىرى يېتىپ كەلگەندە، ئۆستەڭ بىردىنلا كەلكۈن سۈيى بىلەن تولاتتى، تولا چاغلاردا جىمجىت كېچىدە ئۇلغىياتتى. سۇ سۇغا، دولقۇن دولقۇنغا ئۇرۇلاتتى، لەپەڭلەپ قاشقا ئۇرۇلاتتى، شۇنىڭ بىلەن قىزىق شاۋقۇن كۆتۈرۈلەتتى. ئۇ شاۋقۇن كۆچۈپ، تارقىلىپ، يېزىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇۋېتەتتى. شاۋقۇندىن چىققان ھايات بەخش خۇشاللىق ئۆيمۇ-ئۆي كىرەتتى، ھەربىر ئادەمنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىپ، روھلاندۇراتتى، شادلاندۇراتتى، كۈلدۈرەتتى. يېقىندا مەندە يەنە ئۆستەڭنىڭ سۈيى ئۇلغايغاندا پەيدا بولغان ھېسسىيات ۋە خۇشاللىق پەيدا بولۇپ قالدى.

پروفېسسور چىرايىدىكى كۈلكىسىنى يىغىپ، يەنە ئالىمغا خاس ئېغىر بېسىق تۈسكە كىردى.

— مەنچىڭ سۇلالىسى ھۆكۈم سۈرگەن بىرنەچچە يۈز يىل جەريانىدا، — دېدى ئۇ، — مانجۇلارمۇ، خەنزۇلارمۇ ئۆزىنى تولىمۇ چوڭ تۇتقانىكەن، نەتىجىدە، بارغانسېرى ئارقىدا قاپتۇ. لۇشۈن ئەپەندى «ئا Q نىڭ ھەقىقىي تەرجىمىھالى»نى يازدى. بۇ دۇنيا سەھنىسىدىكى جىددىي ۋەزىيەتنىڭ خەنزۇلارنى ئۆزىدىكى مەنىۋى كېسەللىكلەرگە توغرا قاراشقا مەجبۇر قىلغانلىقى. ئۆزىنى ئۆزى ئوپېراتسىيە قىلسا، ئۆز ئەيىبىنى ئۆزى ئاشكارىلىسا، ئۆزىنى ئۆزى دەپسەندە قىلغان، خورلىغان بولمايدۇ، بەلكى ئۇ ئويغانغانلىقنىڭ ئالامىتى، ئالغا ئىنتىلىشنىڭ باشلىنىشى، مىللىي غۇرۇر، مىللىي ئىززەت ۋە ئىشەنچنى ئورناتقانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بەي ياڭنىڭ «بەتبەشىرە جۇڭگولۇقلار» دېگەن كىتابى نەشردىن چىققاندىن كېيىن، ئىچكى ئۆلكىدە ئوقۇۋاتقان بىر بالام ماڭا بىر نۇسخا ئەۋەتىپ بەردى. ئۇ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يازغان خېتىدە: «خەنزۇلار ئۆز ئەيىبلىرىنى شۇنداق ئاچالىغانىكەن، بىز ئۇيغۇرلاردا شۇنداق غەيرەت يوقمىدۇ؟» دەپتۇ ۋە مېنى مات قىلىپ: «دادا، سىز ھەم شائىر، ھەم يازغۇچى، شۇنداق كىتابنى

يېزىشقا جۈرئەت قىلالامسىز؟» دەپتۇ. كېيىن ئۇقسام ئۇ كىتاب ئۇيغۇر ياشلىرى ئىچىدە كەڭ تارقالغانىكەن، ھەتتا ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپىدا ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارمۇ تالىشىپ ئوقۇۋېتىپتۇ. ئەلۋەتتە، ئۆزىگە باقماي، خەنزۇلارنىڭ شۇنداق مەنىۋى ئەيىبلىرىنى مازاق قىلىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس، لېكىن ئۇ كىتاب كۆپچىلىك ئادەم ئۈچۈن ئوبدان ئەينەك. ئېيتىپ باقسۇنچۇ، بىز ئۆزىمىز قانداق؟ يېقىندا «قىزىل قوناقلىقتا» ناملىق كىنو قويۇلغاندا، بەزى ئۇيغۇر ياشلىرى ئىچىدە كۈتۈلمىگەن تەسىرات پەيدا بولدى. «ئىتتىپاق» تىياتىرىنىڭ ئارقا رەت ئورۇندۇقلىرىدا ئولتۇرغانلارنىڭ تولىسى ياشلار ئىكەن. ئۇلار كىنودىكى بىر كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ: «قاراڭلار، خەنزۇلارنىڭ ئاۋۇ سەتچىلىكلىرىنى!» دەپ مەسخىرە بىلەن كۈلدى. مەن ئارقامغا بۇرۇلۇپ: «بىزنىڭ مىللىتىمىزدىمۇ شۇنداق ئىشلار يوقمۇ؟» دېدىم. بەزىسى بار دېدى، بەزىسى شۈك بولۇۋالدى. ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بىر ياش مەندىن: «‹قىزىل قوناقلىقتا› دېگەن كىنو خەنزۇلارنىڭ سەت ۋە قالاق تەرەپلىرىنى ئاشكارىلايدىكەنۇ، خەنزۇلار نېمىشقا يەنە بارىكاللا ئېيتىپ چاۋاك چالىدۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: «بۇنىڭغا ئۆزىڭىز جاۋاب تاپىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن» دېدىم. ئۇ ياش ئەتىسى سەھەردە يېنىمغا كېلىپ: «جاۋاب تاپتىم. بۇ ئەھۋال ھازىرقى ئېچىۋېتىش، ئىسلاھ قىلىش يىللىرىدا خەنزۇلارنىڭ قالاقلىقتىن قۇتۇلۇشقا ئالدىرىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىكەن» دېدى. ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ مىللىتىمىز ئىچىدىكى تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر ئۆزىمىزنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىمىزنى ئۆتكەن يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن تارتىپ چۈشىنىشكە باشلاپ، مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكىدا زور قەدەملەر بىلەن ئالغا بېسىشىمىزنى ئارزۇ قىلماقتا، ھەتتا دىنىي ساھەدىكى زېرەك-زەكى ئەربابلارمۇ شۇنداق دەۋەت قىلماقتا.

پروفېسسور خۇشاللىقىدا ماڭا مۇنداق بىرنەچچە ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى قويۇپ بەردى:

لېنتا-1:

پروفېسسورنىڭ ئېلاۋىسى: بۇ كورلا چارباغ يېزىسىدىكى بىرلەشمە پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ دىرېكتورى راخمان. ئۇنىڭ دىنىي ئېتىقادى چىڭ، ھاراق ئىچمەيدىكەن، سۆز ۋە ھەرىكەتتە ئۆزىنى ناھايىتى ئايايدىكەن. ئۇنىڭ چارباغ يېزىسىغا ئوبدان بىر ئىش قىلىپ بېرىش، يېزىدىكى دېھقانلارنى تېزرەك بېيىتىش ئارزۇسى بار ئىكەن. ئۇ پۈتۈن ۋاقتىنى، كۈچىنى شۇ بىرلەشمە پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىغا ئاتاپتۇ. ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ، كەچ يېتىپ، ھارماي-تالماي ئىشلەيدىكەن.

— مەن ئۆز مىللىتىمنى قىزغىن سۆيىمەن، بىرەر ئادەم مىللىتىمىزنىڭ كەمچىلىكلىرىنى تىلغا ئالسا، كۆڭلۈمگە كېلەتتى، كۆتۈرەلمەيتتىم. كىمكى بىزنى پالان جەھەتتە خەنزۇلاردىن قالاق دەيدىغان بولسا، قۇلىقىمغا يىڭنە سانجىلغاندەك بولاتتى. مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزا-بازار سانائىتى كەڭ يولغا قويۇلدى. مەن يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن ۋەزىپە سورىدىم، يېزىلىق ھۆكۈمەت ماڭا بىرلەشمە

پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ دىرېكتورلۇقىنى تاپشۇردى. زاۋۇتىنىڭ قارىمىقىدا بىر كۆمۈر خېنىگى، بىر هاك تېشى كانى بار ئىدى، دېمەك، ئىشىمىز ئاساسەن كولاش - قېزىش ئىدى. شائىرلىقتىن خەۋىرى بار بىر ئىنىم: سېنىڭ بۇ ئىشلىرىڭنىڭ ھەممىسى ئىپتىدائىي قول ھۈنىرى ئىكەن. زامانىۋى سانائەت دېگىلى بولمايدۇ. سانائەت ئۈچۈن ئىلىم بىلىم، تېخنىكا بولمىسا بولمايدۇ، دەپ زاڭلىق قىلدى. ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرىغا خاپا بولۇپ ئالايدىم. كورلىدىكى قورامتاغ تەگرىتاغنىڭ تارمىقى، ئۇ تاغدا مەدەن كۆپ. مەن بىر ماشىنا بىلەن يېمەك - ئىچمەكلىرىمىزنى ئېلىپ، بىر چارۋىچىغا يول باشلىتىپ، داۋاملىق داۋان، بەلمۇبەل ئېشىپ، مەدەن، رۇدا ئىزدىدىم. رۇدىنى ئوبدان تونۇمايتتىم، رەڭگىدىن ئالاھىدىرەك كۆرۈنسىلا، بىر نەچچە پارچە چوقۇپ ئېلىپ خالتىغا سالدىم، ئۇسسىغاندا سۇدانىدىكى سۇنى ئىچتىم، قورسىقىم ئاچسا نان يېدىم، ھەر - ھەر ئېگىز تاغلارغا چىقتىم، ھەر - ھەر تىك يارلارغا ياماشتىم، كۈندۈزى ئاپتاپتا ئىشلىدىم، كېچىسى جۇۋامنى يېپىنىپ، قورام تاشلارنىڭ دالدىسىدا ئۇخلىدىم. بىر كۈنى كېچىدە خۇدايىم چۈشۈمگە كىردى، ئۇ قولى بىلەن بىر ئىشارەت قىلىۋىدى، تاغدىكى گۆھەرلەر نۇر چاچتى: قىزىل، سېرىق، يېشىل، كۆك نۇر... قىزىللى ياقۇت، سېرىقى ئالتۇن، ئېقى كۈمۈش، يېشىلى زۇمرەت، قارىسى تۆمۈر، بېغىررەڭدىكىسى مىس ئىكەن. ئۇلارنى قېزىشمۇ ئاسان ئىكەن. كاپسۇلدىن بىرىنلا پارتلىتىدىغان بولسام، بىر نەچچە ماشىنا قاچىلىغۇدەك چىقارغىلى بولىدىكەن. تاغنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ خۇشاللىقىمدىن: «مېنى مەدەن تاپالمايدۇ دەيدىغان كىم بار ئىكەن؟» دەپ ۋارقىرىۋەتتىم. ئويغانسام چۈشۈم. ئالدىممۇ، ئارقاممۇ قاپقاراڭغۇ تاغ. تەكلىماكان تەرەپتىن غۇر - غۇر شامال سوقۇۋېتىپتۇ. شۇ چاغ ياز كۈنلىرى بولسىمۇ، كېچىدە بىر ئاز سوغۇق بولاتتى. ئۇيقۇم ئېچىلىپ كەتتى. ئىنىمنىڭ ھېلىقى گەپلىرىگە تېخىچە ئاچچىقىم كېلەتتى: ئىلىم - بىلىم، پەن - تېخنىكىنى نەجەبمۇ سىرلىق بىر نېمە قىلىۋاپتۇ - يا؟! ئۇنىڭ كارى چاغلىق، كانچىلىقنى ئوقۇمىغانلارمۇ رۇدا، مەدەن تاپالايدىكەنغۇ!... قورامتاغنى توپتوغرا يىگىرمە كۈن ئارىلىدىم، ئايىغىمنىڭ چەمىلىرى تېشىلىپ كەتتى. بىر مۈنچە جاپا تارتىپ، بىر خالتا مەدەن تېپىپ قايتتىم. ئۆيدىكىلەر قانداق مەدەن ئىكەن، دەپ سورىۋىدى، جاۋاب بېرەلمىدىم. پۈتۈن كورلىنى قېدىردىم، شۇنداق مەدەنلەرنى ئايرىپ بەرگۈدەك بىرەر ئۇيغۇر ئىنژېنېر تېپىلمىدى. كېيىن گېئولوگىيىلىك چارلاش ئەترىتىدىن بىر خەنزۇ ئىنژېنېرنى تاپتىم. ئۇ ئايرىپ بەردى. ئېلىپ كەلگەنلىرىمنىڭ بەزىسى ئادەتتىكى تاش ئىكەن، بەزىسى كارغا يارايدىغان رۇدا ئىكەن. شۇ رۇدىلارنىڭ زاپىسى قانچىلىك؟ نەدىن نەگىچە تارقالغان؟ چارلاش، تەكشۈرۈش، قېزىشنى لايىھىلەش ئۈچۈن ئىنژېنېر بولمىسا بولمايدىكەن. تەمتىرەپلا قالدىم. دېمەك، يىگىرمە كۈن بىكار ئاۋارە بوپتىمەن. ئىنىم يەنە كېلىپ قالدى. ئۇ يەنە تېخنىكا - پېخنىكا دەپ بىر نېمىلەرنى سۆزلەپ كەتتى. قالاق، ئارقىدا دېگەن گەپلىرى قۇلىقىمغا يەنىلا ياقمىدى.

ھەربىي رايوننىڭ سۇ ئىنژېنېرلىق تۈەنى بىلەن بىرلىشىپ مەرمەر تاش كېنى ئاچماقچى بولدۇق. شۇ چاغدا توختام تۈزدۇق. يول ياساشقا، ئىشلەپچىقىرىش مەيدانى-

نى تەييارلاشقا، ماشىنا - ئۈسكۈنە ھازىرلاشقا ھەربىسىلەر مەسئۇل بولدى. ئەمگەك ۋە تېخنىكا كۆچىگە بىز مەسئۇل بولدۇق. ماڭا قارايدىغان 13 يەردىكى قېزىش ئورۇنىدا ئىشلەيدىغان ئەمگەكچىنىڭ ھەممىسى دېھقان بولۇپ، بىلىم سەۋىيىسى تۆۋەن ئىدى. مەرمەر كانىنىڭ باشلىقلىقىغا يارىغۇدەك بىرەر ئادەم تاللاش تولىمۇ قىيىن كەلدى. كېيىن كۆمۈر خېنىمدىن ئادەتتە ياخشى ئىشلەيدىغان بىر خاڭ ئىشچىسىنى باشلىققا قويدۇق. ئۇ تۆشۈك تېشىپ، دورا قاچىلاپ، تاغنى پارتلىتىشنى بىلىدىغان بىلەن، مەرمەر تاشنى قانداق قېزىشنى بىلمىگەچكە، ساپساق مەرمەر تاشنى پارتلىتىپ كۆكۈم - تالقان قىلىۋېتىدىكەن. شۇڭا ئۇ باشلىقلىقنى قاملاشتۇرالماي، ئۆزى تاپقان ئىشچىلارنى باشلاپ قېچىپ كەتتى. سۇ ئىنژېنېرلىق تۈەنى 10 مىڭ يۈەن سەرمايە سالغانىدى. بۇ پۇلنى بىكار كەتكۈزۈش مۇمكىن ئەمەس - تە. ئۇلار مېنى تەڭلىكتە قالدۇردى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا يۈزۈمنى قويغىلى يەر تاپالمىدىم.

بۇلتۇر سەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋېيفاڭ ناھىيىسىگە ئېكسكۇرسىيىگە باردىم. ئۇ يەردە يېزا - بازار سانائىتى ناھايىتى ئوبدان يولغا قويۇلۇپتۇ. كىچىككىنە بىر زاۋۇتتا ئۈچ ئىنژېنېر، 4 - 5 تېخنىك بار ئىكەن. زاۋۇت باشلىقىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ھازىرقى كۈندە سانائەت ئۈچۈن پەن - تېخنىكا بولمىسا بولمايدىكەن، كىمنىڭ تېخنىكىسى ياخشى بولسا شۇ پۇل تاپالايدىكەن. ئۇلارنىڭ سېخلىرى پاك - پاكىز، ئىشچىلارنىڭ كىيىۋالغىنى ئاق خالات. ئۇلار نەپىس ئىشلەيدىكەن، بىز بولساق تەبىئىي نەرسىلەرنى گۆرجەك، جوتۇ بىلەن كولايدىكەنمىز. ئۇلار پىششىقلاپ ئىشلىگەن مەرمەر تاشلىرىنى كۆرسەتتى، قارىسام: نەپىس ھۈنەر بىلەن ئىشلەنگەن سەنئەت بۇيۇمى! ئۇلارغا ئويۇلغان تاغ، دەريا رەسىملىرى، گۈل، ئۇچار قانات، ھاشارات، بېلىق ۋەھاكازالار بەئەينى رەسسام سىزغان رەسىم! نېمىدېگەن چىرايلىق! بىز بولساق، پۈتۈن - پۈتۈن مەرمەر تاشنى كۆكۈم تالقان قىلىۋېتىدىكەنمىز. ئۇيغۇرچە «شىنجاڭگېزىتى» مېنى دېھقان كارخانىچى دەپ ماختىغانىدى. ئۇلارغا سېلىشتۇرسام، مېنى قانداقمۇ كارخانىچى دېگىلى بولسۇن؟! كېيىن يەنە باشقا بىر نەچچە شەھەرگە باردىم. ئاخىر قايىل بولدۇم، پەن - تېخنىكىدا قالاق ئىكەنلىكىمىزنى ئېتىراپ قىلدىم. بۇنى ئېتىراپ قىلىش تەس، كۆڭۈل ئۇنىمايدۇ، يۈزىمىزگىمۇ سەت، لېكىن پاكىتنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدىكەن، ئېتىراپ قىلمىساق تېخىمۇ ئارقىدا قالىدىكەنمىز.

ئىنىم مەندىن: «ئۇ يەر - بۇ يەرلەرگە باردىڭ، نېمە تەسىراتلارنى ئالدىڭ؟» دەپ سورىغانىدى، بىزنىڭ مىللىتىمىزدە ئىجتىمائىي پەندە ئوقۇپ، شېئىر، ھېكايە يازىدىغانلار كۆپ، تەبىئىي پەندە ئوقۇيدىغانلار تولىمۇ ئاز بولغانلىقتىن پەن - تېخنىكىدا ئارقىدا قېلىۋاتىمىز، دەپ بىر ئاز قايىناپ قالدىم ۋە: «سەن ئۆزۈڭ نېمىشقا شائىرلىقنى ئوقۇپ، پەن - تېخنىكىنى ئوقۇمىدىڭ؟» دەپ تەنە قىلدىم. سىياسىي كېڭەشنىڭ يىغىنىدا، ئۇيغۇر ياشلىرىنى تەبىئىي پەندە ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرەيلى، ئۇنداق بولمىسا، پەن - تېخنىكىدا تەرەققىي قىلالمايدىكەنمىز، دەپ تەكلىپ بەردىم.

مەن ھۆددىگە ئالغان بىر ئورۇن 10 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل تاپتى مېنىڭ

ئۇلتۇراق ئۆيلىرىم كونىراپ كەتكەنىدى. دېھقانلار پۇل تاپسىلا ئاۋۋال ئۆي سالىدۇ. مەن تاپقان پۇلۇمغا مەھەللىدە «راخمان مەكتىپى» دەپ بىر مەكتەپ سېلىپ بەردىم. پەخرىي مۇدىرلىقنى ئۈستۈمگە ئالدىم. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھان نەتىجىلىرىنى مېنىڭ ئالدىمدىن ئۆتكۈزۈدىغان بولدى. قايسى ئوقۇغۇچى ھېسابتىن ياخشى نەتىجە ئالغان بولسا ئۇنى تەقدىرلىدىم، ئوقۇتقۇچىسىنىمۇ تەقدىرلىدىم. يېزىمىزنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە جاپاغا چىداپ، تىرىشىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىدىن بىر نەچچىنى تاللاپ، بىرلەشمە زاۋۇتىمىزدىن پۇل چىقىرىپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەرگە كانچىلىقتا ئوقۇشقا ئەۋەتىپ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزىمىزگە ئىنژېنېر قىلىۋالماقچى بولۇۋاتىمەن. ئەلۋەتتە، ئەتكى قويىرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ياخشى. ھازىر بىر خەنزۇ ئىنژېنېر بىلەن مەسلىھەتلىشىۋاتىمەن، ئۇنى ئۆزىمىزگە تېخنىكا يېتەكچىلىككە تەكلىپ قىلماقچىمەن.

دەۋر راۋاجلانماقتا. بىز ئىدىيىمىزدىمۇ ئۆزگىرىش ياسىشىمىز لازىم ئىكەن. ئەيىبلىرىمىزنى، كەمچىلىكلىرىمىزنى يوشۇرۇپ يۈرمەسلىكىمىز، كەمچىلىك بولسا، ئۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم ئىكەن. كەمچىلىكنى يوشۇرماي، ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن تۈگىتىشىمىز كېرەك ئىكەن. چىرايلىق گەپنىلا قىلغان بىلەن، قۇلاققا ياقىدىغان گەپنىلا ياقتۇرغان بىلەن ئىش ئاقاتمايدىكەن! بۇ ئومۇمىي رىقابەت دەۋرىدە، كۆزىمىزنى ئۆز ۋۇجۇدىمىزدىكى كەمچىلىكلەرنى تېپىپ تۈزىتىشكە تىكىشىمىز زۆرۈر ئىكەن.

ئېلاۋە: چەمبەرسىمان يولنى تاشلاپ، ئالغا ئۇندەش دېگەن ئەنە شۇ.

لېنتا ـ 2:

پروفېسورنىڭ ئېلاۋىسى: بۇ ئابدۇرېشىت مەخسۇم، ئۈرۈمچى شىخابا مەسچىتىنىڭ ئىمامى. ئۇ ئىككى قېتىم ھەرەمگە بارغان، بىر قېتىم ئۆزى يالغۇز، يەنە بىر قېتىم خوتۇنى بىلەن بارغان. مۇسۇلمانلار ئۇنى ھاجىم دەپ ئىززەتلەيدۇ. ئۇ پىكىرى ئۆتكۈر، سۆزمەن ئادەم.

— بىز مۇسۇلمانلاردا بەش پەرھىز بار: ھەج قىلماق، ناماز ئوقۇماق، زاكات بەرمەك، روزا تۇتماق، ئىمان ئېيتماق. سەئۇدى تولىمۇ يىراق بولغاچقا، شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەككىگە ھەج قىلىپ بېرىشى بەش پەرھىزنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن قىيىن ئىدى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى تىبەتنىڭ ئالىي رايونىدىن ئۆتۈپ، كەشمىرگە بېرىپ، ھىندىستان ئارقىلىق سەئۇدىغا بارىدىغانلار بار ئىدى. بەزىلەر پامىردىن ئۆتۈپ ئافغانىستان ياكى پاكىستان ئارقىلىق باراتتى. سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسى، قارا دېڭىز ـ فوسفور ۋە داردانېل بوغۇزلىرى ئارقىلىق بارىدىغانلارمۇ بار ئىدى. شاڭخەيدىن پاراخوت بىلەن بارىدىغانلارمۇ بار ئىدى. چېكىدىن ئاشقان سولچىللىق لۇشيەنى مەككىنىڭ يولىنى ئۈزۈپ قويۇپ، مۇسۇلمانلارنى بىئارام قىلدى. مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مەككىنىڭ يولى ئېچىلدى.

ئىسلام دۇنياسى بىلەن بولغان ئالاقە ئۈزۈلۈپ بىر مۇنچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن بېرىپ، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۇلاردا ئۆزگىرىش ناھايىتى چوڭ ئىكەن. مەككىگە بېرىشتىن ئىلگىرى خىيالىمدا: پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام سەئۇدىدا تەۋەل-

لمۇد قىلغان، مەككىدە دىن ناھايىتى چاڭ بولسا كېرەك، دەپ ئويلايتتىم. ئايروپىلاندىن چۈشكەندىن كېيىن قارىسام، سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ پۇلدا پادىشاھنىڭ سۈرىتى بار ئىكەن. بەيتۇللاغا يېقىن قالغاندا قارىسام، بەزىلەر سىنئالغۇدا رەسىمگە تارتىۋېتىپتۇ. مەككىنىڭ كوچىلىرىدا سۈرەت تارتىش ماشىنىلىرىنى كۆتۈرۈۋالغانلار تولا ئىكەن، پەقەت بەيتۇللاغا ئېلىپ كىرىشكە رۇخسەت قىلىنمايدىكەن. بىر نەچچە ئالىي مەكتەپنى ئېكسكۇرسىيە قىلدىم. شۇ ئالىي مەكتەپلەردە دىنىي دارىلفۇنۇندىن باشقا، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، تېخنىئولوگىيە فاكۇلتېتلىرى بار ئىكەن. ھەتتا سەنئەت فاكۇلتېتىمۇ بار ئىكەن. بۇلار بىزنىڭ ئەنئەنىلىرىمىزگە ماس كەلمەيدىغان بولغاچقا، ھەيرانلىقتا چۆچۈپ كەتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈن مەككىنىڭ ئىمامىنىڭ ئالدىغا بېرىپ سورىسام، ئىمام: «ئاللا تائالا قۇرئان كەرىمدە ‹ئۆگىنىڭلار، قولغا قەلەم ئېلىپ ئۆگىنىڭلار!› دېگەن. پەيغەمبەرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ھەدىستە: ‹ئۆگىنىش مۇسۇلمانلارغا پەرھىز› دېگەن. نېمىنى ئۆگىنىش كېرەك؟ ئۆگىنىدىغان نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ. ئۆگىنىدىغان نەرسىلەر ئىچىدە پەن - تېخنىكىمۇ بار. مۇسۇلمانچىلىق پەن - تېخنىكىغا قارشى ئەمەس» دېدى. مەككىدە بەزى ئادەملەر بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم، ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇنىڭدىن نەچچە ئون يىل مۇقەددەم ئۆتكەن پادىشاھ ئابدۇلئەزىز سەئۇدى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى پادىشاھ پەيسال سەئۇدىنى پەن - تېخنىكا جەھەتتىن تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئاجايىپ چوڭ رول ئوينىغانىكەن. ئۇلاردا «ۋاقىتنىڭ ئۆزى پۇلدۇر» دېگەن شوئار يوق ئىكەن لېكىن ۋاقىتنى تولىمۇ قەدىرلەيدىكەن، ئۇلار ھەتتا ناماز ئوقۇشقا كېتىدىغان ۋاقىتنىمۇ قىسقارتىۋېتىپتۇ. سەئۇدىدا نېفىت كۆپ، كىرىم تاپاۋەت كۆپ، چەت ئەل پۇلى كۆپ بولغاچقا، نۇرغۇن ياشلارنى ئالدىنقى قاتاردا تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرگە ئەۋەتىپ مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا جەھەتتە ئوقۇتۇپتۇ. ئىلگىرى نېفىتلىكلەرنى پۈتۈنلەي چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرىگە باشقۇرتىدىكەن، ھازىر ھەممىنى، ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرىنىمۇ ئۆز مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن باشقۇرۇدىغان بولۇپتۇ. بىر كۈنى بىر بۇرادىرىم مېنى ئۆز خانىسىگە چايغا تەكلىپ قىلدى. يولدا كېتىۋېتىپ، كەڭ كەتكەن بىر چۆلدىن ئۆتتۇق. قارىسام، شۇ چۆلدە ئاجايىپ كاتتا، گۈمبەز شەكىللىك بىر بىنا بار ئىكەن، كۆلىمى ھەيۋەت، كۆرۈنۈشى تولىمۇ چىرايلىق. مەن: «بۇ نېمە ئىمارەت؟» دەپ سورىدىم، ھەمسەپەرلىرىم: «سۈنئىي ھەمراھدىن قوبۇل قىلىش ئىستانسىسى، — دېدى ئىنتايىن پەخىرلەنگەن تەلەپپۇز بىلەن، — بۇ يەردە ئىشلەيدىغانلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ سەئۇدىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى، بۇ يەردە چەت ئەللىك يوق». ئىسلام دۇنياسى تەرەققىي تېپىپتۇ، ئالغا ئىلگىرىلەپتۇ دەپ ئويلاپ قالدىم. بۇ مېنىڭ ھېسسىياتىم. ئەلۋەتتە، مەككىدىن قايتىپ كەلگەن يەنە باشقا ئادەملەرنىڭ باشقا قاراشلىرىمۇ بولۇشى مۇمكىن.

پروفېسسورنىڭ ئېلاۋىسى: ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن خەنزۇلار، ھەقىقىي سوتسىيالىزم شىنجاڭدا ئىكەن، دەيدىكەن. مەككىدىن ھەج قىلىپ قايتىپ كەلگەن دىنىي ئەربابلارنىڭ بەزىسى بولسا، ھەقىقىي ئىسلام دىنى شىنجاڭدا ئىكەن، دەيدىكەن. بۇ گەپلەرنىڭ ئۇرانىدىن نېمە چىقىدۇ؟ ئېھتىمال، ھەر كىمنىڭ چۈشەنچىسى ھەر خىل

بولسا كېرەك!

— ئىسلام دىنى ئىنسانلارنى بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. پەن - تېخنىكمۇ ئىنسانلارغا بەخت - سائادەت كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشىغا ئاكتىپ مەدەت بېرىشىمىز كېرەك. قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئىمامى مەن بىلەن ئىسمىداش، ئۇنىڭ ئىسمىمۇ ئابدۇرېشىت، دادىسىنىڭ ئىسمى سابىت. ئۇ 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىمىزنىڭ ۋەكىلى- ئوردۇچىنى، پارسچىنى، ئەرەبچىنى، چاغىتايچىنى ئوبدان بىلىدىغان ئۆلىما. مەككىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قەشقەردىكى بەزى باي يەككە تىجارەتچىلەرنى بىرلەشتۈ- رۈپ، ئىلگىرىكى مەدرىسىنىڭ ئورنىغا «تىل تېخنىكومى» دەپ ئۈچ قەۋەتلىك بىر بىنا سالدۇردى. ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى قەشقەردىكى ھەرقايسى ساھە ئەربابلىرىنىڭ مەدھىيىسى- گە سازاۋەر بولدى. ئۇ مېنىڭ ياخشى بۇرادىرىم. بىز شىنجاڭنى پەن - تېخنىكىدا راۋاج- لاندۇرۇشقا ھەسسە قوشۇش ئارزۇسىدىمىز.

ئېلاۋە: چەمبەرسىمان يولنى تاشلاپ، ئالغا ئۇندەش دېگەن ئەنە شۇ.

لېنتا - 3:

پروفېسورنىڭ ئېلاۋىسى: بۇ لېنتىدا سۆزلەۋاتقىنى ھۆرىيەت مۇھەممەت، شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئۇسسۇلچىسى. بۇ ئىلگىرىلىمەي بىر ئىزدا دەسسەپ تۇرۇشنى خالىمايدۇ، غەيرەت بىلەن ئالغا ئىنتىلىدۇ.

— شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى، لېكىن كېيىنكى بىر قانچە يىلدىن بۇيان بىزنىڭ ناخشا ئۇسسۇلىمىز روناق تاپالمىدى، يېڭى سەنئەت نومۇرلىرىنى بارلىققا كەلتۈ- رەلمەي، كونا سەنئەت نومۇرلىرىمىز ئاممىنى جەلپ قىلالماي كېلىۋاتىدۇ. پارتىيىمىز- نىڭ 13 - قۇرۇلتىيى جەريانىدا تىبەتنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى بېيجىڭدا ئويۇن قو- يۇپ ياخشى باھا ئاپتۇ، مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەمەت 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلىۋاتقاندا، شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى بېيجىڭدا ئويۇن قو- يۇپ بەرسۇنمىكىن دېگەن نىيەتكە كەلگەنىكەن، لېكىن سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرۈپ، غەيرىدىيرەك بىر نەرسە بولمىغاچقا، ئۇ پىكرىدىن كېچىپتۇ. بۇ ئەھۋاللار بىزدەك كەسىپ- داشلارنى تولىمۇ بىئارام قىلماقتا. يېقىندا ئەنۋەر توختى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ماقالە ئېلان قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتىنى كونا ئىزىدا توختىتىپ قويماي- لى، راۋاجلاندۇرايلى، يېڭىلىق يارىتايلى، دېگەن تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويدى. دېمەك، بىزنىڭ كۆڭلىمىزدىكى گەپنى قىلدى. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان باشقا ئەللەرنىڭ سىن- ئالغۇغا ئېلىنغان بىر مۇنچە ئۇسسۇللىرىنى كۆردۈم. ئۇلار تەرەققىي قىلدۇرۇپتۇ، زاما- نىۋى ئۇسسۇللارنى ئۆزلەشتۈرۈپتۇ. ھىندىلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئۇسسۇللىرىنى دىسكو بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پۈتۈنلەي ھىندىلاشتۇرۇلغان دىسكونى ئىجاد قىلىپتۇ. كىشىنى ئاجايىپ مەھلىيا قىلىدىكەن! بىز زامانىۋى ئۇسسۇلدىن ئۆزىمىزگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى قوبۇل قىلساق نېمىشقا بولمايدىكەن؟

قىزىم دىلنار ئابدۇللا مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنىنىڭ سەنئەت فاكۇلتېتىنى پۈت-

تۇرگەن، ئۇنىڭ ئوقۇغىنىمۇ ئۇسسۇل.ئۇ، 1985 - يىلى يىپەك يولى ئۇسسۇل كېچىلىككە تەكلىپ قىلىنىپ، ياپونىيىگە بارغان. شۇ ئۇسسۇل كېچىلىكىگە ساھىبخاندىن باشقا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ، تۈركىيىنىڭ ئۇسسۇلچىلىرىمۇ قاتناشقانىكەن. قىزىم ئۇسسۇلدا ئالقىشقا سازاۋەر بوپتۇ. ياپونىيىنىڭ ئۇسسۇل مۇتەخەسسىسلىرى قىزىمغا: سىلەر ئۇيغۇرلار تولىمۇ گۈزەل كىيىنىدىكەنسىلەر، ئۇسسۇللىرىڭلارمۇ ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن، لېكىن يېڭى مەزمۇن كەم ئىكەن، دەپتۇ. چەت ئەللەرنىڭ ئۇسسۇل سەھنىلىرى دىلنارنىڭ كۆزىنى ئېچىپتۇ، ياپون دوستلارنىڭ باھاسى ئۇنىڭغا ياراپتۇ. ئۇ ھەر ھالدا تېخى ياش، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۇسسۇلى ھەققىدە بىلىدىغانلىرى ئاز، ئەنئەنىنى ئوبدان بىلمىسە، يېڭىلىق يارىتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس، لېكىن ئۇ، دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەردىن ئۆگىنىش لازىملىقىنى چۈشىنىدۇ. ئۇ ياپونىيىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەكىللىرى ئۆمىكىدىن ئۆزبېكچە ئۇسسۇل ئۆگىنىپتۇ، ياپونلارنىڭ، تۈركلەرنىڭ ئۇسسۇللىرىنىمۇ ئۆگىنىپتۇ، كېيىن كاناداغا بارغاندا تاق - تاق ئۇسسۇلنى، جار ئۇسسۇلنى، زامانىۋى دىسكونى ئۆگىنىۋاپتۇ. ئۇرغۇن يېڭى نەرسىلەرنى ئۆزلەشتۈرۈۋاپتۇ. شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، دوكلات بېرىش يۈزىسىدىن بىر قېتىم كونسېرت قويۇپ بېرەي، چەت ئەلدىن ئۆگىنىپ كەلگەن نەرسىلىرىمنى ئويناپ بېرەي، شىنجاڭدىكى كەسپداشلىرىمنىڭ يېڭىلىق يارىتىشىغا ئاز بولسىمۇ ئىلھام بولۇپ قالسۇن، دەپ قايتا - قايتا تەلەپ قىلسا، مەسئۇل ئورۇنلار رۇخسەت قىلمىدى. دىلنار ئىلاج قىلالماي، قەمبەرخانىمنىڭ ئالدىغا باردى، ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى. ئۇ، دىلنارنىڭ ئۇسسۇللىرىنى كۆرۈپ ناھايىتى ھاياجانلىنىپتۇ. قىزىمنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ: «ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ ھاياتى سىلەر بىر ئەۋلادقا قاراشلىق!» دەپتۇ.

پروفېسسورنىڭ ئېلاۋىسى: قەمبەرخانىمنىڭ ئاتا - ئانىسى خېلى بۇرۇنلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياسىغا بېرىپ شۇ يەردە تۇرۇپ قالغان. قەمبەرخانىم 13 يېشىدا تاشكەنتتە ئۇسسۇل مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇغان، كېيىن «قىزىل بايراق» ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىگە كىرىپ ئۇسسۇل ئۆگەنگەن، يەنە بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، موسكۋاغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن، ئۇ بالىتنىمۇ ئۆگەنگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى بالىت ئۇسسۇلىدا دۇنياغا مەشھۇر. قەمبەرخانىم ئۇلانوۋانىڭ بالىت ئۇسسۇلىنى بىر قانچە قېتىم كۆرگەن، موسكۋا سەھنىلىرىدە ياۋروپانىڭ ئېسىل ناخشا - ئۇسسۇل نومۇرلىرىنىمۇ كۆرگەن، ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى كەڭ. 1942 - يىلى شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆز مەشغۇلاتىنى ئۇيغۇرچە ئۇسسۇلنى ئۆگىنىشتىن باشلاپ، بارا - بارا ئۇيغۇرچە ئۇسسۇلنى راۋاجلاندۇرغان. ئۇ، ئۇسسۇلنى خۇددى ھاۋادا بۇلۇت ئۈزگەندەك، دەريادا سۇ ئاققاندەك، تەبىئىي، ئەركىن ئوينايدۇ، ئوينىغان ئۇسسۇللىرىدىن خۇددى شائىرنىڭ شېئىرىدەك چوڭقۇر مەنە چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇ باشقىلارنىڭكىنى كەڭ قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن يۈكسەك دەرىجىگە يەتكۈزەلىگەن. ئۇ، ياشلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتى ئىزىنى بېسىپ ماڭغانلىقىنى كۆرسە ئىنتايىن خۇشال بولىدۇ.

— قەمبەرخانىم مېنىڭ قىزىمنىڭ دوكلات يۈزىسىدىن ئويۇن قويۇپ بېرىشىنى ناھا-

يىتى قىزغىن قوللاپ، ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپىنى ئالاقىدار ئورۇنلارغا ئەۋەتىپ سۆزلەشىپتۇ. بىر قېتىمدا ھەل بولماپتۇ، يەنە بىر قېتىم سۆزلەشىسىمۇ ھەل بولماپتۇ. قەمبەرخانىم چىقىمىنى ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتى چىقارسۇن دېسىمۇ بولماپتۇ. ئاخىرىدا ھېلىقى ئورۇننىڭ ئادىمى: «دىلنار بىزنىڭ قول ئاستىمىزدىكى ئادەم تۇرسا، سىلەر بىزدىن بىسوراق شۇنچە چات كېرىۋالامسىلەر؟» دەپتۇ. ئۇلارنىڭ ئويۇن قويدۇرماسلىقىدىكى سەۋەب: مەركەزنىڭ يەككە ئادەملەر ئۆز ئالدىغا ئويۇن قويسا بولمايدۇ، دېگەن ھۆججىتى بولغانلىقىتىنمىش. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر نەچچە يىل بىكار كەتتى. «بىر تۈمەن يىل بەك ئۇزاق، چىڭ تۇرۇپ ھازىرقى پەيتنى تۇتقۇلۇق» دېگەن گەپ بار. بۇ تولىمۇ چىرايلىق گەپ، لېكىن ۋاقىتنى ھەقىقىي قەدىرلەيدىغان كىم بار؟ بۇ يىل ھۆددىگەرلىك يولغا قويۇلدى. مەن بۇنداق تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىككى قوللاپ ھىمايە قىلدىم. ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ بىر مۇئاۋىن باشلىقى ماڭا مەدەت بەردى، بىر ئەترەتنى ھۆددىگە ئالدىم. بىزنىڭ پۇت-قولىمىزنى چۈشەپ قويۇدىغان نەرسىلەر قالمىدى. قىزىمنى بىر نەچچە يىل ئارماندا قالدۇرغان بىر كىشىلىك ناخشا-ئۇسسۇل كېچىلىكى ئۆتكۈزۈشكە بەل باغلىدىم. مېنىڭ 20 نەچچە يىللىق ھاياتىم سەھنىدە ئۆتتى. ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە ئالاھىدە تۆھپە يارىتالمىدىم، ياشلارنىڭ بۆسۈپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. قىزىمنىڭ كامالەتكە يېتىشى ئۈچۈن شوتا بولۇپ بەرمەكچىمەن، ئۇ مېنىڭ يەلكەمنى ۋاخىتنا قىلىپ دەسسەپ، باتۇرلۇق بىلەن ئىزدىنىپ ئىلگىرىلىسۇن.

ئويۇننى «ئىتتىپاق» تىياتىرىدا قويماقچى بولدۇق. ھەر كۈنى كەچ سائەت 4 تىن 10 غىچە قىزىمنىڭ رېپېتىتسىيىسىگە يېتەكچىلىك قىلىش، سازچىلارنى تەكلىپ قىلىش، سەھنە كىيىمى ۋە باشقا لازىملىقلارنى تەييارلاش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولدۇم. قىسقىسى، ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆزۈم چاپتىم. بىر نەچچە كۈنگىچە ئۆيدە قارام كۆرۈنمىدى، ئۆيگە ھېرىپ-ئېچىپ يېرىم كېچىلەردە قايتتىم.

پروفېسسورنىڭ ئېلاۋىسى: ھۆرىيەت مۇھەممەتنىڭ يولدىشى مۇزىكانت ئىدى، ئالدىنقى يىلى ۋاپات بولدى. ھۆرىيەتنىڭ ئۆيىدە پارالىچ بولۇپ قالغان بىر ئىنىسى، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بىر ئوغلىمۇ بار. ئۇ مىللىتىمىزنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا چاپماقتا، ئوندىمەكتە، پىداكارلىق كۆرسەتمەكتە. بۇ ئاسان گەپمۇ؟!

ئويۇن رەسمىي قويۇلۇدىغان بولدى; بىز ئانا-بالا ئىككىمىز ناھايىتى جىددىيلەشتۇق. شۇنچە كۆپ داڭلىق سەنئەتچىلىرى بار ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى ئاممىنى جەلپ قىلالمايۋاتسا، يالغۇز بىر كىشىلىك ئۇسسۇل بىلەن جەلپ قىلالىغىلى بولارمۇ؟ بىز مەزمۇن جەھەتتىمۇ، شەكىل جەھەتتىمۇ يېڭىلاشقا تىرىشتۇق. ئەلۋەتتە، يېڭىدىن ئىجاد قىلدۇق دەپ ئېيتالمايمىز. مەن سەنئەت كېچىلىكىنىڭ سەنئەت يېتەكچىلىكىنى ئۈستۈمگە ئالدىم، قىزىمغا ياردەمچى رولىمۇ چىقىپ بەردىم. قىزىم سەككىز نومۇر ئۇسسۇل ئوينىدى، مودا ناخشىلارنىمۇ چېتىپ ئوقۇدى. ئاخىرى قانداق بولدى دېمەمسىز؟ كۈتۈلمىگەن نەتىجە كېلىپ چىقتى: كۇلۇب تاماشىچىلار بىلەن لىق تولدى، بىر يۈەنلىك

بىلەت بىرىنچى كۈنىلا قاراڭغۇ بازاردا 7.50 يۈەن، ئىككىنچى كۈنىمۇ 3.50 يۈەن بوپتۇ. ئىككىنچى كۈنى ئويۇن قويۇلۇۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇتلا توك توختاپ قالدى، سەھنىمۇ، پۈتۈن كۇلۇبنىمۇ قاراڭغۇچىلىق قاپلىدى، لېكىن تاماشىبىنلار تىپتىنچ ئولتۇردى، ئىلگىرىكىدەك ئىسقىرتىدىغان، ۋارقىرايدىغان ئەھۋاللار بولمىدى. بىز سەھنىدە تۇرۇپ تەسىرلەنگەنلىكىمىزدىن يىغلىۋەتتۇق.

سەنئەت كېچىلىكىدە بىزنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان بىر ھادىسە پەيدا بولدى: مودا ناخشىلارنىڭ ئاخىرىدا «شىنتيەنيۇ» دېگەن ناخشا ئوقۇلدى. ئۇ خەنزۇلارنىڭ كونا خەلق قوشىقى ئىدى، خەنزۇ ياشلىرى تولا ئاڭلاپ زېرىككەنىكەن. كېيىن ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىن يەنە شۇ «شىنتيەنيۇ» بولسىمۇ، لېكىن يېڭى پەدە بىلەن يېڭى ھېسسىيات ئىپادىلەنگەچكە خەنزۇلارغا ياقىدىغان بوپتىكەن، ئۇيغۇر ياشلىرىمۇ ئۇنى ناھايىتى ياقتۇردى، قىزىم شۇ ناخشىنى ئوقۇغاندا پۈتۈن كۇلۇب دەۋرەپ كەتتى. ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن چاۋاك ئۇزۇنغىچە توختىمىدى. مۇشۇ ئەھۋالدىن قارىغاندا، مەيلى ناخشىدا بولسۇن، مەيلى ئۇسسۇلدا بولسۇن، يېڭى دەۋردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش زۆرۈر ئىكەن، ناخشا - ئۇسسۇلنىڭ ئىستىقبالى ئاممىنىڭ يېڭى ھېس - تۇيغۇلىرىنى يېڭىلىق يارىتىش روھىمىز بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش - بەرمەسلىكىمىزگە باغلىق ئىكەن.

شۇ سەنئەت كېچىلىكىگە قەمبەرخانىممۇ كەلدى. ئۇ سالامەتلىكى ياخشى بولمىغاچقا بالنىتسىدا يېتىپ، ئەمدىلا چىققانىكەن، ئويۇن تاماملانغاندا سەھنىگە چىقىپ، قىزىمنى قۇچاقلاپ، ھاياجان ئىچىدە كۆزلىرىگە ياش ئالدى، بىز ئانا - بالا ئىككىمىزمۇ ھاياجان بىلەن يىغلىۋەتتۇق. قەمبەرخانىم: «ئوبدان يېڭىلىق يارىتىڭلار، ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈڭلار!» دېدى.

ئېلاۋە: ھالقىسمان يولنى تاشلاپ ئالغا ئۇندەش دېگەن ئەنە شۇ.

لېنتا - 4:

پروفېسسورنىڭ ئېلاۋىسى: بۇ مۇھەممەت باغراش، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان باش كۆتۈرۈۋاتقان ياش يازغۇچى. ئۇنىڭ تۇرمۇش، سەنئەت جەھەتتىكى نەزەر دائىرىسى خېلى كەڭ. بۇنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى مۇنداق: 1952 - يىلى تۇغۇلغان، قارا شەھەرلىك، مۇسۇلمان... سەككىز يىل ئارتىسلىق، ئالتە يىل شوپۇرلۇق قىلغان، تىبەتكە ماشىنا ھەيدەپ بارغان... مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق گېزىت - ژۇرناللاردا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 40 پارچىگە يېقىن ھېكايە، پوۋېست، نەسر ۋە ئەدەبىي خەۋەرلىرى ئېلان قىلىنغان... ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى.

— مەن يېزىشقا يېڭى كىرىشكەندە، ئۆز مىللىتىمىز ئىچىدىكى ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلارنىلا تەسۋىرلەپ يازاتتىم، يازغانلىرىم ئاسانلا مەتبۇئاتقا چىقاتتى. ئۆزۈممۇ ناھايىتى كېرىلىپ يۈرەتتىم. كېيىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارغان چاغلىرىمدا بەزى خەنزۇ يازغۇچىلار بىلەن تونۇشتۇم، ئۇلارنىڭ ئېستېتىكا جەھەتتىكى ئارزۇلىرىنى ئۆزۈمنىڭكىگە

سېلىشتۇرۇپ باقتىم. بىزنىڭ ئىنسانىي ھاياتقا ۋە جەمئىيەتكە بولغان نەزەرىمىز تېخىچە يۈزەكى قاتلامدىلا توختاپ قېلىقلىق بولۇپ، ئادەملەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا چوڭقۇرلاپ كىرىپ، ئادەملەرنىڭ روھىنى ئانالىز قىلالمايۋاتىمىز. يازغۇچى بەدىئىي ئوبرازلى ئۇپا-ئەڭلىك سۈرتۈپ پەردازلاش يولى بىلەن ئەمەس، تۇرمۇشتىن چەككىلەپ ئالغان جەۋھەر بىلەن يارىتىدۇ. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تەرغىب قىلغان ئالدامچىلىق ئەدەبىياتى ئادەمنى سەگەكلەشتۈرىدىغان دورا ئەمەس، بەلكى مەست-بىھوش قىلىدىغان دورا. مەن ئۆز مىللىتىمگە قەلىمىم بىلەن بىھوشلۇق دورىسىنى بەرمەيمەن.

مېنىڭ چۈشەنچەم گېزىت مۇخبىرى سەۋىيىسىدىن يازغۇچى سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈلگەندە، ئۆزۈمگە، باشقىلارغا، مىللىتىمگە نىسبەتەن يېڭى قاراش پەيدا بولدى. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇن ئېسىل، چىرايلىق نەرسىلىرىمىز بار ئىكەن، قالاق نەرسىلىرىمىزمۇ بار ئىكەن. ئەگەر ئۇلارغا توغرا قارىمىساق، قالاق نەرسىلىرىمىز يۈك بولۇپ، ئالغا چامداش قەدىمىمىزگە پۇتلىكاشاڭ بولىدىكەن. خەنزۇ يازغۇچىلارنىڭ ئىچىدىمۇ بىھوش دورىسى بېرىدىغانلار بار ئىكەندۇق، لېكىن ئۇلار بارغانسېرى ئازىيىۋېتىپتۇ. تولىسى خەنزۇ مىللىتىنىڭ مەنىۋى ئىللەتلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلالايدىكەن. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇسىڭىز خۇددى يازغۇچىنىڭ قولىدا ئوپېراتسىيە قايچىلىرى شىرىلداپ كېسىۋاتقان بىر ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك بولىسىز، بەدىنىڭىزگە تىترەك ئولىشىدۇ، تېنىڭىز جۇغۇلدايدۇ، ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھەتتا سوغۇق تەرگە چۆمۈلىسىز. بىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىمىزدە ئۇنداق ئەسەرلەر ناھايىتى ئاز. ھەر قانداق مىللەت مۇنداق ئىككى خىل شارائىتتا ئۆز پۇتىنى ئۆزى چۈشەپ قويىدۇ: بىرى، ياخشى-يامىنىنى، چىرايلىق-سەتىنى ئايرىماي، ئۆزىنىڭ مىللىي نەرسىسىلا بولسا چىرايلىق دەپ بېزەش بىلەنلا بولسا، باشقىلارنىڭ ئاغزىغا پىكىرىگىمۇ قۇلاق سالمىسا، ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتەرمىزمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئوبدان نەرسىلىرىنى قوبۇل قىلمىسا؛ يەنە بىرى، ئۆز مىللىتىنىڭ بىر نېمىلىرىنى زادىلا ئېتىراپ قىلماي، ھەممىدە باشقىلارنى دورىسا. بىز ئۇيغۇرلاردا بۇ ھادىسىلەرنىڭ ھەر ئىككىسى بار، بولۇپمۇ ئالدىنقىسى تولىمۇ گەۋدىلىك. مەن بۇ پاكىتلارغا كۆز يۇمىدىغان بولسام، يۇقىرى ئابرۇيلۇق پېشقەدەم يازغۇچىلار، پېشقەدەم شائىرلار ئاممىنىڭ چىشىغا تېگىشكە جۈرئەت قىلالمىغان يەردە، مەندەك ئاق سويىملارغا كىم قويۇپتۇ، ھەر مۇقامدا يورغىلاپ يۈرسەم، ئۆزۈمنى ئۆزۈم جاپاغا قالدۇرماسمەنمۇ، دەپ ئويلىنىپ ئولتۇرسام، يازغۇچىغا خاس ۋىجدانىمنى يوقاتقان بولىمەن. بىر خەنزۇ يازغۇچى ماڭا: مەن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ گۈللىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، بۇ مىللەتنىڭ توپچىلار قاتارىدىن چىقىرىپ تاشلىنىشىنى خالىمايمەن، دەپ ياخشى ئېيتقان. مەن ئۆز مىللىتىمگە نىسبەتەن شۇنداق پوزىتسىيەدە بولىمەن. شۇنداق! ئۆز يولۇمدا ماڭىمەن، قولۇمغا قەلەمنى ئېلىپ قالاق نەرسىلەر بىلەن تۇتۇشىمەن. مىللىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات زېمىنىغا يېڭى قان يەتكۈزۈپ بېرىمەن.

ئىجتىمائىي ئادەت كۈچى كۈچلۈك بولىدىكەن. مەن ئەنە شۇنداق نىشانغا قاراپ يول ئالغىنىمدا، ئالدى بىلەن بەزى ياشانغانراق ئادەملەر تاپا-تەنە قىلدى، مېنى تەنە-

قىلدى، ئەيىبلىدى. مېنىڭ «مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ قارىچۇقىدا قېتىپ قالغان سۈرەت» سەرلەۋھىلىك پوۋېستىم «جۇڭگو غەربىي دىيار ئەدەبىياتى» ناملىق خەنزۇچە ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ سەت يەرلىرىنى خەنزۇلارغا كۆرگەزمە قىلىپ بېرىپتۇ، دېگەنلەرمۇ بولدى. قاراڭ، بۇ گەپنىڭ چوڭلۇقىنى! ئادەم ئىجتىمائىيلىققا ئىگە مەخلۇق، ئادەملەر دېڭىزىدا تۇرۇقلۇقمۇ يىتىم قېلىش تولىمۇ ئازابلىق ئىكەن.

ئېلاۋە: دۈشمەننىڭ قىلىچ، مىلتىقىدىن بولغان جاراھەت شەرەپلىك بولىدۇ، قان ئۇقتەك ئېتىلىپ چىقىپ تۇرسىمۇ، كۆكرەكنى كېرىپ، چىداشلىق بىلەن تۇرغىلى بولىدۇ. ئۆز ئادەملىرىنىڭ سوغۇق، پەس نەزەر بىلەن، مەسخىرە بىلەن قىلغان ئاستا خاراكتېرلىك ئازارلىرى يۈرىكىڭنى چاناپ، تىلىۋاتقاندەك ئازابلايدىكەن!

— ئىچىم پۇشتى، تېڭىرقىدىم، گاڭگىرىدىم، ۋەزىيەت ئۆزۈم كېتىۋاتقان يول توغرىسىدا يېڭىباشتىن ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. خەنزۇ يازغۇچىلار خەنزۇلارنىڭ مەنىۋى ئەخلەتلىرىنى سۈپۈرۈپ چىقارغانىكەن، بۇ ئۇلارنىڭ كىمگە كۆرگەزمە قىلىپ بەرگىنى؟ كۆرگەزمە قىلىپ كىشىلەرنى ئويغاتسا، بۇنىڭ نېمە يامىنى بار؟ تېزىنى باسسا مېزى چىقىدۇ. مەن قەلىمىمنى تارلىق پىسخىكىسىغا سانجىغان ئىكەنمەن، مىللىي تارلىق پىسخىكىسى قول ياندۇرمىسا، ئۆتكىدەك سانجىمىغانلىقىم بولىدۇ. ئۆتكۈدەك سانجىلسا قول ياندۇرۇشى مۇقەررەر. لۇشۈننىمۇ خەنزۇلارنىڭ كونىلىق تەرەپدارلىرى «خائىن» دەپ تىللىمىغانمۇ؟! مىللىتىم ئالدىدا جاۋابكار بولۇش ئۈچۈن ئۆز يولۇمدا قەتئىي مېڭىشىم كېرەك، دەپ ئۆز - ئۆزۈمنى رىغبەتلەندۈردۈم. يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇكېرىم خوجىدىن مىننەتدارمەن. ئۇ ئۆزىنىڭ پېشقەدەملىكى بىلەن مېنى تولۇق چۈشەنگەن تەلەپپۇزدا ماڭا غەيرەت بەرگەن، مېنى قوللىغانىدى. ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، نېمىشقا ياخشى ئادەملەر بالدۇر ئۆلۈپ كېتىدىغاندۇ، دەپ ئىنتايىن بىئارام بولدۇم. شىنجاڭ داشۆدىكى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىندىنمۇ مىننەتدارمەن، ئۇ ماڭا نەزەرىيە جەھەتتىن يول كۆرسەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئىرادەم تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى.

ئېلاۋە: ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمۇ بېكىك ئەدەبىيات ئەمەس. ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىدە جۇڭگو شاھزادىلىرى، يۇنانلارنىڭ سۇلتانى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن، ئەرمەنلەرنىڭ شېرىنى، ئەرەبلەرنىڭ ھارۇن رەشىدى، ئىران باتۇرى رۇستەم تەسۋىرلەنگەن. كلاسسىك ئەدەبىيات ئېچىۋېتىش يولىدا ماڭغان ئىكەنۇ، ئەجەبا ئەمدىلىكتە بىز ئۆزىمىزنى بېكىك ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇشىمىز كېرەكمىكىن؟

— تارىخ ھامان ئالغا باسىدۇ، مىللەتمۇ ھامان ئالغا چامدايدۇ. يېقىنقى بىر يىلدىن بۇيان ۋەزىيەتتە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش تۇغۇلماقتا، يۈزەكى ھادىسىلەرگە مەدھىيە ئوقۇيدىغان ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا كىتابخان چىقمايدىغان بولۇپ قالدى. كىتابخانلار ئۆز مىللىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ كۆپ تەرەپتىن چۈشىنىشنى ئارزۇ قىلماقتا، ئۇلار قالاق نەرسىلەردىن قورقمايدۇ، ئۆزلىرىنىڭ قالاق نەرسىلىرىنى پاك - پاكىز يوقىتالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. بىر مۇنچە ياشلار شىنجاڭ ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن نارازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ مېنى: باغراش، ئۆز يولۇڭ بويىچە مېڭىۋەر، دەپ رىغبەتلەندۈرمەكتە.

www.uyghurkitap.com



ئېلاۋە: تارىخ مۇنداق بىر قانۇنىيەتنى، يەنى قېرىلار ياشلارنى ئەمەس، ياشلار قېرىلارنى تەربىيىلەيدىغان بىر قانۇنىيەتنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. قېرىلارنىڭ ئاغزىدىن ئۆتمۈش تارىخىدىلا ئاڭلاش مۇمكىن، ياشلارنىڭ ئاغزىغا قارىساڭ، ئەتىكى تارىخقا نەزەر سالالايسەن.

— يېقىندىن بۇيان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت سەنئەتچىلىرى ساھەسىدە ياخشى ۋەزىيەت پەيدا بولماقتا. سەنئەت ساھەسىدىكىلەر بېكىك ھالەتتىن ئېچىۋېتىش تەرىپىگە قاراپ يول ئالماقتا. ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەنە شۇنداق ئەدەبىياتتىكى ئېچىۋېتىش تەرەپدارلىرىنىڭ بىرى. ئۇ بىزدەك ياش، ئوتتۇرا ياش يازغۇچىلارنى قوللىماقتا، ھەقنى، ياخشىلىقنى، گۈزەللىكنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئىپادىلەش: ساختىلىق، يامانلىق ۋە قەبىھلىكنى رەھىمسىز دۇمبالاش — بۇ مېنىڭ تىرىشىش نىشانىم.

ئېلاۋە: ئۇ بېكىك چەمبەردىن چىقىپ، ئالغا بېسىشقا ئۈندىمەكتە.

پروفېسسور ئۈنئالغۇنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ: «ۋىدانە ئۇن نەچچە كىشىنىڭ سۆزى بار ئىدى، بولدى قىلاي،— دېدى. — ئۇلارنىڭ كەسپى، جەمئىيەتتىكى ئورنى ئوخشاش ئەمەس، مەلۇماتىمۇ ئوخشاش ئەمەس،— دېدى پروفېسسور سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ،— لېكىن ئوخشىشىدىغان ئورتاق ساداسى بار: دائىم چەمبەرسىمان ئىزدا ئايلىنىپ، قېيىپ يۈرۈش يارىمايدۇ، كونا كۆز قاراش، كونا چۈشەنچىلەرنى بۆسۈپ چىقىپ، راۋاج تېپىش، يېڭىلىق يارىتىش كېرەك!

پروفېسسور دېرىزىدىن يىراققا قارىغىنىچە خىيالغا چۆمدى. باھار كەلگۈنى ئۇنىڭ قەلبىدە دولقۇنلاپ ھېسلىرىنى قوزغىماقتا، ھاياجانلاندۇرماقتا ئىدى. ئۇ بىردىنلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، خۇددى يۈز مىڭ ئادەم ئالدىدا نۇتۇق سۆزلەۋاتقاندەك ياڭراق تەلەپپۇز بىلەن سۆزلىدى:

— ئېچىۋېتىش، تاۋار ئىگىلىكى، بۇ ئىككى نەرسە شىنجاڭنىڭ بېكىك مۇھىتىنى بۆسۈپ تاشلىدى، شىنجاڭلىقلارنىڭ بېكىك روھىي ھالىتىنى تىترىتىپ، ئۇلارنى ئويلاندۇرۇشقا باشلىدى. ئەرەبىستانغا ھەج قىلغىلى، ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىگە سودىگەرچىلىككە بارغانلار قايتقاندا، ئىسلام دۇنياسىنىڭ يېڭى ئۇچۇرلىرىنى ئېلىپ كەلمەكتە؛ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى يوقلاپ بارغانلارمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنىڭ ئۇچۇرلىرىنى ئېلىپ كەلمەكتە؛ ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ چوڭ-چوڭ شەھەرلىرىدىن كەلگەنلەرمۇ مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن يېڭى-يېڭى ئۇچۇرلار ئېلىپ كەلمەكتە. جۇڭگو ئۆزگەرمەكتە، دۇنيا ئۆزگەرمەكتە، ۋەزىيەت بىزنى مەجبۇرلىماقتا. ئۆزگىرىش ياسىماي مۇمكىن ئەمەس. ئۆزگىرىش ياساش ئۈچۈن ئويلىنىش كېرەك، ئويلىنىشنىڭ ئۆزى ئالغا قەدەم تاشلاش دېمەكتۇر.

...سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ قەدىمى تېزلەشمەكتە. قۇرۇلۇشنىڭ ئۆزى ماھىيەتتە ئادەمنى تاكامۇللاشتۇرۇش، ئادەمنى يېڭى بالداققا ئۆرلىتىش ھېسابلىنىدۇ. تارىخ، بۇ مالائىكە ئۇلۇغ ئىجادكاردۇر، ھەيكەلتىراشتۇر، ئۇ مەدەنىيەتنىڭ يېڭى پەللىسىدە مىللىتىمىزنىڭ يېڭى ئەۋلادىنى ياراتماقتا. ھەرقانداق مىللەت ئۆزىنىڭ ئەيىب-مېيىپ تەرەپلىرىگە توغرا قاراپ، كېسەلنى يوشۇرماي داۋالىسا، ئاندىن جانلىق، جۇشقۇن بولالايدۇ، ئالغا ئىنتىلىدىغان غەيرەتكە ئىگىلەيدۇ. بۇ مىللەتنىڭ تەرەققىيپەرۋەر ئوغلانلىرى ئۈچۈن تۇرمۇشنىڭ ئېلىپبەسىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان، كۆپ

يولىدىن، كۆپ تەرەپتىن، كۆپ قاتلامدىن كەلگەن چۆكتۈرمىلەرنىڭ جۇغلىنىشىدىن ھا-
سىل بولغان مەدەنىيەت. ئۇنىڭدا گۈزەل، رەڭدار تەركىبلەر بار، بۇ بىز ئۇيغۇرلارنىڭ
پەخرى. ئۇ بىزنىڭ تارىخىمىزنىڭ ھاياتىي كۈچى بولۇشقا تېگىشلىك ئىدى، لېكىن ئۇ-
نىڭغا ئارىلىشىپ قالغان شەرقنىڭ «ئا Q» چىلىق پەلسەپىلىرىنى، دىنىي خۇراپاتلىقلارنى،
غەربنىڭ قۇرۇق شۆھرەتپەرەسلىكىنى كۆرمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، ھاياتىي كۈچىنى تولۇق
نامايان قىلالمىدۇق، كونىلىقتا چاپلىشىۋالدۇق، ئارقىدا قالدۇق. ئىسلاھ قىلىش، ئېچىۋېتىش،
بىز ئۇيغۇر خەلقىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، شەرق بىلەن غەربنى ئالاقىلاشتۇرغان، ئەمما
ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان بېكىلىپ قالغان يىپەك يولىنىڭ قايتا جانلىنىۋاتقانلىقىدىن دې-
رەك بېرىدۇ. ئەلۋەتتە، ئەمدى ئەگرى-توقاي، ئېگىز-پەس يوللاردا ئات ۋە تۆگە بى-
لەن ماڭمايمىز، بەلكى ئېلېكترون قاتناش ۋاسىتىلىرى بىلەن پەرۋاز قىلىپ ئۇچىمىز.
بىزنىڭ تەرەققىيپەرۋەر باشلامچىلىرىمىز دىققەت-نەزەرىنى ئۆزىمىزدىكى مەنىۋى كېسەللەرگە
تىكىپ، كىشىلەرنى شۇ كېسەللەرنى ئايىماستىن يىلتىزى بىلەن چىقىرىپ تاشلاپ، ساغ-
لام روھىي ھالەت بىلەن چاققان ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرمەكتە. بۇرۇن يوقىتىپ قوي-
غان ئېچىۋېتىش ئەنئەنىمىز يەنە جارى بولىدۇ، ئۇ تېخىمۇ يۇقىرى پەللىدىكى ئېچىۋې-
تىش بولغۇسى!

...ئادەم قىيىنچىلىق ئىچىدە دۇنياغا كېلىدۇ، قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆسىدۇ. خۇدا ئا-
دەمنى ياراتقان، لېكىن ئۇنىڭ بەختىنى ياراتقان ئەمەس. ئادەم بەختىنى قىيىنچىلىق
ئىچىدە جاپا چېكىپ تاپىدۇ. سىز ماڭا: «بۇنىڭ سىرى نېمە؟ ئۇنىڭ سىرى قەيەردە؟»
دەپ بىر تالاي سوئال قويىدىكەنسىز. ئۆتمۈشتىكى سىر بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ قىيىنچىلىق-
لارنى يەڭگەندىن كېيىن ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئىجادىيەتلىرىدۇر. ئىسلاھ قىلىش، ئېچىۋې-
تىش، رىقابەتلىشىش — بۇ ئۈچ نەرسىنىڭ ئەھمىيىتى بىز ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن «قۇتادغۇ-
بىلىك» تىكى ئادالەت، بەخت ۋە بىلىمدىنمۇ مۇھىم. ئۇلار بىزگە يېڭى سىر (ھېكمەت)
يارىتىشنىڭ ناھايىتى ياخشى مۇھىتىنى ھازىرلاپ بەرمەكتە. قىيىنچىلىق يوق ئەمەس، جاپاغا
چىدايدىغان، تىرىشىپ ئالغا ئىنتىلىدىغان روھىمىز بولسىلا، جۇڭگودا — مىللەتلەرنىڭ بۇ
چوڭ ئائىلىسىدە چوقۇم زامانىۋى ئاڭ-سەۋىيىگە ئىگە ئۇيغۇر مىللىتى مەيدانغا كېلىدۇ.

پروفېسسورنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تېخىچە ئېيتمىدىم. بۇ، مېنىڭ سەۋەنلىكتە يېزىل
قويغانلىقىم ئەمەس، بەلكى ئاتايىتەن قىلغان ئورۇنلاشتۇرۇشۇم. ئۇ ئوتتۇرىغا ئازراق
چىقسۇن، ماقالامنىڭ ئاخىرىغىراق مۆكۈنۈپ تۇرسۇن، دېدىم. چۈنكى كىشىلەر ئۇنى تۆلا
چاغلاردا خاتا چۈشىنىپ قالىدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن دەردى ئېغىر ئىكەن. ئۇنىڭغا دەرد
ئۈستىگە دەرد كەلتۈرۈپ قويۇشقا يۈرىكىم چىدىمىدى. مانا ئەمدى قىسقىچە تونۇشتۇراي:

ئىسىم-فامىلىسى: ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن.
مىللىتى: ئۇيغۇر.
خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ داشۆ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى.
ئۇنۋانى: پروفېسسور.

(«جۇڭگو غەربىي دىيار ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1988-يىللىق 8-سانىدىن)
توختى باقى تەرجىمىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۇرسۇنجان لېتىپ

# مېھرى

(ھېكايە)

مېھرى مەكتەپتىن سەل كېچىكىپ قايتتى. ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بوۋاي دەررۇ قازاندىكى پولۇنى ئۇسسۇپ شىرەگە ئالدى.

— قىزىم، بۈگۈن مەكتەپتىن كېچىكتىڭغۇ؟

— مارجاننىڭ ئاپىسى ئاغرىپ قاپتۇ، ئۇلارغا سۇ توشۇشۇپ بەرگەنىدىم، ئاپىسى ماڭا: رەھمەت قىزىم، ئوبدان ئوقۇڭ، ئاپىڭىزغا ئوخشاش ياخشى ئادەم بولۇڭ، دېدى.

— قىزىم، ئۆز ئىسمىڭغا لايىق مېھرىبان قىز بولغۇدەكسەن. ئۆزۈم ئات قويۇۋىدىم ساڭا، — دېدى بوۋاي ماختىنىپ، — ئېشىڭنى يە قىزىم، سوۋۇپ قالمىسۇن، تاماقتىن كېيىن مەن ساڭا مېھرىگىياھ توغرىسىدا ھېكايە سۆزلەپ بېرىمەن.

كىچىكىدىنلا بوۋىسىدىن ھەرخىل قىزىق ھېكايە، چۆچەكلەرنى ئاڭلاپ چوڭ بولغان مېھرى قىزىقىپ قالدى.

— مېھرىگىياھ قانداق نەرسە؟

— كىشىلەرگە كۈچ-قۇۋۋەت شىپالىق بېرىدىغان گىياھ. قېنى، يېگىنە، ئۇنىڭدىن كېيىن دەپ بېرىمەن.

مېھرى ئالدىراپ تامىقىنى يېيىشكە باشلىدى.

— بۇرۇن بىر باتۇر ئۆتكەن ئىكەن، — ھېكايىسىنى باشلىدى بوۋاي، — ئۇ ئەقىللىق ھەم كۈچلۈك بولۇپ، ئاجىز-بىچارىلەرگە بەك كۆيۈنىدىكەن. شۇڭا ئۇ ئەسكىلەرنىڭ دۈشمىنى ئىكەن. ئەسكىلەر ئۇنى كۆرەلمەي، يوقىتىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. بىر كۈنى باتۇر ئەسكىلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ قاپتۇ. ئۇرۇشتا باتۇر ئۆزى يالغۇز كېلىپ قالغاچقا، ئەسكىلەر تەرىپىدىن يېڭىلىپ قاپتۇ.

— ئەسكىلەر بەك جىقمىكەنتۇق، — ئالدىراپ سورىدى مېھرى.

— ھەئە، ئۇلار بەك جىق ئىكەن. شۇنداق قىلىپ باتۇر يارىلىنىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ-دە، ئوتلاق ئۈستىگە يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ئەسكىلەر باتۇرنى ئۆلدى، دەپ

كېتىپ قاپتۇ. باتۇر بىرئازدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ قارىسا، يېقىنلا يەردە قارچۇغا بىر توشقاننى تۇت-ۋۇپلىپ يەۋاتقۇدەك. باتۇرنىڭ ھېلىقى توشقاننى قۇتۇلدۇرۇشقا مادارى يەتمەي قاپتۇ. قارچۇغىسا بولسا، توشقاننى يەپ بولۇپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. توشقاننىڭ پەقەت قۇرۇق ئۇستىخانلىرىلا قاپتۇ.

بۇ چاغدا مېھرى قوشۇقنى چىڭ سىقىمدىغىنىچە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بوۋىسىنىڭ ئاغزىغا تىكىلىپ ئولتۇراتتى.

— بىراق شۇ چاغدا، — دەپ داۋاملاشتۇردى بوۋاي ھېكايىسىغا تېخىمۇ سىرلىق تۈس بېرىشكە تىرىشىپ، — ئاجايىپ بىر ئىش يۈز بېرىپتۇ. قۇرۇق ئۇستىخانلا بولۇپ قالغان توشقان دەسلەپتە مىدىرلاپتۇ، كېيىن ئوتلار ئۇستىدە ئېغىناشقا باشلاپتۇ. ئېغىنىغانسېرى جان كىرىپتۇ. ئاخىرى ئاۋۋالقى ئەسلىگە كېلىپ، لىكىلداپ سەكرىگەن پېتى كېتىپ قاپتۇ. بۇ ئاجايىپ مۆجىزىنى كۆرگەن باتۇر مىڭ تەستە ھېلىقى يەرگە بېرىپ توشقان ئېغىنىغان يەردىكى ئوتلارنى يارا ئىزلىرىغا تەككۈزۈپتۇكەن، بىردىنلا ساقىيىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە ھېلىقى يەردە شىپالىق مېھرىگىياھ بار ئىكەندۇق. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ھېلىقى ئەسكەلەر كېلىپ مېھرىگىياھنى ئىزدەپتۇ، بىراق تاپالماي ئاخىرى ئوت-چۆپلەرنى دەسسەپ، چەيلەپ ئوت قويۇۋېتىپتۇ. مېھرىگىياھ بولسا، تۈزلەڭلىكتىن ئېگىز تاغقا كۆچۈپ كېتىپتۇ.

— بوۋا، توشقان ئۆلگەنمىدى؟ — دەپ سورىدى بوۋايدىن.

— ئۆلۈپ ئۇستىخانلىرىلا قالغانتى، — دەپ جاۋاب بەردى بوۋاي ئۆزىنىڭ شۇنداق بىر قىززىق ھېكايە بىلەن مېھرىنى ھەيران قالدۇرۇۋەتكەنلىكىگە خۇشال بولۇپ.

* *

مېھرى كەچتە، ئورنىدا يېتىپ بوۋىسى سۆزلەپ بەرگەن مېھرىگىياھنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىپ باقتى. «مېھرىگىياھ ھەقىقەتەن شۇنداق ئاجايىپ كۈچكە ئىگە ئىكەن، ئەگەر مەنمۇ ئۇنى تېپىۋالسام...» ئۇ قانداقتۇ شېرىن ئەمما ھەسرەتلىك خىياللارنى كۆڭلىدىن كەچۈرەتتى.

ئۇ بىر چاغدا ئەمدىلا ئەقلىنى بىلىشكە باشلىغان ۋاقتىدا بوۋىسىدىن:

— بوۋا، مېنىڭ ئاپام قېنى؟ — دەپ سورىغانىدى.

— ئاپاڭ ئۇ ئالەمگە كەتتى، — دەپ جاۋاب بەرگەنىدى بوۋاي.

بۇ جاۋابتىن «بىر ياققا كېتىپ قاپتۇ» دەپ ئۈمىدلەنگەن نارەسىدە قىز:

— قاچان قايتىپ كېلىدۇ؟ — دەپ يەنە سوئال سورىغانىدى.

بوۋاينىڭ كۆز چاناقلىرى نەملەشكەن، ئۇ گەپنى ئېيتىپچىپ:

— قار-مۇزلار ئېرىپ، گۈللەر ئېچىلىپ، بۇلبۇللار سايرىغاندا، — دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

— كاككۇك سايرىغاندىچۇ؟

— ھەئە، قىزىم، يەنە كاككۇك كەلگەندە.

— ھە، ئەمدى بىلدىم. ئاپام ياز بولغاندا كېلىدىكەن.

مېھرى شۇ قېتىمقى يازنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى، ئاپىسىغا دەيدىغان نۇرغۇن سۆزلەرنى كۆڭلىگە پۈكتى، ھەتتا ئۆزى ئۈچۈن قىممەتلىك بولۇپ تۇيۇلغان سوۋغىلارنى تەييارلىدى. سوۋغىلارنىڭ ئىچىدە كىچىككىنە بىر دوگىلەك ئەينەكمۇ بار ئى-

www.uyghurkitap.com

دى. بىراق بىرقانچە يازلار ئۆتۈپ كەتتى. مېھرى يىلدىن - يىلغا چوڭ بولۇشقا باشلىدى. كېيىنچە ئۇ ئاپىسىنى سورىمايدىغان بولدى، لېكىن بەزىدە ئاپىسىنى ئويلاپ قالاتتى. بۇ كۆپىنچە باشقا ئانىلارنىڭ ئۆز باللىرىغا كۆرسەتكەن مېھرىبانلىقىنى كۆرۈپ قالغان ياكى بىتاپ بولۇپ يېتىپ قالغان ۋاقىتلىرىدا شۇنداق بولاتتى. بۇ چاغدا ئاپىسى ئۇنىڭ چۈشىگە كىرەتتى.

بۈگۈن بوۋاي مېھرىگە خىسلەتلىك مېھرىگىياھ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنى تولىمۇ ھەيران قالدۇردى. مېھرىگىياھ ھېكايىسى ئۇنىڭدا قانداقتۇ ئاپىسى بىلەن باغلىنىشلىق خىياللارنى قوزغايتتى.

مېھرى ئورنىدا يېتىپ خىيال سۈرمەكتە ئىدى. ئاخىرى پىكىرلىرى چېچىلدى، غۇۋالاشتى، ئاستا - ئاستا كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى.

— سېھىرلىك مېھرىگىياھ ئاشۇ ئېگىز تاغدا، — بىر قول ئاسمانغا تىرەلگەن ئېگىز بىر تاغنى كۆرسەتتى، — ئۇ پەقەت ياخشى ئادەملەرگىلا ئۇچرايدۇ.

تاغ چوققىسىدا بىر نۇر چاچراپ يېنىپ يوقالدى. مېھرى خۇشال بولۇپ سەكرەپ كەتتى.

قۇياش ئاجايىپ نۇرلۇق، تاغ ئارىسى شۇنچە گۈزەل. چوڭقۇر ھاڭ - جىرالار ئۈستىدە ھەيۋەت تاشلار ئېسىلىپ تۇرماقتا. مېھرى ئۆزىنى ئورىۋالغان گۈزەللىككە مەپتۇن بولۇپ، تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئېگىزلىككە قاراپ ئۆرلىمەكتە. مېھرى تاغنىڭ ئۈستىگە يېتىپ چىقتى. بۇ پۈتۈن ئالەمنى كۆرگىلى بولىدىغان ئاسماننىڭ دەل ئۆزى ئىدى، بۇ يەردە خۇددى ھەسەن - ھۈسەندەك رەڭدار جىلۋىلىك بىر نۇر چاقنايتتى.

مېھرى ئۇنىڭغا قول ئۇزاتتى، لېكىن ئاللىقاياقلاردىن قاپقارا بۇلۇتلار كۆتۈرۈلۈپ، بوران ئۇچۇپ، قاراسلاپ چاقماق چېقىپ، ھاۋا بىردىن ئۆزگەردى. ئېگىز قارىغايلار شاۋۇلداپ ئىغاڭلايتتى، مېھرىنىڭ يوپكىسى يۇلقۇنۇپ ئۆزىگە ئۇرۇلاتتى، چاچلىرى توزىدى.

بىردىن مۇھىت جىمجىت تىنچىپ قالدى. ھەتتاكى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىمۇ مىدىرلاپ قويمايدۇ. ئاسماندا سۈرۈلۈپ ئۈلگۈرمىگەن قارا بۇلۇتلار ئاقىرىپ ھەرىكەتسىز قېتىپ قالغان. يەر ئۈستىنى يىرىك، ئاقۇش قىرو قاپلىغان. مېھرىنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. ئۇ مېھرىگىياھنىڭ ئۆزىگە ياردەم قىلىشىنى ئۈمىد قىلدى. بۇنىڭغا جاۋابەن دېگۈدەك يەر - جاھان تىترىدى ۋە بىر روشەن نۇر سېزىقى چوڭقۇر ھاڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ قاياقلارغىدۇر تۇتىشىپ كەتكەندەك بولدى. قىزىق ئىش، شۇ چاغدا مېھرى ھېچقانداق قىينالمايلا ئاشۇ نۇر سېزىقى بويلاپ ئۇچۇشقا باشلىدى، ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ: «ئارزۇلىرىم ئىشقا ئاشىدىغان بولدى» دەپ خۇشال بولاتتى.

شۇ چاغدا مېھرىنىڭ ئالدىدا ئىنتايىن كۆركەم سېلىنغان كاتتا بىر بىنا پەيدا بولۇپ قالدى. بىنا يەر ئۈستىگە سېلىنغانمۇ ياكى بۇلۇتلار ئۈستىدە — ئاسماندىمۇ؟ بۇنى مېھرى ئاڭقىرالماي قالدى.

....مېھرى نۇرغۇن تۈۋرۈكلۈك كۆركەم بىر سارايىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. سارايىنىڭ ئالتۇن بىلەن نەقىشلەنگەن تام - تورۇس، تۈۋرۈكلىرى چاقنايتتى. كەڭ ۋە ئېگىز ئىشىكلەر سارايىنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قىسمىدا بولۇپ، شۇ يەردىكى كەڭ ئايلانما سۇپىدىن باشلانغان پەلەمپەيلەر سوزۇلۇپ

پەسكە ــ مېھرى تۇرغان مەيدانغا كېلىپ
تۇگەيتتى.

مېھرى ھەيرانلىق ئىچىدە بېشىنى كۆتۈ-
رۈپ، ئەڭ ئۈستىدە ئىنتايىن ياش بىر ئا-
يالنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. دېرىزىلەردىن
چۈشكەن نۇر تۇپتوغرا ئايالنىڭ يۈزىگە
چۈشۈپ تۇراتتى. كۈن نۇرىنىڭ چاقنىشى-
دىن ئايال كۆزلىرىنى قىسىپ، بېشىنى سەل
ئەگكەنىدى. ئۇنىڭ بۇ كۆرۈنۈشى ئاپى-
سىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئىشىك ئالدىدا كۈن-
نىڭ نۇرىدىن خۇددى شۇنداق كۆزلىرىنى
قىسىپراق بېشىنى سەل يانغا ئېگىپ چۈش-
كەن سۈرىتىنى مېھرىنىڭ يادىغا كەلتۈردى.
ئايال قىزغۇچ كىيىم كىيگەن، بېشىدىكى
ياغلىقىنى ئارقىسىغا تارتىپ چېگىۋالغانىدى.
مېھرى بىر چاغدا ياغلىقىنى ئەنە شۇن-
داق چېگىپ چىققاندا قوشنىلار: «تۇۋا،
ئاپىسىغا بۇنداقمۇ ئوخشىغان بولارمۇ، ئاپى-
سىمۇ ياغلىقىنى ئەنە شۇنداق چېگىۋالسا بەك-
مۇ يارىشىپ كېتىدىغان» دېيىشكەنىدى.

ئايال پەلەمپەي ئارقىلىق مېھرىگە
قاراپ پەسكە چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇ باس-
قۇچلار ئارىلىقىدىكى كەڭ يەردە توختىدى.
كۈچلۈك نۇر ۋال-ۋۇل قىلىپ چاقناپ ئۆتتى.
مېھرى كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئاچقاندا ئايال
بېشىغا ئالتۇن بېزەكلىك تاج تاقىغان،
كىيىملىرىنىڭ ياقىسىدىن تارتىپ پەشلىرىگى-
چە ئالتۇن زەر تۇتۇلغان ھالدا ھەيۋەت
بىلەن ئۆرە تۇراتتى. مېھرىنىڭ كۆزلىرى
ئېچىشىپ كەتكەندەك بولدى. «بۇ زادى
كىم؟» شۇ چاغدا ئاللىقانداق بىر يەردىن:

ــ مېھرى، قىزىم، بارغىن! بۇ سې-
نىڭ تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن ئاپاڭ بو-
لىدۇ، ــ دېگەن بوۋىسىنىڭ ئاۋازى كەلدى.

مېھرى ھودۇقۇپ ئايالغا، ئۇنىڭ كۆز-



لىرىگە قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى شۇنچىلىك
غەمكىن ئىدىكى، مېھرىنىڭ ئايالغا ئىچى ئاغ-
رىغىنىدىن يىغلىغۇسى كېلىپ كەتتى. ئايال
پەلەمپەينىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدىن چۈشۈپ
توختىدى. نۇر باشتىكىدىنمۇ كۈچلۈك چاق-
ناپ ئۆتتى. ئايال ئەمدى شۇنچە ئاددىي،
شۇنچە ئۈز بولۇپ، ئەتلەس كۆڭلەك بى-
لەن تۇراتتى. بۇ ئاپىسىنىڭ رەسىمىدىكى
كىيىمى ئىدى. بۇ كۆڭلەك تەۋەررۈك ئور-
نىدا ھازىرمۇ دادىسىنىڭ ساندۇقىدا مېھرى
ئۈچۈن ساقلىنىۋاتاتتى.

ــ ئا...پا...! ــ بۇ كۈچلۈك ئاۋاز پۈ-
تۈن كائىناتنى بىر قۇچۇپ ساناقسىز تىتى-
رەك دولقۇنى ياساپ، ياڭراپ سارايغا قاي-
تىپ كەلدى.

ــ بالام! ــ بۇ ئاۋاز ھەم دېگىنىز-ئوك-

uyghurkitap.com



يانلارنىڭ شاۋقۇنىدەك كۈچلۈك، ھەم سەھەردىكى مەيىن تاغ شامىلىدەك ياكى سۈزۈك بۇلاق سۈيىنىڭ شىلدىرلىشىدەك بەسىق، يېقىملىق ۋە ھەسرەتلىك چىقتى، لېكىن كائىناتنى زىلزىلىگە كەلتۈردى.

ئايال مېھرىنى باغرىغا بېسىپ پىرقىرىتىشقا باشلىدى. ياق، ئۇلار پىرقىرىمىدى، پۈتۈن جاھان ئۇسسۇلغا چۈشتى. ساراي ۋە ئۇنىڭ ئالتۇن نەقىشلىك سانسىز تۈۋرۈكلىرى، تام-تورۇسلىرى پىرقىراشقا باشلىدى. دېرىزىلەردىن چۈشكەن نۇرلار تېخىمۇ يارقىن چاقناشقا باشلىدى.

ئايال مېھرىنى قولىدىن يېتىلەپ ئۆزى چۈشۈپ كەلگەن پەلەمپەي بىلەن يۇقىرىغا ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئېگىز ئىشىكلەر، ئارقىلىق سىرتقا چىقتى. ئەتراپتا بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرمەكتە ئىدى. بۇ ساراي تاغلاردىنمۇ ئېگىزدە ئىدى.

— بالام، مېنى سېغىندىڭمۇ؟

— ئاپا، مەن سېنى بەكمۇ سېغىندىم، سەن نېمىشقا پاتراق كەلمىدىڭ؟

— مەن پەقەت سەن چاقىرغاندىن كېيىنلا كەلدىم.

— ئۆلگىرىمۇ كۆپ قېتىم چاقىرغانتىمغۇ؟! ھېلىقى چاغدا مەن كاككۇكتىن ئۆتۈندۈم، قوشنا موماي: «ئادەمنىڭ ئارزۇ-تىلەكلىرى بولسا، كاككۇك قونۇپ سايراۋاتقان دەرەخنى قۇچاقلاپ تىلىسە، تىلىكى ئىجاۋەت بولىدۇ» دېگەنىدى. مەن: «ئەي كاككۇك! مەن ئاپامنى سېغىندىم، ئاپامنى كۆرگۈم كېلىدۇ. سەن ئاپامغا مېنىڭ تىلىكىمنى يەتكۈزۈپ قويالامسەن؟» دەپ ئۇنىڭغا ئېيتقانىدىم. بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ مۇڭلۇق ئۈنى بىلەن «كاككۇك، كاككۇك» دەپ سايراۋەردى. ئاخىر مەن ئۇنىڭغا تېخىمۇ قاتتىقراق ۋارقىراپ دېگەنىدىم، ئۇ مېنىڭدىن قورقۇپ ئۇچۇپ كەتتى. مەن ئالدىنىپتىمەن.

ئايالنىڭ چىرايىنى يەنە ھەسرەت قاپلىدى. ئۇ مېھرىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، كۆڭلەكلىرى بىلەن ئوراپ، باش-كۆزىنى سىيلايتتى، پېشانىلىرىگە سۆيەتتى. ئۇنىڭ چىرايى ئازابلىق كۈلكە بىلەن قاپلانغانىدى. ئېھتىمال، بۇلۇتلاردىن تامچىلاۋاتقان، ئېدىرلار ئارىسىدا ئېقىۋاتقان ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى بولسا كېرەك.

— قوزام، مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىمەنغۇ. ھەممىنى بىلىمەن، — دەيتتى ئۇ مېھرىنى بەزلەپ.

— مەن چوڭ بولۇشقا باشلىدىم. كىشىلەر مېنى ئاپاڭغا ئوخشايسەن، دەيدىغان بولدى. كىشىلەر شۇنداق دېسە، مەن بەك خۇش بولۇپ كېتىمەن. ئاپا راستىمۇ، ئىككىمىز ئوخشايمىزمۇ؟

— ھەئە، قىزىم! سەن ماڭا ئوخشايسەن. قارىغىنا!

ئايال ئاسماننىڭ بىر چېتىنى كۆرسەتتى. ئاسماننىڭ بىر چېتى خۇددى ئەينەكتەك پارقىراپ تۇراتتى. ئانا-بالا ئىككىسىنىڭ ئەكسى شۇ يەرگە چۈشكەن بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى كۆرۈشتى. ئۇلار بىر-بىرىگە تولىمۇ ئوخشايدىكەن.

— ئاپا، سەن نېمىشقا بىز بىلەن بىللە بولمايسەن؟

— قىزىم، مەن تولىمۇ تەلەيسىز ئىكەنمەن. سەن بىلەن بىللە بولالمىدىم، لېكىن بۇنىڭغا مەن چىدىدىم. بۇنىڭدىن قارىغاندا، مەن غەيرەتلىك ئىكەنمەن، سەنمۇ ماڭا ئوخشاش غەيرەتلىك بولالامسەن؟

ئەمەتجان ھوشۇر

# ئەمدى بىزگە كىم قارايدۇ؟

(ھېكايە)

ئائىلىمىزدە دادام، ئاپام، ئىككى
ئۇكام بولۇپ بەش جان ياشايمىز. دادام
شوپۇر. ئۇ، كۆپ چاغلاردا ماشىنىنى ھەيـ
دەپ يولغا بىر چىقىپ كەتسە، ئون كۈنـ
دىن كەم قايتىپ كېلەلمەيدۇ، لېكىن داـ
دام ئۆيگە ھەرگىز قۇرۇق قول قايتمايـ
دۇ. كۈز ۋە قىش كۈنلىرى ياقا يۇرتنىڭ
تاۋۇز - قوغۇنلىرىنى، گۆش، تۇخۇملارنى،
ئەتىيازدا بولسا يېڭى - يېڭى كۆكتاتلارنى
ئالغاچ كېلىدۇ، شۇڭا ئائىلىمىزدىكى تۇرـ
مۇش ناھايىتى باياشات ئۆتىدۇ. دادام ماي
چاپان، بەدىنىدىن ئاچچىق تەر ۋە بېنزىن
پۇراپ تۇرىدىغان ئادەم بولسىمۇ، بىز ئۇـ
نى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتۇق. دادام ھەر

— ھەئە، غەيرەتلىك بولىمەن... نېـ
مە؟! ئاپا سەن يەنە كېتەمسەن؟

قىزنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش
تۆكۈلدى.

— كۈلۈپ تۇرغىنا، قىزىم!

— مەن كۈلۈۋاتىمەنغۇ؟!

مېھرى كۈلۈمسىرىدى. كۆزلىرىدىن
بولسا، ياش تۆكۈلەتتى.

— مەن سېنى سېغىناپ كۆرەي،
قىزىم...

ياش ئانا شۇ يەردىن باشلانغان
يول بىلەن ئۇزاپ كېتىشكە باشلىدى. ئۇ
بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىققاندا ياغلىقىنى
ئېلىپ پۇلاڭلاتتى. مېھرىمۇ ياغلىقىنى
ئاپىسىغا قارىتىپ سىلكىتەتتى.

— ئاپا، باشتا چىدىغان ئىكەنمەن،
ئاخىرىدىمۇ چىدايمەن.

ئۇ ھامان كۈلۈمسىرەشكە تىرىشـ
سىمۇ كۆز ياشلىرى مەڭزىلىرىنى ھۆل قىلىپ
ئۆتەتتى.

ئۇ ئاپىسىغا قاراپ يۈگۈرۈشكە باشـ
لىدى، ياش ئانىمۇ ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈـ
رۈپ كېلەتتى. ئۇلار ناھايىتى ئۇزاق يۈـ
گۈرۈشتى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىلىقى بارـ
غانسېرى ئۇزىراپ بارماقتىدى.

مېھرى چۈش كۆردى. چۈشىدە
كۈلدى، يىغلىدى. ئەنە ئۇنىڭ لەۋلىرى
ئۆمچىيىۋاتىدۇ. ئەگەر شۇ تاپتا سەللا بىر
تېۋۇش بولسا، ئۇنىڭ ئۇزۇن كىرپىكلىرى
بىر - بىرىدىن ئاجرىلىدۇ - دە، ئويغىنىدۇ.
ئاھ، شۇ چاغدا ئۇ يەنە قانچىلىك ھەسرەت
چېكەر؟!

قېتىم سەپەردىن كەلگەندە بىز ئۇنىڭ
بويىنغا ئېسىلىپ قۇچاقلاپ كۆرۈشىمىز.
چاڭ - توزان باسقان ساقاللىق يۈزلىرىنى
تالىشىپ تۇرۇپ سۆيۈپ كېتىمىز. دادام
بىزنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ھاۋادا
پىرقىرىتىدۇ، باغرىغا بېسىپ تويىماي پۇراپ
چىقىدۇ. ئەنە شۇ مىنۇتلاردا بىز خۇشلۇق-
تىن ياپراپ كېتىمىز.

ئاپام بولسا، ماگىزىنىدا پىركازچىك
بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئاپام ئىككى مەڭزى
دائىم قىزىرىپ تۇرىدىغان، توم قىزىل
لەۋلىرى ئانار چېچىكى رەڭگىدە، چاچلىرى
بوياپ قويغاندەك توم قارا، تېرىسى ئاپ-
ئاق، كۆك تومۇرلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس
كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قوڭۇر كۆزلىرى سۈر-
لۈك بىر ئايال. ئۇ دادامنىڭ ئەكسىچە،
چىرايلىق ياسىنىپ يۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن دائىم
ئېسىل ئەتىر، سوپۇن ھىدى پۇراپ تۇرىدۇ.
كۆپ ھاللاردا بىز ئاپىمىز بىلەن قالىمىز.
ئاپام ئىشتىن كەلگەندە بىز دادىمىزغا قىل-
غان شوخلۇقنى قىلالمايمىز. ئەنە شۇنداق
كۈنلەردە ئۆيدە كۈلكە ئورنىغا يىغا ئال-
مىشىدۇ. ئاپام بىكاردىن بىكارغا خۇيلىنىپ،
بىزنى تىللاپ ئۇرۇپ كېتىدۇ. ئۇ ھېچقا-
چان بازاردىن تاتلىق - تۇرۇم بىر نەرسى-
لەرنى ئالغاچ كەلمەيدۇ. بەزىدە بىزنى
ئاچتىن - ئاچ ئۆيگە سولاپ قويۇپ، مېھ-
ماندارچىلىققا كېتىدۇ، بۇنداق چاغلاردا
بىزگە دادامنىڭ يوقلۇقى بەكمۇ بىلىنىدۇ.
دادىمىزنىڭ پاتراق قايتىپ كېلىشىنى كۈ-
تۈمىز.

* *

مانا بۈگۈن دادام سەپەرگە چىقىپ
كەتكىلى سەككىز كۈن بولدى، دادىمىزنى سې-
غىنىپ كۆزىمىز تېشىلەي دېدى. تۇساتتىن
ئىشىك چېكىلدى. بىز دادام كەلدى، دەپ
خۇشاللىق بىلەن ئىشىككە يۈگۈردۇق. ئەم-
ما ئىشىكتىن كىرىپ كەلگىنى دادام ئە-
مەس، ئاللىقانداق بىز كۆرمىگەن بىر يو-
چۇن ئادەم ئىدى. بىز ھەيران بولۇپ
بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ تۇرغاندا، ئاپام
چىقىپ بۇ يوچۇن مېھماننى ئالاھىدە تە-
كەللۇپ بىلەن مېھمانخانا ئۆيگە باشلىدى.
داستىخان سېلىپ بىزگە بېرىشكە كۆزى
قىيماي ساقلاپ كېلىۋاتقان پىرەنىك، شا-
كىلات، ناۋات ۋە ياڭاقلارنى ئۇنىڭ ئالدىغا
تىزىۋەتتى. ئاندىن ماڭا ئون يۈەنلىك پۇل
تۇتقۇزۇپ قاسساپتىن گۆش ئەپكىلىشكە
بۇيرۇدى. مەن خۇددى كىيىكتەك چاپقان
پېتىم ئون مىنۇت ئىچىدە گۆشنى ئېلىپ
كەلدىم. نېمە ئۈچۈن شۇنداق تېز بېرىپ تېز
قايتقىنىمغا ئۆزۈممۇ ھەيران. بىراق ئاپام مې-
نى تېنىم تاپقۇزماي ھېلى ئوتۇنخانىدىن
ئوتۇن - كۆمۈر ئەپچىقىشقا، ھېلى سۇ ئەپ-
كىلىشكە بۇيرۇۋېتتى. مەنمۇ بۇيرۇلغان ئىش-
لارنى ھايالسىز ئورۇنداپ بولۇپ ھېلىقى
يوچۇن مېھمانغا سەپسالاتتىم. ئۇ دادامغا
قارىغاندا ئېگىز، شاداپاچاق، قاڭشارلىق،
ئاق پىشماق كەلگەن ئادەم بولۇپ، پات-
پات ئالتۇن چىشلىرىنى چىقىرىپ، ئېيقى
بىلەن قارىسىنى ئايرىغىلى بولمايدىغان قىزىل
كۆزلىرىنى قىسىپ، ئاپامغا قاراپ ھىجىيىپ
قوياتتى. ئۇكىلىرىم بۇ يوچۇن ئادەمدىن
قورۇنۇپ، مېھمانخانا ئۆيگە كىرىشكە پې-
تىنالماي، پات - پات بويۇنداپ مارىشاتتى.
ئاپام بولسا قىلغىلى قىلىق تاپالماي پايپې-
پېتەك بولۇپ، بۇ مېھماننى مەزەگە تەك-
لىپ قىلاتتى، پىيالىسىگە چاي لىقلاپ
قوياتتى. مەن بارغانسېرى بىئارام بولۇش-
قا باشلىدىم. كۆڭلۈمدە، ئاپامنىڭ بۇنداق

قىزغىن ئىلتىپاتقا ئېرىشىۋالغان بۇ يو-
چۇن ئادەمگە ئۆچاقكۇم قوزغىلاتتى. چۈن-
كى ئاپام دادامنى بىرەر قېتىممۇ مۇشۇن-
داق كۆيۈنۈپ كۈتۈپ باقمىغانىدى. ئەك-
سىچە، ھەر قېتىم دادام سەپەردىن
كەلسە: «ھەي قارىۋاي، بۇ دورەم نەچچە
خوتۇننى كابىنىكىغا سېلىۋالدىڭ؟» دەپ
سوراقىقا تارتاتتى. بەزىدە بۇ سوراقنىڭ
ئاقىۋىتى جېدەلگىمۇ ئايلىنىپ كېتەتتى.
مەن بۇلارنى ئويلىغانسېرى تېخىمۇ بىئا-
رام بولۇپ، ھېلىقى يوچۇن ئادەمدىن
«بىزنىڭ ئۆيگە نېمىشقا كەلدىڭىز؟ نېمە
ئىشىڭىز بار ئىدى؟» دەپ سورىماقچى
بولاتتىمۇ، لېكىن جۈرئەت قىلالمايتتىم.
ئاخىرى ئاپامدىن سورىدىم. ئاپام ئاۋۋال
ماڭا چەكچىيىپ بىر قارىۋالغاندىن كېيىن:
«ئۇ، داداڭنىڭ ئاغىنىسى. سەن بۇنى سو-
راپ نېمە قىلىسەن؟! چوڭلارنىڭ ئىشىغا
ئارىلاشمايدىغان!» دېدى ۋە ماڭا قاراپ
خۇشامەت تەرىقىسىدە كۈلۈپ قويدى. مانا
ھەش - پەش دېگۈچە كەچ كىرىپ قالاي
دېدى. ئۆيىمىزنى مەززىلىك شورپا ھىدى
قاپلىدى. يوچۇن مېھمانمۇ ھېچ قايتىدى-
غاندەك ئەمەس. مەنمۇ خاتىرجەم بولۇپ
قالدىم، چۈنكى ئۇ دادامنىڭ ئاغىنىسى
ئىكەن - دە؟! ...

* *

«گۈلدۈر - تاراق» قىلغان ئاۋازلار-
دىن چۆچۈپ ئويغاندىم، بۇ ئاۋازلار مېھ-
مانخانا ئۆيدىن كېلىۋاتاتتى. ئىنىلىرىممۇ
ئويغىنىشتى. بىز يۈگۈرۈشۈپ مېھمانخانا
ئۆيگە چىققتۇق ۋە ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇ-
رۇپلا قالدۇق. ئۆي ئىچى قالايمىقان بو-
لۇپ، ئۈستەل ئۆرۈلگەن، چىنە - قاچىلار
يەرگە چېچىلىپ كەتكەن، ھېلىقى سالاپەت-

لىك مېھمان كالتە ئىشتاپ ۋە مايكىچان
ھالەتتە كىمنىڭدۇر ئالدىدا تىزلىنىپ ئول-
تۇرۇپ، يالۋۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ بايىقى
سېرىق ئالتۇن چىشلىرى قىزىل سىرلانغان
چىشلارغا ئايلىنىپ كالپۇكلىرى تۆكۈلۈپنىڭ
كالپۇكىدەك چوڭىيىپ دوردىيىپ قالغانىدى.
مەن ھېلىقى مېھماننىڭ ئالدىدا تۇرغان
ئادەمگە سىنچىلاپ قارىدىم. ئۇ دادام ئىكەنغۇ!
مەن ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ باردىم.
بىراق دادام ماڭا قاراپمۇ قويىماي، ئىچ
كۆڭلەك بىلەنلا ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا تو-
گۈلۈپ تۇرغان ئاپامغا ئېتىلدى. ئۇنى
چۆجىنى قامالىغاندەك مۈرىسىدىن تارتىپ
تۇرغۇزدى. «ماڭا بىر قارىغىنا؟! مېنىڭ
كۆزۈمگە قارا دەيمەن؟!!» دادام ئاپامنىڭ
مۈرىسىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ جالاقلىتىپ قات-
تىق سىلكىشلىدى. ئاپام لاغىلداپ تىت-
رەيتتى. «ماڭا قارىغۇدەك يۈزۈڭ قالمىدى
شۇنداقمۇ؟!» دادام بىردىنلا غەزەپكە كەل-
دى - دە، ئاپامنى بىرلا تارتىپ يەرگە يىق-
قىتتى، قورسىقىغا مىنىپ تۇرۇپ قولىغا پى-
چاقنى ئالدى. شۇ ئارىلىقتا ھېلىقى مېھ-
مان سىرتقا ئۆزىنى ئاتتى. «ئېيتە، بۇ
زادى نېمە ئىش؟! سەن زادى نېمىلەرنى
قىلىپ يۈرۈسەن؟؟! گەپ قىل دەيمەن!!!»
ئاپامنىڭ ئاغزى ماك - ماك قىلاتتى-يۇ، ئا-
ۋاز چىقمايتتى. كەنجى ئىنىم ئاپامنىڭ
قورسىقىغا مىنۋېلىپ ئۇنى سوراق قىلىۋات-
قان دادامنىڭ يەلكىسىگە كىچىككىنە مۇشت-
لىرى بىلەن ئۇرۇپ تۇرۇپ، قىقىراپ يىغ-
لاشقا باشلىدى. دادام ئىنىمنىڭ نالىسىگە
چىدىماي:

— شۇ تاپتا باللارنىڭ كېيىنلىكىنى
ئويلىمىغان بولسام سېنى بوغۇزلىۋەتكەن

(داۋامى 130 - بەتتە)

www.uyghurkitap.com

مۇتەللىپ خۇرسەندى

## مېنىڭ يۇرتۇم ئاشۇ سەھرالار

گۈزەل ئەمەس، گۈزەل شۇ قەدەر،
سەھرا، سەھرا ــ مېنىڭ سەھرايىم.
گۆھەر ئەمەس، بىباھا گۆھەر
ئۇندا ئۆسكەن ھەربىر گىياھىم.

بىر شېئىردۇر (شىراز كۆيىدەك)،
ھەربىر باغلار، ھەربىر توقايلار.
تەۋرىنىدۇ گويا دېڭىزدەك
ئېتىزلاردا بولۇق بۇغدايلار.

يايلاقلىرى باردۇر ياپپېشىل،
شىلدىرلىغان بۇلاقلىرى ھەم.
ئۆتەر كەچلەر مەنىلىك، ئېسىل،
ئۆي - ئۆيلەردە تېلېۋىزور كۆركەم.

يول - يوللاردا جىگدىلەر تۇتاش،
ئاق كېپىلەر تاپار يەنە شان.
شېرىن تىلەك، شېرىن پىچىرلاش
يۇرەكلەرگە ئوت ياقار پىنھان.

ئىشچان، ساددا كېلەر ئەرلىرى،
قىزچاقلىرى خۇش خۇي ۋە ئوماق.
ئاشۇلارنىڭ ماڭلاي تەرلىرى
بەخت ئۈچۈن ياڭرىغان قوشاق.

سۆيۈملۈكتۇر، گۈزەلدۇر ئەجەب
مېنىڭ يۇرتۇم ــ ئاشۇ سەھرالار.

كۆيلىرىمگە قاتتىم شۇ سەۋەب،
دولقۇنلىنىپ دىلدا ئىپتىخار.

## ساۋاقداشلار ئەلبۇمىغا

گويا كەچكۈز تۇمانلىرىدەك،
كېلەر بىسىپ دىللارنى ھىجران.
يوق مەڭگۈلۈك ئايرىلىش پەقەت،
ھەم مەڭگۈلۈك ۋىسال ھېچقاچان.

بولغىن مەيلى قەيەردە دوستلار،
ياشا شۇنداق خۇش خۇي ۋە بەردەم.
ئۆتكۈنچىدۇر ھايات ئەزەلدىن،
بىرلا كېلەر دۇنياغا ئادەم.

ئارقىمىزدا تالاي ئىز قالدى،
ئالدىمىزدا يوللار تېخى كۆپ.
ئالار ھايات بىزدىن ئىمتىھان،
گاھى ئاسان،
گاھى چۆچۈتۈپ.

مۈشكۈللەردە قالمىسۇن مەڭدەپ
قەلبىتىمكى بۈيۈك ئىستەكلەر.
ئۇپۇققىچە كەتسۇن تۇتۇشۇپ،
تەرىمىزدىن كۆلگەن چېچەكلەر.

## پەرىشتە سىز ئاتىلار بىزگە

چاچلىرىڭىز ئاقاردى قاردەك،
مەڭزىڭىزدە يول - يول قورۇقلار.

قېنى كۆزلەر يۇلتۇزدەك يانغان،
ۋە يولۋاستەك يەڭگۈچى ھېسلار ؟!

سىز يوقاتقان شۇ جەزىبدارلىق،
ئاھ، مېنىڭدە، مېنىڭدە بۇدەم.

لېۋىڭىزدە ئوينىاق تەبەسسۇم،
قەلبىڭىزدە ئىپتىخار كۆركەم.

چىقسام يەنە جەڭگە ئەتە - كەچ،
سەپىرىمگە تىلەيسىز زەپەر.
پەرىشتە سىز مەن ئۈچۈن گويا،
تىلىكىڭىز بىباھا گۆھەر.

مەتىمىن بارى

# شېئىرلار

## مۇنار

بۇلۇتقا باش تىرىگەن ئېگىز مۇنار،
قەددىڭگە مىسال ئىكەن سېنىڭ تۇرپان.
ئەمگەكچى ئەجدادلارنىڭ سىمۋولى،
تارىخنى ۋاراقلىساق ئۇزۇن جەريان.

مۇجەسسەم ئىكەن سەندە ھۈنەر - سەنئەت،
باتۇرلار ئەقىدىسى — كەشپىياتى.
كۆرگەندە ئوت يۇرتىنىڭ ئوتى ئوخشاش
يالقۇنجاپ كەتتى قەلبىم ھېسسىياتى.

نەچچە ئون پەلەمپەينى بېسىپ چىقتىم،
ئايلىنىپ ئۇنىڭ ئېگىز چوققىسىغا.
بۇلۇتلار خىيالىمدا پەستە قالدى،
ئاسمانغا چىقىشىمغا بولدى شوتا.

مۇناردىن قارىغانتىم يىراقلارغا،
بىپايان ئېتىكىڭنى كۆردۈم ئېنىق.
لاۋۇلداپ يالقۇنتاغنىڭ يالقۇنىدەك،
قەلبىڭدە ھايات ئوتى ئىكەن يېنىق.

كۆرگەندە ئىدىقۇتنى، بېزەكلىكنى،
غۇرۇردىن شوخ قەلبىمدە ياندى ۋولقان.

ئۆتسىمۇ ئۇزۇن يىللار تارىخ گۇۋاھ،
يادنامە بولۇپ ئۇنىڭ ئىزى قالغان.

## تۆھپىسىدىن خەلقىمىز رازى

(بىر ئۇستازنىڭ ئۆلۈمىگە مەرسىيە)

«ئۆلدى» دېمە،
مەن ئىشەنمەيمەن،
كۆز ئالدىمدا تۇرار ئەنە ئۇ،
ئىللىق چىراي بىزگىلا قاراپ.
ئوڭ قولىدا ئۇنىڭ ئاپئاق بور،
سول قولىدا كۆرسەتكۈچ تاياق.
چۈشەندۈرۈپ ھەربىر نۇقتىنى
دەرسخانىدا بەرمەكتە ساۋاق.
سىڭگەن ئۇنىڭ ئەجرى ھېسابسىز،
پەرۋىش قىلىپ، ئۆسمۈر - گۆدەككە.
قەلبلەردە ياندۇرۇپ مەشئەل،
يېتەكلىدى ئۇ كېلەچەككە.
بېغىشلىدى ئەۋلادلار ئۈچۈن
گۈزەل ياشلىق باھار پەسلىنى.
لېكىن بۈگۈن رەھىمسىز ئەجەل
ئېلىپ كەتتى ۋاقىتسىز ئۇنى.
بىراق،

ئۇنى ئۆلدى دېمەيمەن،
(تۆھپىكارلار ئۆلمەيدۇ ھەرگىز!)
كۆمۈلسىمۇ جىسمى تۇپراققا،
قالسىمۇ ئۇ چۆلدە قەبرىسىز،
چىقماس زادى ئەۋلاد قەلبىدىن،
ئۇنىڭ نۇرلۇق، يارقىن ئوبرازى.
روھى ھايات،
خىسلىتى ئۇلۇغ،
تۆھپىسىدىن خەلقىمىز رازى!

## باغۋەن ئەجرى

كېچە ـ كۈندۈز تىنىم تاپماستىن
كۆچەتلەرنى قىلىدۇ پەرۋىش.
ئۆزى جۇدەپ كەتسىمۇ ھەتتا،
ھاياتىدىن قىلمايدۇ تەشۋىش.

كۆچەت ياشناپ بولسا باراقسان،
پەخىرلىنەر كىرسە مېۋىگە.
ياغدۇرىدۇ ئەل شۇڭا ئالقىش،
مەمنۇن بولۇپ باغۋەن ئەجرىگە.

## ماڭا مەپتۇن بولۇپسەن، لېكىن...

(بىر قىز ئاغزىدىن)

بىر كۆرۈپلا كەچتە تانسىدا،
سەن مۇھەببەت ئىزھار ئەيلىدىڭ.
ئىش ئورنۇمنى كۆرۈپ ئەتىسى،
سەۋەبسىزلا مەندىن رەنجىدىڭ.

ماڭا مەپتۇن بولۇپسەن، لېكىن
ئەمگىكىمگە ئوقۇپسەن ئەپرەت.
سېنىڭ ماڭا ئىزھار قىلغىنىڭ
چۈشەنمىدىم، قانداق مۇھەببەت!؟

## ساۋاق

ئۇرغان ئىدىم تاشنى ياڭاققا،
تالقان بولدى، مېغىزى كەتتى.
نابۇت بولدى مېغىزىمۇ تۈگەل،
ئىست، ئەمگىكىم بىكارغا كەتتى.

تەنبىھ قىلدىم بالامغا شۇنداق،
رەھىم قىلماي قاتتىق كاچاتلاپ.
چوقان سېلىپ، ئۆكسۈپ ياش تۆكۈپ،
ۋەدە بەردى تىرناقنى تاتلاپ.

لېكىن قايتىپ كەلمىدى كەچتە،
شۇندىن بېرى ئىز ـ دېرىكى يوق.
ھەسرەت چەكتىم، پۇشايمان يېدىم،
مەن ئوغلۇمدىن قالغاچقا قۇرۇق.

* *

سىلىق ئۇرۇپ چاقتىم ياڭاقنى،
مېغىزىمۇ بولمىدى زايا.
يەكۈنلىدىم ئاچچىق ساۋاقنى،
قىلماس ئۇچۇن يۈرەكنى يارا.

## ۋاقىت

بىلىندۈرمەي ئۆتۈپ ئاي ـ يىللار
قېرىتىمەن دەيدۇ ئادەمنى.
ئادەملەرمۇ ۋاقىت قوغلىشىپ،
گۈل ـ چېچەككە پۈركەر ئالەمنى.

## ئىز

ھەنىسىز ياشاپ ئۆتكەن كىشى ئۆمرى
ئوخشايدۇ قۇمغا چۈشكەن ئىزغا گويا.
بوگۈن ئۇ غىل ـ پال كۆزگە چېلىقسىمۇ،
ئەتىلا بۇ دۇنيادىن ئادا ـ جۇدا.

مەھەممەت ئابدۇرېھىم

## سەھرا قىزى

سەھرا قىزى، قارا قۇمچاق قىز،
شەھلا كۆزۈڭ نۇرانە بۇلاق.
كۈۋەجەيدۇ نۇرلار چەشمىسى،
كىرپىكلىرىڭ بەئەينى قىياق.

مەن قارىسام، ئەي گۈزەل رىنا،
كۆزلىرىڭگە تىكىلىپ ئۇزاق،
جىمەستىدەك قىزىرىپ ھۇپپىدە،
كۈلۈپ باقتىڭ نازلىنىپ ئۇماق.

مەن ئىزدىدىم كۆزۈڭ تەكتىدىن
ھاياتىمغا بەخت يۇلتۇزى.
ۋۇجۇدىمنى چىرمىغاچ پىراق
ئارام بەرمەي كېچە-كۈندۈزى.

شۇڭغۇپ كەتتىم نۇرلار تەكتىگە،
بىر سېھرىي كۈچ قىلغاچ مەھلىيا.
بەخش ئەتتى سېنىڭ كۆزلىرىڭ،
ھاياتىمغا يېڭىچە مەنا.

بىلدىم، قەلبىڭ ئانام سۈتىدەك
غۇبارسىزكەن، ئاپئاق، ساپ ئىكەن.
دېدىم: مەندەك ئىشچان يىگىتكە
سەندەك سەھرا قىزى باپ ئىكەن.

ھاياجاندا باقتىم زوقلۇنۇپ،
ئۈمىد چاقناپ تۇرغان كۆزۈڭگە،
ئۇپا، ئەڭلىك-بىزەكتىن خالىي
كۆيۈپ پىشقان ئانار يۈزۈڭگە.

خېنە يۇقى يوقتۇر قولۇڭدا،
قاداق گۈلى بىرىپتۇ زىننەت.
چېكەڭدىكى سىماب قەترىلەر
مەرۋايىتتۇر سەن ئۈچۈن قىممەت.

باھاردەكلا تەبىئىي گۈزەل—
ئىكەن قەلبىڭ، چىرايىڭمۇ ھەم.
خىسلىتىڭدىن قەلبىم قېتىدا
ئۇلغايماقتا سۆيگۈ ئەقىدەم.

## تاڭ سەھەر

مەيىن شامال ئويناپ، ئەركىلەر،
تاراپ كەتتى گۈگۈم پەردىسى.
سۈبھى يۈزى سۈزۈلۈپ-يورۇپ،
ئۈچۈپ كەتتى ئاسمان پەرىسى.

ئۇپۇق شۇدەم ئەيلەپ تەبەسسۇم،
ياقتى ئەڭلىك گۈلگۈن لېۋىگە.
زىناقلاردا ئويناپ كۈلكىسى
تەپچىپ چىقتى شەلپەر يۈزىگە.

كىرپىكىدىن تۆكۈپ تال-تال نۇر
ئۇپۇق قىزى ئەيلىدى جىلۋە،
كائىناتقا، زېمىنغا شۇدەم
زەر يىپەكتىن تارتىلدى رىشتە.

ئوتقاشلاندى تاغلار چوققىسى،
زەر نۇر بىلەن تاۋلاندى قىيا.
بۇركۈت تەمكىن قاقتى قانىتىن،
خۇش تەبەسسۇم ئەيلىدى دۇنيا.

قاپتاللارنى قۇچتى ئالتۇن نۇر،
چاتقاللارنى سۆيدى شوخ سابا.

www.uyghurkitap.com

پۈر - پۈر قىلىپ ئۇچۇشتى كەكلىك،
توقايلىقلار كۆرۈندى زىبا.

جىلۋە ئەيلەپ ئاچتى كۆزىنى
نۇر ئىلكىگە چۆمۈپ ھەر گىيا.
ۋىلىق - ۋىلىق كۈلۈشتى بۇلاق،
دولقۇنىدا چايقاپ زەر زىيا.

ياپراقلارنى سۆيدى ئوتقاش نۇر،
سەلكىن باغاش ئەتتى بوستاننى.

ئەخمەچى قۇش ئەيلىدى ناۋا،
باشلىۋەتتى يېڭى داستاننى.

ئىشقا چىللاپ ياڭرىدى گۈدۈك،
ماڭدى ھەممە جەڭگاھقا قاراپ.
قوندى قۇياش ئۇپۇق لېۋىگە
مىس لەگەندەك چوغلىنىپ چاقناپ.

پەرھات مۇھەممەت

## يىغلاپ تۇرۇپ سۆيگەنتىڭ، بىراق...

مەن كۆيمەستىن ماڭا كۆيۈپسەن،
مەن كۆيگەندە قېنى كۆيگىنىڭ؟
چالا ساۋات ئىكەنسەن تېخى
قانۇنىدىن شېرىن سۆيگۈنىڭ.

يىغلاپ تۇرۇپ سۆيگەنتىڭ، بىراق
كۈلۈپ تۇرۇپ ئايرىلدىڭ مەندىن.
«ئەقدەمگە يىغلايمەن» پەقەت،
«ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن» سەندىن.

## چۈشلىرىڭدە كىمنى كۆرۈسەن؟

مەن ئويقۇغا بولغاندا ئەسىر،
چۈشلىرىمدە كۆرەتتىم سېنى.
تاتلىق كۈلگەن نازلىرىڭ بىلەن
كۆيدۈرەتتىڭ ئەجەپمۇ مېنى.

ئويغىمىزدا ئۇچراشقان چاغدا،
كۆرمىگەندەك كېتەسەن مېنى.
ئېيتقىن گۈزەل، ئۇخلىغاندا سەن
چۈشلىرىڭدە كۆرۈسەن كىمنى؟

## ئانا يەر سۆيگۈسى

سېنى دېمەسەم، تۇغۇلماس ئىدىم،
سېنى دېمەسەم، كۆمۈلمەس ئىدىم.

قاسىم ھاشىم

## تەكلىماكان

سەندە بار توغراقلار بىھېساب، چەكسىز،
كارۋانلار قەلبىگە بەرگەن قۇت، لەززەت.
سەندە بار قەدىمىي توپىلىق يوللار،
شۇ يوللار ياغدۇرغان ئالەمگە بەرىكەت.

سەندە بار ئۇپۇققا يېيىلغان قۇملار،
تەكتىگە ھاياتلىق سىرى كۆمۈلگەن.

سەندە بار جۇلالىق چوغدەك يۇلغۇنلار،
جىسمىغا ئەجدادىم قېنىنى بەرگەن.

سەندە بار جارالغان ئالتۇن كولدۇرما،
ساداسى باغرىڭنى تۇزار ئويغىتىپ.
سەندە بار ۋاپادار كۆيۈچى تورغايلار،
كۈيلىشەر مېھرىڭنى كۈن - تۈن زوقلىنىپ.

سەندە بار قىزىل قان، كۆك قان تومۇرلار،
موسكۇلۇڭ قېتىدا دولقۇنلاپ تۇرغان.
سەندە بار ئاجايىپ ئېزگۈ ئارمانلار،
كېلەچەك ئىشقىدا يالقۇنلاپ تۇرغان.

سەندە بار تىنچىماس كۈچلۈك بورانلار،
نە بوران، ئۇ سېنىڭ ئاتەش تىنىقىڭ.
سەندە بار قەھىرلىك نەرە - چۇقانلار،
نە چۇقان، ئۇ سېنىڭ ئۈمىد - تىلىكىڭ.

سەندە بار ئار - نومۇس، غۇرۇر ھەم ۋىجدان،
سەن بۈيۈك تۇپراقسەن، نە تۇپراق ئانا.
شۇ قۇملار ئەمەسمۇ سېنىڭ ھۈجەيرەڭ،
باغاشلاپ ياتىمەن، قارىغىن مانا.

ياق، ئانا، ياتمىدىم سېنى باغاشلاپ،
سۆيۈشنىڭ مەنىسى باغاشلاش ئەمەس.
كۆتۈرۈپ ئالغانمەن سېنى يەلكەمگە
ئويغانغان كۆڭلۈمدىن تارتىپ ئانا، بەس...

ئاتلاندىم سەپەرگە يۈدۈپ مەن سېنى،
سەن بەردىڭ كۈچ - دەرمان قالغاندا ھېرىپ،
ئۈلىدىڭ تومۇرىڭنى تومۇرلىرىمغا،
كەتتىڭسەن قان بولۇپ قەلبىمگە سىڭىپ.

بىلەمسەن، توغراقلار چاچ بولدى ماڭا،
شۇ يوللار زىناق بوپ ياراشتى قارا.
قۇملىرىڭ تەكتىگە كۆمۈلگەن سىرىڭ،
قولۇمدا تۇرىدۇ ئاچقۇچى مانا.

بورانلار — شۇ ئوتتەك ئاتەش تىنىقلار،
قوشۇلدى چىرمىشىپ نەپەسلىرىمگە.
سەن تارتقان قەھىرلىك نەرە - چوقانلار
تاغ بولۇپ تىرەلدى ئۈمىدلىرىمگە...

ئۇغلۇڭمەن، ئەي زېمىن، ئەي ئەزىز تۇپراق
تەقدىرداش ئانامسەن، ئۆزۈڭ يەلكەمدە.
مەشئەلسەن ھاياتىم سەپەرلىرىدە،
ئىلاھسەن قەلبىمدە — سۆيگۈ تەختىمدە.

ئادىلجان تۇنىياز

## پىنھان سۆيگۈ

گۈل گۈزەل بولىدۇ ئېچىلماستىلا،
ئېچىلسا كۆپ ئۆتمەي توزۇيدۇ غۇنچە.
بىپايان ئوكياننىڭ ئاستىدا مارجان،
مەرۋايىت قېپىدا چىرايلىق شۇنچە.

يېتىلگەچ پوستىنىڭ ئىچىدە ئانار،
يېرىلىپ پىشقىچە بولىدۇ تاتلىق.
شۇ قەدەر قىممەتلىك كۆڭۈلدىكى سىر،
ئاشكارا تۇيغۇلار بېرەلمەس شادلىق.

ئىنتىلدىم، ئوت بولۇپ كۆيدۈم بىرىگە
ۋە لېكىن سۆيگۈمنى قىلمىدىم ئىزھار.
بولغاچقا، ئاھ، شۇنداق شېرىن ۋە لەزىز،
كۆڭۈلنىڭ قېتىدا يېتىلگەن سىرلار.

مەيلى دەر باشقىلار «كۆيۈمسىز» مېنى،
كۆيۈمسىز سۆيگۈمدە كۆيىمەن پىنھان.
قەلبىمگە لىق تولار ۋىسال شەربىتى،
سىرىمنى — سۆيگۈمنى بىلمەس ھېچ
ئىنسان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تۇراپ دايىم

## ياربىلانماس زىمەن

سەھەر...
قۇياش ئالتۇن نۇرىنى
زېمىن كۆكسىگە
ئوقيا قىلىپ ئاتىدۇ.
ياربىلانماس زېمىن،
ئادەم قولىدا گۈللەپ،
بەخت تاپىدۇ.

زېمىن خۇشال كۈلەر ئاشۇ چاغ،
قۇياش بىلەن بىر تۇغقاندەك،
بىر دەستە گۈل تۇتقاندەك،
مەنمۇ،
قۇياشمۇ
زېمىن بىلەن،
بىر تۇغقاندەك،
سىڭىپ كېتىمەن نۇر قوينىغا،
زېمىن قوينىغا.

ۋارىس قاسىم

## ئاھ، مېنىڭ يەلكىنىم

غەمكىن بىر ئۇھ تارتىپ ئۇخلىدى دەريا
قىرغاقتا باش قويۇپ، ئاستا يانپاشلاپ.
شاۋقۇنلار تېگىرقاپ بولۇشتى غايىب،
كۆرەڭ بىر تىمتاسلىق كەلدى تىمىسقاپ.

سېھىرلىك كۈيلەرگە سىرداش ۋادىلار
ساداسىز زارلىنىپ تۆكتى يېشىنى.

ئۇلارغا جەم مېنىڭ بەختىم،
مېنىڭ بەختىم...

## گۈزەللىك ئىزدەپ...

زەڭگەر كۆكتىن بۇركۇت مۇللاقلاپ
چۈشتى يەرگە.
قان قۇستى ھايالسىز،
قىزىلگۈلگە ئايلاندى قېنى.
يىللار ئۆتتۈپ ئۇرۇۋالدى،
قىزىلگۈللەر پۈتۈن زېمىننى.
بۇركۇت زېمىنغا گۈزەللىك ئىزدەپ،
تىكتى ئۆزىنىڭ ئەزىز جېنىنى...
قىزىلگۈلگە مەپتۇن بۇلبۇللار،
كەلدى ناۋا قىلىپ بەس - بەستە.
بىراق ئۇلار
بۇركۇتنى ئالمىدى زادىلا ئەسكە،
شۇڭا يېتەلمەسمىش بۇلبۇل ئۇمۇرۋايەت
گۈلنىڭ ۋەسلىگە...

چاقماقتا تاۋلانغان ياقۇت چوققىلار
سەرگەردان ئاشىقتەك ئەگدى بېشىنى.

قەلبىمدىن ئېتىلىپ دولقۇنلۇق بۇلاق،
تىترەتتى قىرغاقنى تۇرتۇپ - يۇلقۇنۇپ.
ئاھ، قاتقان ئۇپقۇنلار ئويغىنىپ بىردىن،
شىددەتلىك ئۆركەشلەپ ئاقتى تولغۇنۇپ.

دولقۇنلار ئىلاھى جان بەرگەن شاۋقۇن
قۇچاقلار تاغلارنى تەۋرەپ گىرىمسەن.
شۇدەمدە ئېتىلىپ كەلدى ئالدىمغا
تۇمانلىق يىللاردا يوقاتقان يەلكەن.

بۇرىدىم نىشانىنى ئۆزدى يەلكىنىم
پايانسىز دېڭىزنىڭ قوينىدا مەغرۇر.
يېنىمدا مەدەتكار قەدىردانلىرىم،
يورۇتار يولۇمنى مەڭگۈ سۆنماس نۇر.

ئېلى قادىر

## دالا كۈيى

نەقەدەر گۈزەل تاغلار، ئېگىز تاغلار،
پۈركەنگەن يېشىللىققا ئېتەكلىرى.
ئەسلىتەر كۆركەم خوتەن زىلچىسىنى
رەڭمۇ رەڭ بوياقلىرى، چېچەكلىرى.

بىر ماھىر سىزغان نەپىس سۈرەتمۇ بۇ؟
جەننەتنى لال قىلدۇ ۋادىلىرى.
يۈرىدۇ يايلاقلاردا ئوتلاپ خۇشال
دېڭىزنىڭ ئۆركىشىدەك پادىلىرى.

تاغلاردىن سىرغىپ ئاققان بۇلاق سۈيى
مەشۇقى — دالىلارغا ئېتىلىدۇ.
لەۋ يېقىپ گۈزەل چىمەن قىرغاقلارغا،
جەم بولۇپ جىلغىلاردا قېتىلىدۇ.

تاڭ سەھەر قىزارغاندا ئۇپۇق لېۋى،
ماڭىدۇ يايلاقلارغا تەۋرەپ پادا.
بىر جۇشقۇن ھېس تارتىپ يۈرەكلەرگە،
ئاڭلىنار قاپتاللاردا نەيدىن سادا.

مەھلىيا قىلىپ چەكسىز كائىناتنى
بۇ يەردە بار گۈزەللىك بولىدۇ جەم.
قىيغىتىپ سەكرەپ، ئېشىپ، قىزلار ئارا
قوزىچاق قىياقلاردىن تۆكەر شەبنەم.

ئەنۋەر شەيدائى

## سوراش

قۇشقاچ
قىسماقتىن دان سورىدى.
قىسماق
قۇشقاچتىن جان سورىدى.

## بىراق...

نادانلار
گۈل سېغىنار چۆللۈكتە.
بىراق
ئېشەككە ئوخشاش،
يۇمىلىشار گۈللۈكتە.

## ئىنتىزارلىق

يات كۆزلەردىن،
سوغ كۆزلەردىن مەن بىزار.
نۇرلۇق كۆزگە،
ئىللىق كۆزگە ئىنتىزار.

www.uyghurkitap.com



مۇتەللىپ جۇماخۇن

# قىسقا شېئىرلار

### باھا

ياخشى دەيسەن، يامانمۇ دەيسەن،
رېئاللىقتا بېرىپسەن باھا.
بىلىپ قويغىن، لېكىن رېئاللىق،
قانداق باھا بېرىدۇ ساڭا.

### «ئاشىق»

گۈل ئاشىقى دەيسەن ئۆزۈڭنى،
چىمەنلەرنى ئارىلاپ تويماي.
لېكىن ئۆتتى ئۆمرۈڭ بىھۇدە
شۇ چىمەنگە بىر كۆچەت قويماي.

### غايىب ئوق

ئۈزۈۋېلىپ شاختىن ئالمىنى،
چىشلىدىڭ ـ دە، تاشلىدىڭ نېرى.
تەگكىنىدەك گويا غايىب ئوق،
سىيقىرىدى باغۋەننىڭ جېنى.

### خىجىللىق

سايلانغانتى دوستۇم باشلىق بوپ،
مەغرۇر بېشى ئېگىلدى بىردىن.
خىجىللىقتا قاپتۇ ئاڭلىسام،
ئويلاپ: ئارتۇق يېرىم بار كىمدىن؟

### ئۆيلىنىش

چىرايلىقتا كۆيۈپ ـ پىشىپ كۆڭۈل بېرىپ،
ناكا بولۇپ قالغىنىمدا، كەتتى چېنىپ.
شۇ چاغلاردا نەزەرىمگە ئىلمىغان قىز،
ئۇيالدۇردى ئەھۋالىمدىن خەۋەر ئېلىپ.

### يامغۇر

ياغدى يامغۇر كۆكتىن تامچىلاپ،
ئۇچرىغاننى ئۇردى قامچىلاپ.
رەھىمسىزكەن دېسەم مەن ئۇنى،
نوتا، سۇمبۇل كۈلدى قاقاھلاپ.

### مەھلىيا

ھەشەمەتتىن يىراقمەن، لېكىن
گۈزەللىكنى سۆيىدۇ قەلبىم.
شۇڭا، جانان، گۈلدەك بويۇڭغا
مەھلىيا بوپ ئېگىلىپ كەلدىم.

ئابلىز قۇربان

## يىللار

ئاقار دەريا كەبى دولقۇن ياساپ ھارماي ئۆتەر يىللار،
ئىجاد ـ مېھنەت بىلەن ھەر كۈن يېڭى تارىخ پۈتەر يىللار.

شەرەپ ـ شان قوينىدا ھەردەم كۆڭۈلنى مەھلىيا ئەيلەپ ،
ئۇتۇق ، ئامەت، خۇشاللىقتىن ئۇرۇپ خەندان كۈلەر يىللار.

سېخىي يىللار قۇرۇق كەلمەس ، بىرەرگە نېمىتى كۆپتۇر،
تىرىشچانغا قۇچاقىدىن شېكەر ـ شەربەت تۆكەر يىللار.

جاسارەت ـ غەيرىتى بارغا ئۇنىڭ قوينى ئاجايىپ كەڭ،
لېكىن ھۇرۇن، بېلى بوشنى قىلىپ رەسۋا سۆكەر يىللار.

ھايات بىناسىغا ھۇلنى قويۇشچۇن ھەر قاچان پۇختا،
جاپالار كۆكسىگە پەشۋا ئۇرۇپ بىلىن پۈكەر يىللار.

بېرىپ ھەر چاغ مەدەت ـ ئىلھام، زەپەر ۋە غەلىبىگە ئۈندەپ،
سۇنۇپ مەي پەللىدە، دوستلار، يەنە بىزنى كۆتەر يىللار .

نىجات ئەخمەت

# ئانامغا خەت

(ھېكايە)

ساۋاقداش نىجات ئەخمەتنىڭ «ئانامغا خەت» ناملىق بۇ ھېكايىسى شىمالىي جۇڭگو، شەرقىي شىمال ۋە غەربىي شىمال بويىچە بۇ يىل 8-ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ماقالە مۇسابىقىسىدە 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، سۆيۈملۈك ئانا! تىنچ-ئامان تۇرامسىز؟ دادام، سىڭلىم ۋە باشقىلار ئامان-ئېسەن تۇرۇۋاتامدۇ؟

مەن بېيجىڭغا ساق-سالامەت يېتىپ كېلىپ ئورۇنلىشىۋالدىم.

ئانا، بىز ئوقۇشنى مۇشۇ ھەپتىلەر ئىچىدە باشلايدىغاندەك تۇرىمىز. شۇڭا مەن بۈگۈنكى بوش ۋاقتىمدىن پايدىلىنىپ سىزگە خەت يېزىشقا ئولتۇردۇم. قەغەز يۈزىگە خەت يېزىشقا باشلىغان چېغىمدا كۆز ئالدىمدا سىزنىڭ نۇرلۇق چىرايىڭىز كۆرۈنگەندەك بولۇپ كەتتى. بۇ چاغدا سىز بىزگە ئانا بولۇشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى ئىشلار ئۈستىدە ئويلاشقا باشلىدىم.

رەھمەتلىك ئانام قازا تاپتى. ماڭا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۆيىمىز تولىمۇ سوغۇق كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. مەن مەكتەپتىن كېلىپلا تالاغا چاپىدىغان، دەرس تەكرارلاش خۇشىياقمايدىغان بولۇپ قالدىم. دەرستىكى نەتىجەممۇ ئەلاچىلىقتىن ئوتتۇرلۇققا چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا سىڭلىم بىچارىمۇ ئانا مېھرىگە تولۇق قانمىغاچقا، بويىنى قىسىلىپ دادامغا چاپلىشىۋالىدىغان بولۇۋالدى. مەن سىڭلىمنىڭ بىچارە قىياپىتىگە قارىساملا، ئانام كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ، يۈرەكلىرىم مۇجۇلۇپ، كۆزۈمگە ئىختىيارسىز ياش كېلەتتى.

دادام ماشىنىسىنى ھەيدەپ دائىم سىرتقا چىقىپ كېتەتتى. بۇنداق كۈنلەردە سىڭلىم ئىككىيلەنگە قوشنا-قولۇملار غەمخورلۇق قىلاتتى، لېكىن ئانا بولمىغاندىكىن بەربىر ئىكەن. ئىشقىلىپ ئۆيىمىز تولىمۇ زېرىكىشلىك، ئادەم ئايىغى بېسىلمىغان چۆل-جەزىرىگە ئوخ-

شاش بىلىنەتتى. شۇڭا دائىم كىنوخانا ئالدىلىرىدا بېلەت ئېلىپ، بېلەت سېتىشنى ئۆگەندىم، مەكتەپكە بارماي قەيەردە ياخشى كىنو بولسا، شۇ يەرگە چاپاتتىم. بۇ ئىشلىرىم ۋە ئۆگىنىشتىكى ئەھۋالىم دادامنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىپ، بىر- ئىككى قېتىم ساۋاپمۇ قويدى.

بىر كۈنى كەچلىك تاماقتا سىڭلىم دادامغا:

— دادا، نېمىشقا مۇنىيەلەرنىڭ ئاپىسى بار، بىزنىڭ ئاپىمىز يوق؟ — دەپ سورىدى.

دادام ئىككىمىز بۇنى ئاڭلاپ تەتۈر قارىۋالدۇق، دادام كۆزىگە كەلگەن لىققىدە يېشىنى بىزگە كۆرسەتمەسلىككە تىرىشىپ، ئۆزىنى زورغا باستى- دە، سىڭلىمغا:

— قىزىم، ئانىڭىز بولۇشنى خالامسىز؟! خالىسىڭىز مەن سىلەرگە بىر ئاپا ئەكىلىپ بېرەي، ماقۇلمۇ! — دېدى تىترىگەن ئاۋازدا. سىڭلىم بۇنى ئاڭلاپ خۇشاللىقتىن چاۋاك چېلىپ كەتتى، لېكىن مەن ئۇنىڭغا نارازى بولدۇم. چۈنكى كاللامنى «ئۆگەي ئانا» دېگەن سۆز چىرمىۋالغانىدى. مەن كۆپ كىتابلاردا «ئۆگەي ئانا ئەسكى، ئۆگەي بالىنى خارلايدۇ» دەپ ئوقۇغانىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ رازى بولمىدىم.

دەرۋەقە، ئىككى ھەپتىلەردىن كېيىن سىز بىزگە ئانا بولۇپ كەلدىڭىز، ئىككى يىلدىن بۇيان چۆلدەرەپ كەتكەن ئۆيىمىز سىز كېلىپلا قايتا جانلىنىپ كەتتى. پۈتۈن ئۆي رەتلىك ھەم پاكىز تۈس ئالدى. سىڭلىم بىچارە ئانىغا تولىمۇ تەشنا بولغاچقا، سىزگە «ئانا» دەپلا يېپىشىۋالدى، سىزمۇ چوڭقۇر ئانىلىق مېھرى بىلەن سىڭلىمغا قارىدىڭىز، لېكىن مېنىڭ كاللامدا «ئۆگەي ئانا دېگەن بەرىبىر ئۆگەي- دە، ئۇ قانداقمۇ ئۆز ئانىسىغا ئوخشىسۇن؟» دېگەن ئوي بولغاچقا، سىزنىڭ ماڭا قىلغان كۆيۈمچانلىقىڭىزغا سوغۇقلۇق ۋە قوپاللىق بىلەن جاۋاب بەردىم، لېكىن سىز قىلچە رەنجىمىدىڭىز، ئەكسىچە تېخىمۇ مېھرىبانلىق كۆرسەتتىڭىز.

مەن سىزنىڭ كۆيۈنۈپ قىلغان نەسىھەتلىرىڭىزنى قېتىرقىنىپمۇ ئالماي، يەنىلا كىنوخانىمۇ كىنوخانا چېپىپ يۈردۈم. بالىلار بىلەن ئۇرۇشتۇم، ھەتتا جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ كۆزىگە چېلىقىپمۇ قالدىم. سىز مېنىڭ خاتا يولغا چۈشۈپ قالغانلىقىمنى سېزىپ، داۋاملىق مېنى ئۆز يېنىڭىزغا ئېلىپ، ئالىملار، قەھرىمانلار ۋە ياخشى ئوقۇغۇچىلار ھەققىدە قىزىق ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىدىغان بولدىڭىز، سىنىپىمىزدىكى ئاتا- ئانىلار يىغىنلىرىغىمۇ ئۆزىڭىز قاتنىشىپ، مېنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىمنى مۇئەللىمدىن سوراپ بىلىپ تۇردىڭىز، ئىشلىگەن تاپشۇرۇقلىرىمنى بىر- بىرلەپ تەكشۈرۈپ چىقاتتىڭىز، ئازراقلا ئىلگىرىلىسەم دادامنىڭ ئالدىدا ماختاپ، مېنى رىغبەتلەندۈردىڭىز. ئۆگىنىش نەتىجەم بارغانسېرى ياخشىلاندى...

سىز ماڭا شۇنچە كۆيۈنسىڭىزمۇ مەن ئۇنى بىلمىدىم. بىر كۈنى كەچتە تېلېۋىزور كۆرمەكچى بولۇپ تېلېۋىزورنى ئاچقانىدىم، سىز مۇلايىملىق بىلەن ماڭا:

— ھازىر ئىمتىھان ۋاقتى، دەرسىڭنى ئوبدانراق پىششىقلا، تېلېۋىزورنى ئىم-

تىھاندىن كېيىن كۆرگەن، ماقۇلمۇ بالام، — دېدىڭىز.

مەن دادامدىن قورقۇپ، سىزگە غىڭ قىلالماي، دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم. بۇ چاغدا كاللامدا «مانا بۇ ئۆگەيلىكنى ئەمدى باشلىدى. يا تېلېۋىزور كۆرسەتمىسە، يا تالادا بىردەم-يېرىمدەم ئوينىتىمسا، مېنىڭ ئەركىنلىكىم يوقمۇ؟ مەنمۇ 16 ياشقا كىردىمغۇ؟» دېگەن ئويلار پەيدا بولدى-دە، سىزدىن كۆڭلۈم سوۋۇشقا باشلىدى، لېكىن سىز يەنىلا ماڭا ھەم ئانا، ھەم مۇئەللىم بولدىڭىز، گاھى مەن سىزنىڭ ماڭا قاتتىق تەلەپ قويغانلىقىڭىزنى ئۆگەيلىك قىلدى دەپ چۈشەنسەم، گاھىدا تۇرمۇش جەھەتتىكى مېھرىبانلىقىڭىزنى كۆرۈپ «ئۆز ئانام بولسىمۇ مۇشۇنچىلىك بولار ئىدى» دېگەن ئويلارغىمۇ كېلەتتىم. شۇنداق قىلىپ، سىز بولغاچقا مەن 10- سىنىپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈردۈم.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىش ۋاقتى يېتىپ كەلدى. بىراق، كۈتۈلمىگەن بىر ئىش بولدى. مېنىڭ سوقۇر ئۈچەيىم قوزغىلىپ قالدى. دوختۇر ئاغرىق پەسەيتىش ئوكۇللىرىنى ئۇرغان بولسىمۇ، ئازراقمۇ پەرق قىلمىدى، ئاخىرى ئوپېراتسىيە قىلىنىپ بالنىتسىدا يېتىپ قالدىم. بۇ جەرياندا سىز مېنى بىر تەرەپتىن كۈتسىڭىز، يەنە بىر تەرەپتىن مېنىڭ دەرسلىرىمنى تەكرارلىشىمغا ياردەم قىلدىڭىز. نەتىجىدە، مەن تېزلا ساقىيىپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشتىم ۋە ئەڭ يۇقىرى نەتىجە بىلەن ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىندىم.

سىز شۇ كۈنلەردە مەندىن بەكرەك خۇشال بولدىڭىز. ئۇزىتىش ئاخشىمى مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تامىقىم گۆش ناننى ئېتىپ مېھمان قىلدىڭىز، ئەتىسى ئەتىگەندە، مەن ئۇنىمىغىنىمغا قويماي قاتناش بېكىتىگە ئۇزىتىپ كەلدىڭىز. مەن ماشىنىغا چىققاندا سىز ماڭا:

— ئوغلۇم، تىرىشىپ ئوقۇغىن، بىزنى ئەنسىرەتمەي پات-پات خەت يېزىپ تۇرغىن، — دېدىڭىز.

ئاپتوبۇس قوزغالدى، مەن كېتىپ بېرىپ سىزنىڭ ھەقىقىي ئانىلارچە مېھرىبانلىقىڭىزنى، ئۇستازلارچە كۆيۈمچانلىقىڭىزنى ئويلىدىم، ياشلىرىم ئىختىيارسىز تۆكۈلدى.

ئېھ! ئانا، سىز مېنىڭ ئۆز ئانام، مەنمۇ سىزنىڭ ئۆز بالىڭىز، مەن يازلىق تەتىلدە بارغاندا سىزنىڭ ئىللىق مېھىر دەريالىرىڭىزدا خۇددى ئىلى دەرياسىدا ئۈزگەندەك ئۈزىمەن.

سىزنى سېغىنغان ئوغلىڭىز:
تاھىر.
××يىل ×ئاينىڭ × كۈنى.

(ئىلى «ئوقۇش-ئوقۇتۇش» گېزىتىدىن ئېلىندى.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

مۇختەر مەخسۇت

### يېڭىچە شېئىرلار ھەققىدە ئىككى ئېغىز پاراڭ

يېقىنقى ئىككى ـ ئۈچ يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىمىزدە بىر قىسىم ياشلار تە ـ رىپىدىن يېزىلىۋاتقان يېڭىچە شېئىرلار «تۇتۇق شېئىر»، «كۆڭگا شېئىر» ھەمدە «چۈ ـ شىنىكسىز شېئىر» دەپ ئاتىلىپ، ئەدەبىيات ساھەسىدە ھەر خىل غۇلغۇلىلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولدى. قىزىقارلىقى شۇكى، بۇ خىل شېئىرلارنى ھەقىقىي تۇردە چۈشىنىپ زوق ئالغۇچىلارنىڭ ئاز بولۇشى، ئوتتۇرىدا گاڭگىراپ تېڭىرقىغۇچىلارنىڭ ۋە قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ كۆپ بولۇشىغا قارىماي، بۇنداق شېئىرلارنى يېزىشقا قىزىقىۋات ـ قانلار بارغانچە كۆپەيدى. ھەتتا بۇرۇن خېلى «ئۆلچەملىك» شېئىرلارنى يېزىپ، ئۇس ـ لۇبى قېلىپلىشىپ قالغان ياش قەلەم ئىگىلىرىمۇ مېڭىۋاتقان ئىجادىيەت يولىنى ئۆزگەرت ـ تى. بۇنداق جىددىي ئۆزگىرىش قايىنىمىدا تۇرۇۋاتقان شېئىرىيەت ھادىسىسى بىزگە زا ـ دى نېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ؟ بۇ ئادەت خاراكتېرلىك بىر قۇتۇپتىن يەنە بىر قۇتۇپ ـ قا ئېغىشمۇ ياكى ئۇنىڭ يۈزلىنىشىدە مەلۇم مۇقەررەرلىك ئېلېمېنتلىرى بارمۇ؟

ئالدى بىلەن شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن تۈپ خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ياساۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئەدە ـ بىيات ـ سەنئەتنىڭ ئالىي شەكلى بولغان شېئىرىيەتمۇ ئۆزىنىڭ كونا، قاتمال بولغان شەك ـ لىنى ساقلاپ قېلىشۋېرىشنى خالىمايدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك قىممەت قارىشى، زوقلىنىش ئادىتى، زوقلىنىش تەلىپى ۋە زوقلىنىش سەۋىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، مەزمۇن ۋە شە ـ كىل جەھەتتىن مۇقەررەر ئۆزگىرىش ياسايدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇ كىشىلەرنى گۈزەللىك ـ كە، كېلەچەككە ئىنتىلدۈرىدىغان مەنىۋى ئوزۇق بولالماي قالىدۇ. مۇ شۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، گەدەبىياتىمىزدا ئايرىم ئەنئەنىلەرنى بۇزۇپ تاشلىغان يېڭىچە شېئىرلارنىڭ مەيدانغا چى ـ قىشىنى تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، مېنىڭچە، بۇ شېئىرلارنىڭ مەيدانغا چىقىشىدىن چۆچۈپ كېتىشنىڭ، ئەندى ـ شە قىلىشنىڭ ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى بولمىسا كېرەك. ئەم ـ

دى بۇ يەردىكى مۇھىم مەسىلە سالقىن قانلىق بىلەن ئولتۇرۇپ، بۇ شېئىرلارغا شېئىرىيەتنىڭ ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە باھا بېرىش، ئۇنىڭ قوبۇل قىلىشقا بولمايدىغان پاسسىپ تەرەپلىرىنى تەنقىدلەش بىلەن بىرگە، ئەقىلغا مۇۋاپىق ئىلغار تەرەپلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، تەرەققىيات يولىنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەتتۇر.

مەن بۇ ماقالەمدە مۇشۇ مەقسەتكە يېتىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. ئەپسۇسكى، ئارمانغا چۇشاۋق دەرمان يوق دېگەندەك، مېنىڭ شېئىرىيەت قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلىشىم يېتەرسىز، بىلىدىغانلىرىم ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ شېئىرلار مۇكەممەل بىر نەزەرىيىۋى ئاساستا ھەقىقىي بىر ئېقىم بولۇپ شەكىللىنەلمىدى، بۇ خىل شېئىرلارنى يېزىۋاتقانلارنىڭ كۆز قاراشلىرىمۇ بىر-بىرسىگە تامامەن ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ، نۇرغۇنلىرى تېخى ئاڭلىق ئىجادىيەت باسقۇچىغا قەدەم قويالمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ شېئىرىيەت بېغىمىزدا ئېچىلىۋاتقان ئۆزگىچە بىر گۈل بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھەقتىكى دەسلەپكى قاراشلىرىمنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىدا بايان قىلىپ ئۆتەي.

1. بۇ خىلدىكى شېئىرلارغا شۇنچە كۆپ ياشلارنىڭ قىزىقىشى بۇ شېئىرلارنىڭ يېڭىلىققا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ شېئىرلاردىكى بەزى ئالاھىدىلىكلەر ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىمىزدىكى بەزى قاتمال رامكىلارنى بۇزۇپ تاشلىدى. بۇ ئالاھىدىلىك شەكىلدىكى ئەركىنلىك، ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىكى ئايرىم ئۆزگىچىلىكلەردىن باشقا، ئاساسلىقى، تەپەككۇر ئۇسۇلىدىكى يېڭىلىق، پىكىردىكى مۇرەككەپلىك، كەيپىياتتىكى كۆڭگىلىق، يەنى بەزىلەر ئېيتىۋاتقاندەك چۈشىنىشنىڭ قىيىنلىقى. مانا بۇ ئالاھىدىلىك شېئىرىيىتىمىزدىكى بىلىش نۇقتىسى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە يېڭى زېمىن ئاچتى. چۈنكى بىز ئون نەچچە يىل داۋام قىلغان شوئارۋازلىق تەلۋىلىكىدىن مەلۇم دەرىجىدە قۇتۇلغان بولساقمۇ، لېكىن ئابستراكت چۈشەنچە، تەييار ئۇقۇملارنى ئېزىپ چۈشەندۈرۈش بىلەن ساختا ھېسسىيات ئارقىلىق سىياسىي مۇددىئانى ئىزاھلاشنى شېئىرىيەتنىڭ ئۇنۇملۇك يولى دەپ ھېسابلاپ، كىتابخانلىرىمىزنى بىزار قىلىش بىلەن ئۆز-ئۆزىمىزدىن پەخىرلىنىپ كەلدۇق. يېڭىچە شېئىرلار يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مەيدانغا چىققاندىن كېيىن، بەزىلەر ئۇنى چۈشىنىشنىڭ قىيىنلىقىنىلا قەيت قىلىپ، بۇ تامامەن مودېرنىزم ئېقىمىدىكى شېئىرلار دەپ قارىدى. شۇ ئارقىلىق ئۇلار بۇ «كونىراپ كىشىلەر تەرىپىدىن ئاللىقاچان تاشلىۋېتىلگەن نەرسە»، بىزدە ھېچقانداق تەرەققىيات ئىستىقبالى يوق دېمەكچى بولسا كېرەك. ئۇنداقتا XIX - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئامېرىكىلىق ئېدگار ئاللان پوئى بىلەن فرانسىيىلىك سىمۋولىزمچى شائىر چارلىز بادلېردىن باشلانغان مودېرنىزم شېئىرىيىتىنىڭ ھازىرقى زاماندىكى مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بولغان توماس ئېلىئوت، پابلو نىرۇدا، پائول ئېلىئۇ ئارد، ۋېرلۇن، ئېلىتىس، ۋىلىيام كارلوس ۋىلىيامس قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرى بىلەن بۇ شېئىرلارنىڭ قانچىلىك ئوخشاشلىقى بار؟ خەنزۇ ئەدەبىياتىدا 80 - يىللىرى ئۆزىنىڭ كۆڭگا شېئىرلىرى بىلەن داڭ قازىنىپ، تا ھازىرغىچە شۆھرىتى سۇنمىغان، بەزىلەر تەرىپىدىن مودېرنىزمچى دېيىلىۋاتقان بېيداۋ، شۇ تىڭ، ياڭ ليەن، گۇ چېڭلارنىڭ شېئىرلىرىنى بۇ شېئىرلار بىلەن ئوخشاش دەپ قا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



راش مۇمكىنمۇ؟ دەرۋەقە، بۇ شېئىرلاردىن مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلدىكى بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى تېپىش مۇمكىن، بەزىلەرنىڭ شېئىرىدىكى بىلىش ئۇقتىسىنى ئىنسانلارنىڭ روھىغا، يوشۇرۇن ئېڭىغا قاراتقانلىقىدىن ئۇلارنى مودېرنىزملىق شېئىرىيەتكە ياندىشتى دەپ ئېيتىش مۇمكىن، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلارنى تامامەن مودېرنىزم ئېقىمىدىكى شېئىرلار، دەپ قاراش مېنىڭچە، سەل ساددىلىق بولۇپ قالار. بىز مىللىي شېئىرىيىتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا يولنىڭ ھەر خىل بولۇشىنى چەتكە قاقماسلىقىمىز كېرەك. بېكىنمىچىلىكنىڭ دەردىنى تاھازىرغىچە تارتىۋاتقان ۋاقتىمىزدا مودېرنىزم غەربنىڭ مەھسۇلى بولغانلىقى ئۈچۈنلا يېڭىچە شېئىرلارنى ئۇنىڭغا باغلاپ، بۆشۈكىدىلا بوغۇپ تاشلاش ئادالەتسىزلىك بولۇپ قالار. يېڭى نەرسىنىڭ ھاياتىي كۈچىمۇ بولىدۇ، پاسسىپ ئامىللىرىمۇ بولىدۇ. مۇبادا يېڭىچە شېئىرلار مىللىي پىسخىك خاراكتېر ۋە ھازىرقى زامان زوقلىنىش ئادىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان تەرەققىيات يولىنى تاپالايدىغان بولسا، ئۇنى ئىستىقبالى يوق دەپ قارىغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

2. شېئىردا پىكىرنى ئاشكارا بېرىش كېرەكمۇ ياكى يوشۇرۇنمۇ دېگەن مەسىلىدە مەن مۇنداق ئويلايمەن: رۇس ئەدەبىياتىنىڭ ئۇلۇغ پېشىۋاسى لېۋ. تولستوي: «لاۋزىلىشىپ قېلىشتىن قورقمىساق، ھەممە سۆزۈڭنى ئوچۇق ئېيتىۋەتكىن» دېگەنىدى. شېئىرنىمۇ بىز تولستوي ئېيتقاندەك لاۋزىلىشىپ قالماسلىق ئۈچۈن، پىكىر روشەنلىكىدىن يىراقلاشمىغان ئاساستا شېئىرىي كەيپىياتنى ئىمكان قەدەر گۈڭگا بەرگىنىمىز ياخشى. بۇ يەردىكى گۈڭگىلىق مۇجمەل بولۇش دېگەنلىك ئەمەس، ئۇ، پىكىرنىڭ ئۆزىدىكى يارقىنلىق بىلەن قارىمۇ قارشىمۇ ئەمەس. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقىنى، ئىپادىلەش ماھارىتى مەسىلىسى. ھازىرقى ۋاقىتتا ئەدەبىياتى تەرەققىي تاپقان باشقا مىللەتلەرنىڭ شېئىرىيىتىگە قاراپ باقىدىغان بولساق، بىزنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرىمىزغا ئوخشاش، ئۇنداق ئاددىي سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى ۋە تۈز سىزىق بويىچە ئىپادىلىنىدىغان يالىڭاچ شېئىرلارغا ئورۇن قالمىدى. ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدا شائىرنىڭ مۇرەككەپ ھېس-تۇيغۇسى ئاڭنىڭ ماددىلاشقان دېتاللىرى ئارقىلىق دراماتىك، ئۈتتۈشمە ھالەتتىكى پىكىر يوللىرى بىلەن ستېرېئولۇق تۇيغۇ پەيدا قىلىش مەنزىلىدە ئىپادىلەنمەكتە. مۇنداق شېئىرلاردا گەۋدىلەنگەن پىكىرنى كىتابخان مەلۇم دەرىجىدە كاللا ئىشلىتىپ ئاندىن چۈشىنەلەيدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ دەرەخنىڭ تۈۋىگە چۈشكەن ئالمىغا قارىغاندا شاخلار ئارىسىدىن ئىزدەپ تېپىپ ئۈزۈپ يېگەن ئالمىنىڭ تەمى لەززەتلىك بولىدۇ ئەمەسمۇ. بىزمۇ شېئىرلىرىمىزدا مۇشۇنداق ئۈنۈمگە ئېرىشىش ئۈچۈن كۆپ تەرەپلىمە ئىزدىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. شېئىرىيىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئاساسلىق نۇقسانى ئۇقۇملاشتۇرۇش ۋە چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت. شېئىرنىڭ ۋەزىپىسى چۈشەندۈرۈش ئەمەس، بەلكى ئىلھام بېرىش ۋە ئويغا سېلىش، لېكىن بۇنداق ئويغا سېلىش ھەرگىزمۇ كىتابخاننى مەڭگۈ چىقىپ كېتەلمەيدىغان قاراڭغۇ، سىرلىق جاڭگالغا باشلاپ قويۇش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا شايى پەردە كەينىدىن جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان ئىنتايىن كەڭ، رەڭدار بولغان شېئىرىي زېمىننى تەقدىم قىلىش دېگەنلىك. بۇ شېئىرىي زېمىندىن ھەر بىر كىتابخان ئۆز قەلبىگە ياقىدىغان خىل-

مۇ خىل قىممەتلىك ئەرسىلەرنى ئېيپۇالالىشى لازىم. پېشقەدەم شائىرىمىز، رەھمەتلىك
ئابدۇكېرىم خوجا «ئۇيلىنىشقا قانچىكى بەرداشلىق بېرەلىگەن شېئىر شۇنچە ياخشى شې-
ئىر» دېگىنىدە دەل مۇشۇنى كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك.

3. يېڭىچە شېئىرلار مەيدانغا چىققاندىن كېيىن ئەڭ كەسكىن ئىنكاس قوزغى-
غان مەسىلە چۈشەنمەسلىك مەسىلىسى بولدى. مېنىڭچە، تومتاق ھالدا تەنقىدلەش ئاسان،
لېكىن كونكرېت پەرق ئېتىش قىيىن. ئىلمىي ھالدىكى پەرق ئېتىش بولمىسا، ھەقىقىي
تەنقىدمۇ بولمايدۇ. بەزى كىشىلەر مەخسۇس چۈشەنگىلى بولمايدىغان شېئىرلارنى ياخشى
شېئىر، دەپ ماختىماقتا. ئۇلارچە قانچىكى سىرلىق، قانچىكى غەلىتە بولسا شۇنچە ياخشى
بولارمىش. ئۇنىڭ ياخشىلىقى نەدە؟ بۇنى ئۆزلىرىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. بەزى
كىشىلەر بولسا، شېئىرلارنى ئازراقمۇ سەۋرچانلىق بىلەن ئوقۇمايدۇ، كاللا ئىشلىتىپ
تەھلىل قىلمايدۇ. «ئۈجمە يېش، ئاغزىمغا چۈش» دېگەندەك، ئېزىپ ئىچكۈزۈپ قويۇشنى
كۈتىدۇ. شۇڭا سەل مۈرەككەپ شېئىرلارنى ئۇچراتسا، مۇشۇمۇ شېئىر بولامدۇ، دەپ چۇ-
رۇپ تاشلايدۇ. بۇ يەردە بىز ھەر ئىككىلا خىل خاھىشقا قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك. چۈن-
كى ھەر ئىككىلىسى بىر تەرەپلىمە ھالدىكى ئىنكارچىلىق خاھىشى بولۇپ، شېئىرىيىتى-
مىزنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز.

بۇنداق ئىنكارچىلىق خاھىشى ھازىر يالغۇز شېئىرلارنى چۈشىنىش - چۈشەنمەس-
لىك مەسىلىسىدىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، پۈتكۈل ئەدەبىياتقا بولغان باھا مەسىلىسىدىمۇ
ئىپادىلەنمەكتە. بەزىلەر: «بۇرۇنقى شېئىرىيىتىمىز تامامەن ھالاكەتكە يۈز تۇتقان، ئۆل-
گەن شېئىرىيەت»، «ئەدەبىياتىمىز قارىغۇ ئەدەبىيات» دەپ ھېسابلىماقتا. يەنە بەزىلەر
بولسا، ئەدەبىياتىمىزدا يېڭىدىن مەيدانغا چىققان بەزى ئىزدىنىش خاراكتېرىدىكى ئە-
سەرلەرنىمۇ «مىللىي ئەدەبىياتىمىزغا تامامەن يات بولغان غەلىتە نەرسىلەر»، «ئۇنىڭ ئەۋ-
ج ئېلىشىغا يول قويماسلىق كېرەك» دەپ قارىماقتا. ئەگەردە بىز مۇشۇنداق مۇتلەق
ئىنكارچىلىق قارىشى بىلەن كونىسىنىمۇ، يېڭىسىنىمۇ بىراقلا يوققا چىقىرىۋەتسەك، ئۇ
ھالدا بىزنىڭ نېمىمىز قالىدۇ؟ پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى گۇمران قىلىدىغان
بۇنداق ئىنكارچىلىق خاھىشلىرى ئالدىدا ھەرگىزمۇ سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشقا بولمايدۇ.
بىر مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ شانلىق ئەنئەنىسىنىڭ ئالتۇن يىپىنى ئۈزۈپ
تاشلاش ھالاكەتتىن دېرەك بەرسە، نوقۇل ھالدا ئەنئەنىگىلا ئېسىلىۋېلىپ، يېڭىلىقلارنى
قوبۇل قىلماسلىق، ئۇنى بوغۇشمۇ ئوخشاشلا ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭلاشقا بىز ئە-
دەبىياتىمىزدا مىللىي روھ بىلەن دەۋر روھىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، ئەنئەنە ئاساسىدا
يېڭىلاش مەسىلىسىنى ياخشى تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك.

ئەمدى گېپىمىزگە قايتىپ كەلسەك، نۆۋەتتە بىر خىل ۋەھىمە پەيدا قىلىۋاتقان
مۇشۇ يېڭىچە شېئىرلار ئۈستىدە كونكرېت تەھلىل ئېلىپ بېرىلىدىغان خىزمەت بىر قە-
دەر ئاز ئىشلىنىۋاتىدۇ. ئەگەر بۇ ئىش ياخشى ئىشلەنمىسە، شېئىرنىڭ ياخشى - يامانلى-
قىنى پەقەت چۈشەنگىلى بولىدۇ، بولمايدۇ دېگەن ئۆلچەم بىلەنلا ئۆلچەيدىغان ناتوغرا
خاھىش كېلىپ چىقىدۇ. چۈشىنىش تەس بولغان شېئىرلارنىڭ ئىچىدە ھەقىقىي تۈردە

ئىزدىنىش روھىغا ئىگە ياخشى شېئىرلار بولۇشى مۇمكىن، كىشىنى قەستەن قايمۇقتۇرىدىغان مودا ماللارمۇ بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا بىز بۇ مەسىلىدە ئىلمىي پوزىتسىيىدە تۇرۇپ بۇ شېئىرلارنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق بولغان، مىللىي ئالاھىدىلىكىمىزگىمۇ ماس كېلىدىغان ھەقىقىي يېڭىلىق تەرەپلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، قەستەن سىرلىقلاشتۇرۇپ كىتابخانلارنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى قۇربان قىلىدىغان، ئېستېتىك ئارزۇلىرىنى قاشاڭ ماللار بىلەن ئەمەك قىلىپ ئوينايدىغان بىمەنىلىكلەرگە قەتئىي تۈردە رەددىيە بېرىشىمىز كېرەك. بىز شېئىرنى كىشىلەر ئوقۇپ بەھىر ئالسۇن دەپ يازمىساق نېمە ئۈچۈن يازىمىز؟ كاللىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىپمۇ چۈشەنگىلى بولمايدىغان شېئىرلاردىن قانداقمۇ بەھىر ئالغىلى بولسۇن؟ ھەممە گېپىنى ئوچۇق ئېيتىپ يالىڭاچ خۇلاسە چىقىرىپ بەرگەن شېئىرلارغا قىممەتلىك ۋاقتىنى قۇربان قىلىشنى خالىمىغان ئاقىل كىتابخان ئوخشاشلا كىشىنى قاراڭغۇ جاڭگالغا باشلايدىغان سىرلىق شېئىرلارغىمۇ ۋاقىت ئاجرىتىشنى خالىمايدۇ. ھەقىقىي ھاياتىي كۈچكە ئىگە شېئىر ھەرگىزمۇ ئايرىملار ئېيتقاندەك پەقەت كەلگۈسىدىكى كىشىلەرلا چۈشىنىپ باھا بېرىدىغان شېئىرلار ئەمەس، شېئىر ھەم رېئال ئەھمىيەتكە، ھەم تارىخىي قىممەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك، ھازىرقى دەۋر كىشىلىرىمۇ، كەلگۈسىدىكى كىشىلەرمۇ زوقلىنالايدىغان بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ھەقىقىي ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئورتاق مەنىۋى بايلىقى بولالايدۇ. بىزدە بۇنداق بايلىقلار ئاز ئەمەسقۇ؟!

4. بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت فاڭچېنىمىز «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش»— ئەدەبىياتىمىزنى گۈللەندۈرۈشتە بىزنى مۇستەھكەم نەزەرىيىۋى ۋە ئىجتىمائىي ئاساس بىلەن كاپالەتلەندۈردى. نۆۋەتتە ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىۋاتقان ۋەزىيەت ئاستىدا، ئەدەبىياتىمىزدىمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇشنى تەكىتلەش كېرەك. ھەر خىل ئېقىم، ھەر خىل ئۇسلۇبلارنىڭ بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇش كېرەك. قەلەمكەشلەر بىر-بىرىنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىگە ۋە ئۆزگىچىلىكىگە ھۆرمەت قىلىشى، ئۇنى قەدىرلىشى كېرەك. ھەرگىز ھەر خىل ئۇسلۇبتىكى شېئىرلارنى ئۆزىگىلا ياقىدىغان بىر خىل ئۆلچەم بىلەن ئۆلچەپ باھا بەرمەسلىك لازىم.

ھەر خىل «ئىشتاھا» لارغا ئاساسەن كۆپ خىل بولۇشنى تەكىتلەش ھازىرقى دەۋرنىڭ ئېستېتىك تەلىپى، شۇنداقلا ئەدەبىياتنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشنىڭ كاپالىتى. بۇ ھەرگىزمۇ «ھەق-ناھەق مەسىلىسى ئالدىدا مۇرەسسە قىلغانلىق» ئەمەس.

ھازىر مەتبۇئاتلىرىمىز بۇ مەسىلىگە مەلۇم دەرىجىدە ئېتىبار بېرىشكە باشلىدى: بۇنىڭ بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىزدە مۇئەييەن جانلىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. يېڭىچە شېئىرلارنىڭمۇ مەتبۇئات زېمىنىغا ئىگە بولۇشى بۇنىڭ بىر دەلىلى، ئۇنداق بولسا، بۇ شېئىرلارنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئىجابىي رولى زادى قانچىلىك؟ گەرچە بۇ ھازىر يەكۈن چىقىرىش تولىمۇ بالدۇرلۇق قىلىنىدىغان مەسىلە بولسىمۇ، بۇ شېئىرلاردىكى ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە تەركىبلەرنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇ.

بىرىنچى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شېئىرىيىتىمىزدە كىشىنى خۇشال قىلىدىغان يۈكسىلىش ۋە گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىگە تەئەل-لۇق بولمىغان ۋە باشقا ژانىرلارغا خاس بولغان يۈكنى ئارتۇقچە قىلىپ يۈكلە-ۋالدى. سىياسىي، ئەزىرىيىۋى چۈشەنچىلەرنى ئىزاھلاشنى مەقسەت قىلىدىغان ھەمدە ئاخبارات خەۋەرلىرىنى قاپىيىلەشتۈرۈپ بېرىدىغان «شېئىرلار» بۇنىڭ تىپىك مىسالى. دەرۋەقە، شې-ئىردا رېئال تۇرمۇش مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى كېرەك، لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ تۇر-مۇش ھادىسىلىرىنى خۇددى سۈرەت تارتقاندەك ئوخشاش ئەينەن كۆچۈرۈپ قويۇش كېرەك، دېگەنلىك ئەمەس. شېئىر لىرىكچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان سەنئەت شەكلى بولغاچقا، ئۇ بىپايان، سىرلىق دۇنيا توغرىسىدا پىكىر قىلغاندا تۇرمۇشنى ئاددىي، مېخا-نىك، يۈزەكى ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ قويماسلىقى، بەلكى پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى بول-غان تۈرغۇن ھالەتتىكى بىلىملەرنى ئىزاھلاش شەكلىدە كۆرسىتىپ بەرمەسلىكى لازىم. چۈنكى شېئىرنىڭ ئۆزى سۇبيېكتىپ جەھەتتە ئەقىلنىڭ پائالىيەتچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدىغان پائالىيەت، شۇنداقلا تارىخىي نەرسىلەرنى مەنىنىڭ نەرسىگە ئايلاندۇرىدى-غان، لوگىكىلىق بىلىم قۇرۇلمىسىنى ئوبرازلىق ئېستېتىك ئىجادىيەتكە ئايلاندۇرىدىغان جەريانىدۇر. ئۇ، دۇنيانى شائىرنىڭ قەلبىدىن ئىبارەت بىردىنبىر روجەك ئارقىلىق كۆزىتىپ، ئوبيېكتىپ چىنلىقنى قەلب چىنلىقىغا، تۇرمۇش چىنلىقىنى سەنئەت چىنلى-قىغا كۆتۈرۈپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى «مەن» شەكلى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، لىرىك شېئىرلارنىڭ بەلكىش ئوبيېكتى شائىرنىڭ ئىچكى دۇنياسى ۋە ئىجتىمائىي ئېڭى بولۇشى، شېئىرنىڭ چىنلىقى شائىرنىڭ ئىجتىمائىي ھايات چىن-لىقىغا سادىق بولالىغان قەلب چىنلىقى ئارقىلىق ئۆلچىنىشى كېرەك. بىز ھازىر كۆرسى-تىپ ئۆتكەن تېمانىڭ مەزمۇن ۋە بەلگىش ئوبيېكتى جەھەتتە شېئىرىي خۇسۇسىيەتلەر-دىن يىراقلاشقان شېئىرلارنىڭ داۋاملىق «شېئىر» دېگەن تاجنى كىيىپ، شېئىرىيەت سەھ-نىسىنى ئىگىلەپ تۇرۇشىنى شېئىرىي قىممەت نۇقتىسىدىن رەت قىلىشتا، شۇنداقلا شېئىر-نى ھەقىقىي تۇردە ئۆزىگە قايتۇرۇپ كېلىشتە ياخشى يېزىلغان يېڭىچە شېئىرلار مۇئەييەن ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. مىسال ئۈچۈن ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ تۆۋەن-دىكى بىر پارچە لىرىكىسىنى كۆرۈپ باقايلى:

دەريا ئۈلدى نېمىشقا بۇ كەچ
يېشىل كۆككە ئۆرلىتىپ تىترەك؟
جىۋەك ئايمۇ ئۆملەپ بۇدەم
ساھىللارغا تارتماپتۇ جىيەك.

شەبنەملەردىن ئىزدەپ ئەتىگەن
تاقىتىم يوق كىرگەندە باغقا،
جىلۋەڭ غايىب، تىنىقلىرىڭنى —
ئەۋەتتىڭمۇ خىيالچان تاغقا؟

تۇزۇپ كەتكەن نىگاھىڭ بۇدەم
ئېغىراشلارغا بولىدۇ يوپۇق.
تورلىرىنى يېيىپ، بىز سېنى
كۆلۈمسىرەپ ئىزدەيدۇ ئۇپۇق.»

ياش شائىرنىڭ بۇ مۇھەببەت لىرىكىسىنى گەرچە بىز مۇكەممەل ئۈرنەك دەپ ئېيتالمىساقمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن يېڭىچە شېئىرلاردىكى دادىل ئىزدىنىش ئامىللىرىنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز. بىرىنچىدىن، بۇ شېئىر مۇھەببەت ھەققىدىكى ھېكمەتلەر ۋە تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەشتىن، شۇنداقلا ئەخلاقىي مىزانلار ئۈستىدە مۇنازىرە قىلىشتىن خالىي قىلىنغان؛ ئىككىنچىدىن، ھېسسىيات سەكرەتمىلىككە ئىگە قىلىنىپ، شېئىردا خېلى چوڭ بوشلۇق بەرپا قىلىنغان، بۇنىڭ بىلەن شېئىردا قاتلاملار چوڭقۇرلىشىپ، كەيپىيات مۇرەككەپلەشلەشكەن؛ ئۈچىنچىدىن، شائىر ئۆز ھېسسىياتىغا تەبىئەت ھادىسىلىرىدىكى ئوخشاش نەرسىلەرنى تېپىپ، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا مېخانىك ھالدا تەڭلىك بەلگىسىنى قويۇپ قويماستىن، ھېسسىياتنى شەيئىلەرگە تەبىئىي ھالدا سىڭدۈرۈپ، ھېسسىياتنى ماددىي تۈسكە، شەيئىنى ئادىمىي تۈسكە ئىگە قىلغان. بولۇپمۇ بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى كۇبلېتلاردا شائىرنىڭ ھېسسىياتى تامامەن شەيئىلەرگە سىڭىپ كىرىپ، جانلىق، ئوبرازلىق ھەرىكەت ھالىتىگە ئۆتكەن. ئاڭ بەخش ئېتىلگەن شەيئىلەر بولسا، ئۆزىنىڭ ئەسلى ھەرىكەت تەرتىپى ۋە قانۇنىيىتىنى بۇزۇپ، شائىرنىڭ ئېستېتىك غايىسى ئاساسىدا رېئاللىقتىن ھالقىغان ھالدا ھەرىكەت قىلىپ، سەنئەت رېئاللىقى كارتىنىسىنى بەرپا قىلغان. دېمەك، بۇ شېئىردا تەسۋىرلەنگىنى تەبىئەتنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى تەبىئەتتىن ئۆز قەلبىنىڭ ساداسىنى ئىزدەۋاتقان شائىرنىڭ كەيپىياتىدۇر. بۇ شېئىر ئۆز ھېسسىياتىنى تەبىئەتكە پاسسىپ ھالدا بېقىنىپلا ئىپادىلەيدىغان ئەنئەنىۋى رومانتىك شېئىرلىرىمىزدىن روشەن پەرقلىنىدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتىمەنكى، بىزدە ناھايىتى گۈزەل، نەپىس يېزىلغان رومانتىك شېئىرلار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ، لېكىن بۇ شېئىرلاردىكى گۈزەللىك ئاددىي، يەككە گۈزەللىك بولغاچقا، ئۇ خۇددى ئىنتايىن ساپ، ساددا، سەبىي بىر قىزنىڭ تاشقى گۈزەللىكىگىلا ئوخشايدۇ. ئوقۇغانسېرى ئۇنىڭدىكى ئىچكى مەزمۇن يېتەرسىزلىك قىلىدۇ. دېمەك، ھازىرقى زامان كىشىلىرى كۆپ قاتلاملىق، سىتېرېئولۇق ۋە مۇرەككەپ گۈزەللىككە ئىنتىلىۋاتقان ۋاقىتتا، بىز شېئىرىيىتىمىزدە بۇ خىل ئېستېتىك ئاڭ ئېھتىياجىنى ئويلىمىساق بولمايدىغان بولۇپ قالدى.

ئىككىنچى، ۋېتمان فرانسىيىلىك بىر ئەدەبىي تەنقىدچىنىڭ سۆزىنى شەرھلىگەن ۋاقىتتا مۇنداق دېگەنىدى: «ئەڭ ئۇلۇغ شائىر ھەرگىزمۇ ئەڭ ياخشى ئىجاد قىلغان شائىر ئەمەس، بەلكى ئەڭ كۆپ ئىلھام بېرەلىگەن شائىردۇر. ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ ئەھمىيىتىنى بىرلا قاراپ كۆرۈۋالغىلى بولمايدۇ. ئۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى سېنىڭ ئىزدىنىشىڭگە، چۈشىنىشىڭگە، تەتقىق قىلىشىڭغا قالدۇرىدۇ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى سېنىڭ ئورۇنلىشىڭغا قالدۇرىدۇ.» بىزنىڭ ھازىرقى شوئارۋازلىق، ۋەز-نەسىھەت ئېيتىش خاراكتېرىدىكى

بەزى ئەسەرلىرىمىزنىڭ بەك يالىڭاچ، بەك تۈز، بەك يۈزەكى بولۇشى، شۇنداقلا كۆز ئالدىدىكى ئىشلارغىلا يېقىنىپ قېلىپ، كىشىگە ئىلھام بېغىشلايدىغان قوزغىتىش كۈچىنى يوقاتقانلىقىنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى، ئۇلارنىڭ ئىنسانلار ۋۇجۇدىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى ئېستېتىكىلىق پىسخىك قۇرۇلمىغا تەسىر كۆرسىتەلمىگەنلىكى ۋە ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى تېخىمۇ كۆپ سىرلارنى يېشىپ بېرەلمىگەنلىكىدىن بولسا كېرەك.

شېئىر كىتابخانغا رېئاللىق بىلەن پاراللېل بولغان بوشلۇقنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەنلا چەكلەنسە، يەنى ھەممە كىشىگە تونۇشلۇق بولغان ئوبيېكتىپ ھادىسە ياكى ئادەتتىكى چۈشەنچىلەرنىلا ئېيتىپ بەرسە، بايان قىلىش، نەسىھەت قىلىش سالاھىيىتى بىلەن «تۇرمۇشنىڭ ئوقۇتقۇچىسى» ئورنىدا تۇرۇپ، «مەجبۇرىي سىڭدۈرۈش» ئۇسۇلىنى قوللىنىدىغان بولسا، بۇ شېئىرنىڭ بېكىنمە ھالەتتە قالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ ھالدا كىتابخاننىڭ ئاڭلىق ھالدا پىكىر يۈرگۈزۈشى، تەسەۋۋۇر قىلىشىنىڭمۇ ھاجىتى قالمايدۇ. دېمەك، شائىرنىڭ ئىجاد قىلغىنى پەقەت تۇرمۇش توغرىسىدىكى بىرخىل چۈشەنچە، بىر خىل باھا بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ زۆرۈرى، ئەسەرنىڭ يوشۇرۇن تەسىر كۈچىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى بولۇشى كېرەك. ھەقىقىي ئىجادىي ئىقتىدارغا ئىگە شائىر باشقىلارغا بىرەر نەرسىنى سىڭدۈرۈشنى مەقسەت قىلمايدۇ، بەلكى قايتا ئىجاد قىلىنغان ئېستېتىكىلىق شېئىرىي بوشلۇقنى كىتابخانلارغا، ئوبزورچىلارغا كۆپرەك قالدۇرىدۇ. شېئىرىيەتتە لىرىك بوشلۇقى دەپ ئاتىلىدىغان شېئىرىي بوشلۇق ماھىيەتتە شەيئى بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى پىسخىك ئارىلىقتىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئارىلىق بەك يېقىن بولۇپ كەتسە شېئىرىي بوشلۇق يوقايدۇ، بەك يىراق بولسا، ئوبيېكتىپ بىلەن سۇبيېكتىپ ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ئۈزۈلۈپ، بۇ بوشلۇق يەنە يوقايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز شەيئىنى ئۇنىڭ ئۆزىدە ئىپادىلىنىپ تۇرغان ھالىتى ۋە خۇسۇسىيىتىدىن ھالقىپ مۇئەييەن مەنىۋى مەنزىلگە باغلاپ كۆزىتىشىمىز كېرەك. كىتابخان مانا مۇشۇ ئارىلىقتىكى شېئىرىي بوشلۇق ئىچىدە شېئىرنىڭ ئۆزىدىكى مەزمۇندىن باشقا تېخىمۇ كەڭ ئەھمىيەتلىك نەرسىلەرنى ھېس قىلالايدۇ. بۇ خىل شېئىرىي سەنئەت بىزنىڭ ھازىرقى زامان شائىرلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە ئىپادىسىنى تاپقان. بىز تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «تۇگىمەس ناخشا»، ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ «ئىككى ھەيكەل»، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «مەن ئاق بايراق ئەمەس»، ئىمىن ئەخمىدىنىڭ «ئاسمانلار، تاغلار»، قۇربان باراتىنىڭ «دەريا شارقىرايدۇ قاراڭغۇلۇقتا»، بۇغدا ئابدۇللانىڭ «گۇناھكار دەرەخ»، ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ «يۈرىكىمنى تۇتىمەن ساڭا»، ئارسلاننىڭ «تاغ لىرىكىسى» قاتارلىق ھېس ـ تۇيغۇ بىۋاستە ئىپادىلەنگەن شېئىرلىرىدىمۇ شېئىرىي بوشلۇق يوق دەپ ھېسابلىيالمايمىز. ۋەھالەنكى، يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى شېئىرىيەت سەھنىسىدە يېڭىچە كۈچ بولۇپ شەكىللىنىۋاتقان بىر قىسىم ياش قەلەم ئىگىلىرىنىڭ بۇ نۇقتىدا باسقان قەدىمى بىرقەدەر دادىل بولدى. ئەخمەتجان ئوسماننىڭ «خائىن تاغلار»، «ياپراق»، «بۆركۈتسىز ئۇۋا» قاتارلىق شېئىرلىرى، باتۇر روزىنىڭ «بەش بارماق»، «تىنچلىق» قاتارلىق شېئىرلىرى، زاھىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئابدۇراخمانىنىڭ «تەكلىماكان» شېئىرى قاتارلىقلار بۇنىڭ ياخشى مىسالىدۇر. مانا بۇ شېئىرلار بىزگە ئۆزىدىكى ئوبيېكتىپ مەزمۇنىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئىككىنچى، ئۈچىنچى شېئىرىي رېئاللىق زېمىنىدا قەسەۋۋۇر قىلىشىمىزغا تولۇق ئىمكانىيەت بېرىدۇ. بولۇپمۇ «خائىن تاغلار» لىرىكىسىدىكى شېئىرىي بوشلۇقنىڭ چەكسىزلىكى پىكىر قىلىشتىن ئېرىنمەيدىغان كىتابخاننىڭ باغلىما تەسەۋۋۇرىنى قوزغاپ، ئۇزۇندىن-ئۇزۇن ئويغا سالماي قالمايدۇ.

ئۈچىنچى، شېئىر ئىنسانىيەتنىڭ روھى ۋە ھېسسىياتىنىڭ ئېستېتىك خاراكتېر ئالغان ماددىلاشقان فورماتسىيىسى بولغاچقا، ئۇ ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ياردىمىدە ۋۇجۇدقا كېلىدىغان بەدىئىي ئىجادىيەت دېمەكتۇر. ئوبرازلىق تەپەككۇر تەبىئىي ھالدا ئىدرەك قىلىش، تەسەۋۋۇر قىلىش، ھېس قىلىش، ئانالىز قىلىش، ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق قانۇنىيەتلەرگە ئەمەل قىلىدۇ، لېكىن ئېستېتىك خۇسۇسىيەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا، شېئىرنىڭ دۇنيانى بىلىشتىكى شەكلى دائىم دېگۈدەك تۇيغۇ، ھېسسىيات ۋە تەسەۋۋۇرنى ۋاستە قىلىپ، تەبىئەت ۋە تۇرمۇشنى قىسمەنلىكتىن تاللاش ھەم ئۆزگەرتىش شەكلى ئارقىلىق بولىدۇ. بىز بىر پارچە شېئىرنىڭ ئىجاد قىلىنىش جەريانىنى كونكرېت تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق، شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ئەگەردە شېئىرغا پەقەت «تۇرمۇش — ئىدىيە — ماھارەت» تىن ئىبارەت مۇقىم تەلەپ بويىچە ياكى شېئىر بىلەن مەنبە ئوتتۇرىسىدىكى تامامەن ئوخشاشلىقنى يېتىشتىن ئىبارەت بىر-دىنبىر نۇقتا بويىچە مۇئامىلە قىلىنىدىكەن، ئۇ چاغدا شېئىرىي بوشلۇق جەزمەن تولىمۇ تار بولۇپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا شائىرلار تۇرمۇشنى پارچىلاشقا جۈرئەت قىلالىشى، تۇرمۇشنى ئاڭلىق ھالدا تاللاپ، تەرتىپكە سېلىپ، ئۆزگەرتەلىشى لازىم. بۇ شېئىرىيەتتە تۇرمۇش چىنلىقىدىن بەدىئىي چىنلىققا ئۆتۈشتە كەم بولسا بولمايدىغان بىر ماھارەتتۇر. مۇشۇ نۇقتىنى ھەقىقىي چۈشەنگەن شائىرلار ئوبيېكتنىڭ ئەسلى ھالىتىنى ئۆزگەرتكەندە پەقەت تەسۋىرلەش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى بۇ خىل ئۆزگىرىش ئارقىلىق سۇبيېكتىپ ئېستېتىك ئاڭنى ئەڭ كەڭ دائىرىدە گەۋدىلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. مەسىلەن، ئەخمەتجان ئوسماننىڭ «يوپۇرماق» ناملىق شېئىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

«يوپۇرماق
پۈراپ تۇرار ئاغزىدىن كۆكلەم سۈتى،
قۇرت
كۆكرىكىگە مەھكەم يامىشىپ
يېمەكتە ئۇنى.
ئورمان گۈگۈم قوينىدا ئۇخلايدۇ،
باھار
ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلايدۇ.»

مانا بۇ ئېستېتىك ۋە پىسخىك ئاڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە بىر تەرەپ قىلىنغان شەكىل ئۆزگىرىشىدۇر. يوپۇرماقنىڭ ئاغزىدىن سۈت پۈرىشى، ئورمانلارنىڭ ئۇخلىشى، باھارنىڭ

ئۆكسۈپ يېغلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئۇلارنىڭ ئەسلى خۇسۇسىيىتىدىن ھالقىپ كەتكەن ھالەتتۇر. كۆرۈلۈپ تۇرۇپتىكى، بۇ يەردىكى ئوبيېكتىپ شەكىل ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە، ئىنسانلاشتۇرۇلغان. شائىر يوپۇرماقنىڭ مۇئەييەن شارائىتتىكى تراگېدىيىلىك تەقدىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى تاقەتسىزلىنىۋاتقان ئازابلىق كەيپىياتىنى ئىپادىلىگەن. سۇبيېكتىپ ھېسسىيات قويۇق بولغان بۇنداق ئۆزگىرىش كىتابخانلارنى كونكرېت ھېس قىلالايدىغان تېخىمۇ ئەركىن، كەڭ مەنىلىك ئېستېتىك چۈشەنچىلەرگە ۋە تەسەۋۋۇر بوشلۇقىغا باشلاپ كىرىدۇ.

شېئىردىكى بۇنداق ئېستېتىك ئۆزگىرىشتە «ئىلمىي بولمىغان»، «ئەقىلدىن يىراق بولغان» ۋە «بىردەكلىك قانۇنىيىتىگە قارشى» بولغان ئامىللارنىڭ بولۇشىغا، مۇۋاپىق دەرىجىدە شەكىل ھەم سۈپەت ئۆزگىرىشى بولۇشىغا يول قويۇلىدۇ. كۆرۈنۈشتە تۇرمۇش مەنتىقىسىگە، فورمال لوگىكىغا چۈشمەيدىغان بۇ نەرسىلەر تۇرمۇش چىنلىقىنى سەنئەت چىنلىقىغا كۆتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. بىز باشتا مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتكەن ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ شېئىردىكى «توزۇپ كەتكەن يار نىگاھىنىڭ ئېگىراشلارغا يوپۇق بولۇشى، ئۇيۇقنىڭ تورلىرىنى كەڭ يېيىپ، كۆلۈمسىرەپ ۋىسال ئىزدىشى» دەك كۆرۈنۈشتىكى مەنتىقىسىز ئۆزگىرىشلەردىن يەنە شائىرنىڭ ئېغىغا ئايلانغان چوڭقۇرلۇقتىكى ئىككىنچى خىل مەنتىقىلىقىنىمۇ كۆرەلەيمىز. باتۇر روزىنىڭ «مۇھەببەتلىك سەپەر» ناملىق شېئىردىمۇ بۇ نۇقتا ئۇنۇملۈك ئىشقا ئاشۇرۇلغان. مەسىلەن:

«ئارىمىزدا بىر كېچە     مېنى ئىزدەپ كېلسەن،
چۈشلىرىمىز گىرەلىشەر ئېھتىمال:     مەن چۈشۈڭگە دەسسەپ
سەن چۈشۈمگە دەسسەپ     سېنى ئىزدەپ بارىمەن...»

چۈش تامامەن مەۋھۇم بولغان بىرخىل روھىي پائالىيەتتۇر، ئۇنىڭغا دەسسەپ مېڭىش ھەقىقەتەن ئەقىلغا سىغمايدىغان كۈلكىلىك ئىشتۇر، لېكىن بىز ئۇنىڭغا ھېسسىيات ۋە تەسەۋۋۇر مەنتىقىسى بويىچە قاراپ، شائىرنىڭ ۋىسالغا تاقەتسىزلىك بىلەن ئىنتىلىشىدەك مۇھەببەت تۇيغۇسى بىلەن ئېستېتىك مەنزىلدە ئورتاقلىشىدىغان بولساق، قىلچىمۇ مەنتىقىسىزلىك ھېس قىلمايمىز، بەلكى بۇنداق ئېستېتىك بەدىئىي ئۇنۇمدىن ھوزۇرلىنىمىز.

ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئايرىم كىشىلەرنىڭ قارىشىدا تۇرمۇشقا مېخانىك ھالدا تەقلىد قىلىشتەك بەدىئىي پرىنسىپ تىكلىنىپ قالغان. بۇ شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى خەتەرلىك بىر خاھىشتۇر. ئويلاپ باقايلى، شائىر تۇرمۇشنى ئۆز ئېڭىدا شەكىللەنگەن يېڭى تونۇش، يېڭى ھۆكۈملىرى ئاساسىدا قايتا تەشكىللىيەلمىسە، بەلكى مەلۇم بىرلىككە كەلگەن تىل ئارقىلىق تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى يەككە ھالدا تەقلىدىي رەۋىشتە ئەينەن سۆزلەپ بەرسە، نەزەرىيىۋى جەھەتتىن ئېيتقاندا، سەنئەت ساھەسىدە ئىنسانىيەت ئەقلىنىڭ مېخانىك ماتېرىيالىزمغا چېكىنگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەمدۇ!

تۆتىنچىسى، XVII ئەسىردە ياشىغان ئەنگىلىيىلىك پەيلاسوپ بېكون مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «شېئىر بىر ئىلىمدۇر. ئۇ قاپىيە، ۋەزىن جەھەتتىن كۆپرەك چەكلىمىگە ئۇچرىسىمۇ، لېكىن باشقا تەرەپلەردىن ئىنتايىن ئەركىندۇر. ئۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئايرىلىپ تۇرغان نەرسىلەرنى بىرلەشتۈرەلەيدۇ، بىرلەشكەن نەرسىلەرنى ئايرىۋېتەلەيدۇ. مانا بۇ شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدا نامۇۋاپىق جۈپلىشىش ۋە ئايرىلىش بەرپا قىلىش دېمەكتۇر». بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتا قىلىشقان ھەرقانداق سۆزىمىز مەنتىقىي پرىنسىپلار ئاساسىدا بىر - بىرىگە زىچ باغلىنىشىپ كېلىشى لازىم ۋە شۇنداق بولىدۇ، لېكىن شېئىردا بولسا، بۇنداق باغلىنىش دائىم ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ ۋە بېكون ئېيتقاندەك، نامۇۋاپىق بىرلەشتۈرۈلىدۇ. بۇ نەرسىلەرنى لوگىكىلىق قىممەت بويىچە ئۆلچەشكە بولمايدۇ، ئۇنى پەقەت ھېسسىيات قىممىتىدىن چۈشىنىش كېرەك. شەيئىلەردىكى تەبىئىي تەرتىپنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇلارنى باغلىنىشسىز بىرلەشتۈرىدىغان ۋە ھېسسىيات بىرلىكىدە چۈشىنىدىغان بۇنداق بەدىئىي تەپەككۇرنى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى «شېئىرىي مۇنتاژ» دەپ ئاتاش مۇۋاپىق. شېئىردىكى بۇنداق مۇنتاژ ئۇسۇلى خىلمۇ خىل بولىدۇ. بەزىدە «ئارىلىقتا ئاقلىق قالدۇرۇش» ياكى «بوشلۇق قالدۇرۇش» ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. بۇنداق بوشلۇق قالدۇرۇش ئارقىلىق بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىدا شەيئىلەر ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق كۆرۈنۈشلەر ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقتىن سەكرىتىش ئارقىلىق ئۇچراشتۇرۇلىدۇ. شۇ ئارقىلىق بىر بىرىگە مۇناسىۋەتسىز ۋە يىراق بولغان ماكاندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەرىكەت ھالىتى گەۋدىلەندۇرۇلۇپ، يېڭى ئىچكى مەزمۇننى ئىگە شېئىرىي رېئاللىق يارىتىلىدۇ. بۇنداق شەكىلدە شائىر تەپەككۇر مەنتىقىسىنىڭ يىپىنى قەستەن ئۈزۈپ تاشلاپ، ئىنتايىن كىچىك بىر يىپ ئۇچى قالدۇرۇپلا، كىتابخاننى شۇنى بويلاپ ئەسلىگە قايتىپ پىكىر يۈرگۈزۈشكە يېتەكلەيدۇ. مەسىلەن، ئەخمەتجان ئوسمانىنىڭ «بۇركۈتسىز ئۇۋا» دېگەن شېئىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

«كۆلەڭگىلەر
كېتىدۇ، كېلىدۇ.

يۇرەر غازاڭلار
رەستىلەردىن رەستىلەرگە.

ئىشىك قېقىپ يۈرىدۇ شامال
ئەگەشتۈرۈپ پەسىللەرنى.

ئۈزۈك - ئۈزۈك پۈيىمز ئاۋازى
ياشلار بىلەن نەمدەلگەن.

بۇركۈتسىز ئۇۋا.
بۇ شەھەر ...»

دەرۋەقە بۇ شېئىردىكى خۇددى كىنو كۆرۈنۈشلىرىگە ئوخشاش «لاپ - لاپ» قىلىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان مەنزىرىلەر بىر بىرىگە مۇناسىۋەتسىز ۋە باغلىنىشسىزدەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئاخىرقى مىسراسى ئارقىلىق پۈتۈن شېئىرنى تۇتاشتۇرۇپ تەپەككۇر قىلغان ھەرقانداق بىر ئاقىل كىتابخان شېئىردىكى ئىچكى باغلىنىشنى قىيىنالماستىن چۈشىنىۋالالايدۇ.

بىزنىڭ شائىرلىرىمىز بۇ خىل مۇنتاژ ئۇسۇلىنى قوللىنىپ بۇرۇنمۇ خېلى كۆپ شېئىرلارنى يازغان. ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدىكى بوشلۇق ئاتلىتىلغان مەنزىرىلەر مەلۇم

ھىسسىيات ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلغان، لېكىن ئۇنىڭدىكى سەكرەتمىلىك ۋە باغلىنىشسىزلىق بۇ قەدەر چوڭ بولمىغان، رېئال تۇرمۇش مەنتىقىسىدىن ھالقىپ كېتەلمىگەن.

يۇقىرىدا يېڭىچە شېئىرلاردىكى رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ ھېس قىلغان ئامىللار ئۈستىدە ئۆزۈمنىڭ يۈزەكى قاراشلىرىمنى بايان قىلىپ ئۆتتۈم. بەلكىم بۇ شېئىرلاردىكى قىممەتلىك نەرسىلەر پەقەت مۇشۇلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىقى مۇمكىن. مەن كۆرسەتكەن نۇقتىلار بۇ شېئىرلارنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىگە توغرا باھا بولالماسلىقىمۇ مۇمكىن. بۇ ھەقتە يەنىمۇ ئىزلىنىشكە، مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەمدى مەسىلىنىڭ ئىككىنچى بىر تەرىپىگە كەلسەك، يېڭىچە شېئىرلار يۇقىرىقىدەك ئىجابىي ئامىللارغا ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە روشەن يېتەرسىزلىكلەردىنمۇ خالىي ئەمەس. بەلكى پۇچەك، تېتىقسىز، غەلىتە، قۇرۇق نەرسىلەر بۇخىل شېئىرلار تۈركۈمىدە خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ يېتەرسىزلىكلەرنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. چۈنكى، بۇنداق شېئىرلارنى يېزىۋاتقانلارنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى يېڭىدىن ئىجادىيەتكە كىرىشىۋاتقان، ئىزدىنىۋاتقان، تەقلىدچىلىك يولىدا ئېزىقىۋاتقان شۇنداقلا تېخى ئاڭلىق ئىجادىيەت باسقۇچىغا قەدەم تاشلىيالمىغان ياشلار. ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدا ئۇنداق ياكى مۇنداق نۇقسانلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال، لېكىن ئەتراپلىق بىلىم يېتىلدۇرمەستىن، باشقىلارنى قارىغۇلارچە دوراش يېڭى شېئىرىيەتنىمۇ، بۇ يېڭى قەلەم ئىگىلىرىنىڭ ئۆزىنىمۇ تۇيۇق يولغا باشلاپ قويىدۇ. شۇڭا بۇ نۇقسانلارنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش تامامەن زۆرۈردۇر:

1. بۇ خىلدىكى شېئىرلارنىڭ نۇرغۇنلىرىدا پىكىر يېڭىلىقى يوق ياكى بۇرۇن دېيىلىپ بولغان، كىشىلەرگە ئاللىقاچان تونۇشلۇق بولغان پىكىرلەرنى ئىككىنچى خىل شەكىلدە تەكرارلاپ بەرگەن. بىز بىر شېئىرنىڭ يېڭىلىقىنى ئالدى بىلەن ئۇنىڭدىكى ھىسسىيات ۋە پىكىرنىڭ يېڭىلىق قىممىتى بويىچە ئۆلچەيمىز، ئەگەردە شائىر ئۆز شېئىرى ئارقىلىق تۇرمۇشنى يېڭى نۇقتىدىن كۆزىتەلىگەن بولسا، تۇرمۇشتىن يېڭى، نازۇك نەرسىلەرنى بايقىيالىغان بولسا ياكى ئۆز ئېڭىدىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىپ چىقىرالىغان بولسا، بىز بۇ شائىرنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى دەپ ھېسابلىغان بولاتتۇق. ئەپسۇسكى، بۇ خىلدىكى ئاتالمىش يېڭى شېئىرلارنىڭ نۇرغۇنلىرىدىن كىتابخانلار پەقەت تۇراق، قاپىيە، ۋەزىن دېگەنلەر يوق بولۇشتەك شەكىل جەھەتتىكى «يېڭىلىق» تىن باشقا ھېچقانداق يېڭى پىكىرنىڭ سايىسىنى كۆرەلمەيدۇ. مەسىلەن:

«ئىشقىڭدا دەريادا دولقۇنلىنىپ،
پارتلىدىم يانار تاغ بولۇپ، ھىجرىڭدە يىقىلدىم ھوشسىز
مېھرىڭدە ئاقتىم كۈنۈ-تۈن ئاھ ۋەتەن، سىنىڭ!»

بۇ كلاسسىك ۋە ھازىرقى زامان شائىرلىرىدىن قايسىبىرى تەكرارلىمىغان پىكىر دەيسىز! مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كونا گەپنى يېڭى شەكىل بىلەن تەكرارلىغان «شېئىر» لارنىڭ كۆپلۈكى كىتابخانلارنىڭ يېڭىچە شېئىرلارغا نىسبەتەن نارازىلىقىنى قوزغاۋاتقان مۇھىم بىر سەۋەبتۇر.

2. شېئىرنىڭ ئۆزىدىكى ئاددىيلىق ۋە پىكىردىكى يۈزەكىلىك. شېئىر ئۇرغۇن ئامىل-لاردىن تەركىب تاپىدۇ. شېئىرنىڭ ئىخچاملىقىمۇ ئەلۋەتتە مۇشۇنداق زۆرۈرى ئامىللىرى كەم بولمىغان ئاساستا ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن بەزى ياش ئاپتورلى-رىمىز بۇ نۇقتىنى بىر تەرەپلىمە هالدا چۈشىنىپ، شېئىردىي پىكىرنى شاخلاندۇرۇپ، قانات-لاندۇرۇپ تۇرىدىغان ئامىللارنى پۈتۈنلەي قىرقىپ تاشلاپ ياكى مۇشۇنداق قىسقىلىقنى يېڭىچە شېئىر، دەپ هېسابلاپ، شېئىرنى تولىمۇ ئاددىي بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدى. مەسىلەن:

«مېنىڭ يۈرىكىم
سېنىڭ ئەلبومىڭ!
* *
مەن دۇنيانىڭ ئىچىدە
«دۇنيا مېنىڭ ئىچىمدە.»

بۇ ئادەتتىكى جۈملىلەرنى ياكى ناهايىتى ئېتىبار بىلەن ئېيتقاندا، بىر شېئىرنىڭ بىرەر مىسراسى بولۇشقا تېگىشلىك سۆزلەرنى بىر پۈتۈن شېئىر دەپ ئېيتىشقا بولامدۇ؟ مەن بۇ يەردە بۇ نەرسىلەرنى پەقەت ئىككىلا مىسرادىن تۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈنلا ئاددىي دەۋاتقىنىم يوق، بەلكى ئۇلاردا هېچقانداق پىكىر چوڭقۇرلۇقىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىۋا-تىمەن. بۇغدا ئابدۇللانىڭ كىشى قەلبىنى بىر دولقۇنلىتىپ ئۆتىدىغان «ئىنسانغا تىنچلىق بولار نەدە؟ بىرى بۆشۈكتە، بىرى قەبرىدە...» دېگەن پارچىسىنىمۇ شېئىر ئەمەس، ئاد-دىي جۈملە دېيەلمەيمىزغۇ.

يەنە بەزىلەر ئادەتتىكى ئوخشىتىشلارنى شېئىردىي پىكىر دەپ يېزىۋالغاچقا، يەنىلا پىكىرنىڭ ئاددىيلىقىنى، يۈزەكىلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مەسىلەن:

«كېچە دېڭىزمۇ، ئاي ئالتۇن بېلىق
هەر كۈنى، ئۇتۇۋېلىپ ئۇنى ئۇپۇق
قويۇۋېتەر قايتىدىن.
*
توخۇلار دان تاپسا تالاشماي تەڭ يەر،
ئادەملەر هەممىنى مېنىڭ بولسۇن دەر.»

كېيىنكى بېيىت شەكلىدىكى «شېئىر» دا ئاپتور بەزى ئادەملەردىكى ئىنساپسىزلىق-نى تەنقىدلەش ئۈچۈن، ئادەمنى توخۇلار بىلەن تەڭ ئورۇندا قويۇپ سېلىشتۇرۇپلا قوي-غان. ئادەمنىڭ ئۆز-ئۆزىنى بىلىشى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان يېڭى زامان شېئىرىيىتى ئىن-سانلارنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىغا، چوڭقۇر روھىي دۇنياسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىۋاتقان ئەھۋال

ئاستىدا، بۇنداق ئىپتىدائىي چۈشەنچىلەر ئارقىلىق ئىنسان خاراكتېرىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇش تولىمۇ كۈلكىلىكتۇر. توخۇلار بولمىسا ئادەم ئۆز ئۆزىنى بىلەلمەمدۇ؟ بۇ يەردە مەن شۇنى تەكىتلىمەكچىمەنكى، قارىغۇلارچە دوراش بىلەنلا مەيدانغا چىقىۋاتقان بەزى ياشلىرىمىز قاپىيە، ۋەزىنلەرنى كېرەك قىلماسلىقنى ۋە ئىنتايىن قىسقا بولۇشنىلا «يېڭى شېئىر» دەپ چۈشىنىۋالماسلىقى كېرەك.

3. دورامچىلىق. يېڭىچە شېئىرلارنى يېزىۋاتقانلارنىڭ تېز كۆپىيىشىدە ئاڭلىق ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ مەيدانغا چىقىشى بىلەن قارىغۇلارچە دورىغۇچىلارنىڭ چىقىشى تەڭلا رول ئوينىدى. ھەرقانداق بىر يېڭى نەرسىگە ياشلارنىڭ كۈچلۈك ئىنتىلىدىغانلىقى بۇ بىر ھەقىقەت، لېكىن خاس ئىجادىي خاراكتېر ئالىدىغان شېئىرىيەتتە مودا قوغلىشىش بىمەنىلىكتۇر. بىر قىسىم يېڭىچە شېئىر يېزىۋاتىمەن دېگۈچىلەرنىڭ شېئىرلىرىدىكى «چۈشلىرىمنى سۆرەپ كېلىۋاتىمەن»، «ناخشامنى سۆرەپ كېلىۋاتىمەن»، «دەردىمنى سۆرەپ كېلىۋاتىمەن»، «كۆككە يىقىلدىم»، «قۇياشقا يىقىلدىم»، «كۆزلىرىڭگە يىقىلدىم»... دېگەنگە ئوخشاش ئىبارىلەرنىڭ ھەربىر شېئىردا ئوخشاش رەۋىشتە تەكرارلىنىشى كىتابخانلارنى تولىمۇ بىزار قىلدى. ھەرقانداق بىر ئاپتور ئۆز قەلبىگە سادىق بولالمىسا، شېئىرىدا ئۆز خاراكتېرىنى ئىپادىلىيەلمىسە، ئۆز كۆزىدە دۇنيانى كۆزىتىپ، ئۆز ئاۋازىدا سايرىيالمىسا ۋە پەقەت باشقىلارنىڭ سايىسىلا بولۇپ قالسا، ئۇ مەڭگۈ شائىر بولالمايدۇ.

4. تىلدىكى دەبدەبىلىك، مەزمۇندىكى بىمەنىلىك. مەزمۇندىكى چوڭقۇرلۇق ۋە گۈزەللىك تىلدىكى دەبدەبىلىك ۋە غەلىتىلىك بىلەنلا ئىپادىلەنمەيدۇ. ئاددىيلىق ئىچىگىمۇ چوڭقۇرلۇق، گۈزەللىك يوشۇرۇنغان بولىدۇ. مەن يېڭىچە شېئىر يېزىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان بەزى ياش ئاپتورلىرىمىزنى تىلدىكى دەبدەبىلىك ۋە غەلىتىلىكنى شېئىرىي چوڭقۇرلۇققا يېتىشنىڭ بىردىنبىر يولى دەپ قارايدىكەن دېگەن ئويغا كېلىپ قالدىم. مەسىلەن:

«كۆزلىرىمگە ئېسىپ قويدۇم بېشىمنى،
يۇتۇۋالسۇن دۇنيانى.»

مەن بۇ شېئىرغا لوگىكىلىق ئۆلچەم بويىچە قاراپ، بېشىڭنى قانداق قىلىپ كۆزۈڭگە ئېسىپ قويىسەن؟ بېشىڭ بىلەن كۆزۈڭ بىر گەۋدە ئەمەسمۇ؟ دەپ سورىماقچى ئەمەسمەن. بەلكى ئاپتورنىڭ مۇشۇ ئارقىلىق يەتمەكچى بولغان بەدىئىي غايىسىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ چۈشىنەلمىگەنلىكىمدىن ئەپسۇسلىنىمەن. مېنىڭچە، بۇ شېئىرنىڭ روشەن ئاجىزلىقى، بىز باشتا سۆزلەپ ئۆتكەندەك، شېئىردىكى ئوبيېكتىپ بىلەن سۇبيېكتىپنىڭ باغلىنىشىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئارىدىكى بوشلۇقنى بەك يىراقلاشتۇرۇۋەتكەنلىكتىن، كىتابخاننى ئوتتۇرىدىكى قاراڭغۇلۇقتا گاڭگىرىتىپ قويغانلىقىدا. يەنە مەسىلەن:

«ئۆلگەن قارىچۇقتىن تاپتىم نەپسىمنى،
يىقىلدىم قۇياشنى يۇدۇپ تۇپراققا.»

بۇ مىسرالاردىكى مەنتىقسىزلىق ۋە زىتلىق تەسەۋۋۇر كەڭلىكىگىمۇ سىغمايدىغان

دەرىجىدە بولغاچقا، ئۇقۇغان كىشىگە ئاپتور ئاغزىغا كەلگەننى ھەۋىلۇۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ «شېئىر» دىكى بىرقانچە غەلىتە سۆزدىن باشقا ھېچقانداق شېئىرىي كەيپىيات ۋە ئىدىيەۋى مەزمۇننى ھېس قىلغىلى بولمايدۇ.

نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن چىلىلىق مەشھۇر شائىر پابلو نېرۇدا مۇنداق دېگەنىدى: «بىر شائىر ئالدى بىلەن رېئالىزمچى بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئۇ رېئالىزمچى بولمايدىكەن، ئۆلگەن شائىر ھېسابلىنىدۇ. بىر شائىر ئەگەر پەقەت رېئالىزمچىلا بولۇپ قالىدىكەن، ئۇ يەنىلا ئۆلگەن شائىر ھېسابلىنىدۇ. بىر شائىرنىڭ يازغىنى ئەگەر پەقەت ئەقىلغا سىغمايدىغان بولۇپ، ئۇنى ئۆزى بىلەن سۆيگىنىدىن باشقا ئادەم چۈشىنەلمىسە، بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالدۇر. ئەگەر ئۇنىڭ يازغىنى تامامەن ئەقىلغا سىغىدىغان بولۇپ، ئۇنى دۆت-كالۋالارمۇ چۈشىنەلەيدىغان بولۇپ كەتسە، بۇ تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالدۇر.» بىز كىتابخانلارنىڭ سەۋىيىسى بىلەن پەقەت ھېسابلاشمىساقمۇ بولمايدۇ، ئۇلارغا بېقىنىپ قالساقمۇ بولمايدۇ. مەن شېئىر كىتابخانلارنىڭ ئېستېتىك سەۋىيىسىگە ماسلىشىش ھەم ئۇنى يېتەكلەشتىن ئىبارەت ئىككى خىل رولغا ئىگە بولۇشى كېرەك دەپ قارايمەن. پابلو نېرۇدانىڭ يۇقىرىقى سۆزىمۇ ھازىرقى شېئىرىيىتىمىزنى توغرا يولغا يېتەكلەشتە ئۆرنەك بولالايدۇ. ئاخىرىدا مەن يېڭىچە شېئىرىيەتتىن مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئۈمىدنى كۈتىمەن:

بىرىنچى، شېئىردا دەۋر روھى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىك بىرلەشكەن بولۇشى لازىم، يەنى يېڭىنى قوبۇل قىلىش، ئىجاد قىلىش بىلەن مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈشنى ھەرگىزمۇ ئايرىۋەتمەسلىك كېرەك؛ ئىككىنچى، شېئىر شېئىر بولۇشى لازىم. ئۇ ھەرگىزمۇ مەلۇم بىر ئىجتىمائىي چۈشەنچىنىڭ شەرھىسى ياكى كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ ئوينايدىغان ئېزىتقۇ ئويۇنچۇق بولۇپ قالماسلىقى كېرەك؛ ئۈچىنچى، شېئىردا شائىرنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرى ئىپادىلىنىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، شېئىرىيەت ئاسمىنىمىزدا سانسىز يۇلتۇزلار ئۆزىگە خاس جىلۋىدارلىقى بىلەن چاقناپ نۇر چاچالايدۇ.

(بېشى 103 - بەتتە)

بولاتتىم، ئېپلاس! يۇقال، مۇناپىق دەيۈز!— دەپ بۇيرۇق قىلدى.

ئاپام قاراڭغۇدا كۆزدىن غايىب بولدى.

ئەتىسى قوشنا - قولۇملار ئارىسىدا ئاپام توغرىسىدا پاراڭ تارقالدى. بەزىلەر: «ئىككىسى ئاجرىشىپ كەتكۇدەك» دېيىشسە، بەزىلەر: «بىر - بىرىگە ئاق بولمىغاندىكىن ئاجرىشىدۇ - دە» دېيىشەتتى. ئىش قىلىپ ھەپتىگىچە بۇنداق پاراڭ ئۈزۈلمەي داۋاملاشتى. بەزى بوۋاي - مومايلار بىزنى كۆرگەندە ئىچ ئاغرىتىپ ياقىسىنى تۇتۇپ «تەۋۋا!» دەپ قويۇشاتتى.

قوشنىلارنىڭ گېپى راست چىقتى، بىر ھەپتىدىن كېيىن دادام بىلەن ئاپام ئاجرىشىپ كەتتى. ئاپام ئۆز ئىدارىسىگە كۆچۈپ كەتتى، دادام بولسا يەنە ماشىنىسىنى ھەيدەپ سەپەرگە ماڭدى، ئەمدى بىزگە كىم قارايدۇ؟

## ئىككى پارچە خەت

ئەدەبىياتىمىزدا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىر مۇنچە رومانلار يورۇقلۇققا چىقتى. ئەپسۇسكى، بۇ ھەقتىكى مۇھاكىمىلەر تولىمۇ ئاز بولماقتا. ئۆزىنىڭ ئىجادىي ئەمگىكى ئۈستىدىكى مۇھاكىمە ـ مۇلاھىزىلەرنى ئاڭلاشقا تەقەززا بولمايدىغان ئىجادكار بولمىسا كېرەك. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھى بويىچە بېرىلگەن ھەرقانداق باھا ياكى قىلىنغان مۇھاكىمىنىڭ (مەيلى ئۇ قانداق شەكىلدە بولسۇن) يازغۇچى ئۈچۈن، بولۇپمۇ رومانچىلىقىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىسى زور.

بىز تۆۋەندە دىققىتىڭلارغا مۇشۇ مەزمۇندىكى ئىككى پارچە خەتنى تەۋسىيە قىلىمىز.

— تەھرىردىن

ئىنىم ئەخەت تۇردى!

«ئۇنتۇلغان كىشىلەر» نى ئوقۇپ چىقتىم. بۇ ئەسەر مەندە خېلىلا ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇردى.

ئالدى بىلەن شۇنى دېگۈم كېلىدۇكى، ئەسەرنىڭ تىلى بىرقەدەر پىششىق ئىشلەنگەن: دىئالوگلارنىڭ كۆپىنچىسى پېرسوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرىگە، تەرەققىيات مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن، ئىچكى ھېسسىياتلار تەسۋىرىدە خېلىلا شېئىرىي كۈي بار. ئىپادىلەش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغان بىر قىسىم يەرلىك شىۋىلەرنىڭ ئورۇنلۇق جارى قىلىنىشى ئەسەرنىڭ يەرلىك ھىدىنى كۈچەيتكەن. ئەدەبىي تىلىمىز مۇشۇنداق ئىزدىنىشلەر ھېسابىغا بېيىپ بارىدۇ.

ئەسەرنىڭ سيۇژېت قۇرۇلمىسىمۇ خېلى قىزىقارلىق. دراماتىك دولقۇنغا ئىگە بابلارمۇ ئاز ئەمەس.

بىرقانچە مۇھىم پېرسوناژلارنىڭ قىياپىتى خېلى جانلىق سىزىلغان: قۇتلۇق ئەپەندى، باتۇق، نازاكەت خېنىم، ھاپىز خوجا قاتارلىقلارنىڭ بىرقانچە دراماتىك توقۇنۇشلار جەريانىدىكى ئوي - خىيال، سۆز، ئۇسۇل، تەدبىر، ھەرىكەتلەر ئارقىلىق گەۋدى-

www.uyghurkitap.com

لەنگەن خاراكتېرلىرى خېلىلا ئەستە قالغۇدەك ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە.

كىچىك بىر تارىخىي ئېپىزوت ئارقىلىقمۇ ئەھمىيىتى چوڭ تارىخىي ساۋاق ئوبرازىنى ياراتقىلى بولىدۇ. بۇنداق ئوبراز ئۆتمۈشنىڭ كارتىنىسىلا بولۇپ قالماي، كەلگۈسى ئۈچۈنمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە دەستۇرلەر تەركىبىگە كىرىدۇ. شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئەسىرىگىمىزمۇ مۇشۇنداق ئامىلغا ئىگە. ئەسەردە (يەنى تارىختا) قۇتلۇق ئەپەندىلەر يېڭىلدى، لېكىن ئۇلارنىڭ روھى يەنىلا غالىب، بۇنداق روھ يېڭى دەۋرىمىزدە ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى تاپتى، ئۆز ۋاقتىدا ئۆلگەن ھەممە تىرىك قالغان ھاپىز خوجىلار لەنەت - نەپرەتكە كۆمۈلدى، لېكىن تارىخ يەنىلا شەكلى ئۆزگەرگەن تەكرارلىنىشلار بىلەن تولغان بولىدۇ. ئالايلى، قۇتلۇق ئەپەندى تىپىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ يېڭى دەۋردىمۇ توغرا چۈشىنىشكە ئېرىشەلمەي خارلانغانلىقى، بۇ جەھەتتە ھاپىز خوجا تىپىدىكى شەخسلەرنىڭ نەقەدەر رەزىل روللارنى ئوينىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم پاكىتقۇ! تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلەرنىڭ رېئال ئەھمىيىتى بىزدە بىر مەزگىل «ئۆتمۈشتىن سۆز ئېچىپ، بۈگۈنكىگە ھۇجۇم قىلىش» دېگەن بەدناملارغا قالغانىدى. شۈكرى، ھازىر بىز بۇنداق ئەبلەخلەرچە بىلجىراش، كالتەكلەشلەرنىڭ دەردىدىن خېلىلا قۇتۇلۇپ قالدۇق. چىنلىقتا، سەنئەتكە سادىق يازغۇچى بۇنداق بىلجىراش، كالتەكلەشلەر ۋەھىمىسى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ.

لېكىن مەن بۇ ئەسەرنى ئوقۇش جەريانىدا بەزى كۆرۈنۈشلەردىن، پېرسوناژلارنىڭ بەزى ھەرىكەت - قىلىقلىرىدىن كۆڭلۈم غەش بولغان يەرلەرمۇ بولدى. مەسىلەن:

چىلتەنلەر نامايىشى قۇتلۇق ئەپەندى شۇغۇللىنىدىغان پائالىيەت بولماسلىقى كېرەك ئىدى. چۈنكى مۇشۇ دەۋردىكى زىيالىيلارنىڭ بىر مۇھىم خۇسۇسىيىتى ئاشۇ خىل خۇراپىي ئادەتلەردىن يىرگىنىشتە ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. شۇڭا چىلتەنلەر نامايىشىنى ئۇيۇشتۇرۇش بۇ خىل ئادەملەر خاراكتېرىگە يات، زورمۇزور چاپلانغان قىلىق بولۇپ قالغان.

باتۇق ھەققانىيەت ئىزدەيدۇ، ئادالەتكە تەشنا، شۇ يولدا پىداكارلىق بىلەن كۈرەش قىلىدۇ، لېكىن ئۇ نادانلىقى سەۋەبىدىن ئۆزىنىڭ مۇشۇ تۈپ خۇسۇسىيىتىگە زىت ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ، لېكىن ئەسەردە ئۇنىڭ بەزى قىلمىشلىرى (مەسىلەن، ھاپىز خوجىدىن ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە ئۇنىڭ سىڭلىسىغا يىرتقۇچلارچە چېپىلىشى) بەك ئېشىپ كەتكەنلىك ئەمەسمىدۇ؟! مۇنداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قەھرىمانلارغا ئازادلىق ئىزدىگۈچىلەر ئەگەشمىسە كېرەك.

مېنىڭ بۇ ئىككى مىسالنى كەلتۈرۈشۈمدىكى مەقسەت: ئەسەردە ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا پېرسوناژلارنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېر مەنتىقىسىنى ھەرگىز ئۇنتۇشقا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت. «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» دە بۇ نۇقتا بىرقەدەر ئۇنتۇلۇپ قالدىمۇ - قانداق؟

بۇنىڭدىن باشقا بەزى قەھرىمانلارنىڭ خاراكتېرى - پائالىيىتى چولتا. مەسىلەن، نازاكەت خېنىم كىتابخان تولۇق چۈشىنىشكە، جىددىي تۇغقۇنۇشلار ئىچىدە جىقراق كۆرۈشكە تەشنا پېرسوناژ ئىدى، ئەپسۇسكى، بۇ تەشنالىق قاندۇرۇلمىغان. مەن بۇ

چولتىلىق ئۇنىڭ ئوبرازىغا دەخلى يەتكۈزگەن دەپ قارايمەن.

مەن ئەدەبىي تەنقىدچى قاتارىدا كىرمەيمەن. بولۇپمۇ پروزا ئەسەرلىرى ھەققىدە كەسىپ ئەھلىگە خاس پىكىر بىرەلىشىم تېخىمۇ قىيىن، لېكىن ئەسەرنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىش جەريانىدا مەندە يۇقىرىقىدەك تەسىرات قوزغالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىزمۇ مەندىن پىكىر سورىدىڭىز. شۇڭا بۇ خەتنى يازدىم. خەت ئارقىلىق «ئۇنتۇلغان كىشىلەر»گە بولغان زوقمىنى ئىزھار قىلدىم، ئەسەرنىڭ نۇقسانى توغرىسىدىكى پىكىرلىرىمنى تەنقىدىي مۇھاكىمە قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. سىزگە ئىجادىيەتتە يېڭىدىن يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيمەن.

سالام بىلەن: تېيىپجان ئېلىيوپ.

1988 - يىل. 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى.

ھۆرمەتلىك تېيىپجان ئاكا!

خېتىڭىزنى ئوقۇپ خۇشال بولدۇم، سىزگە كۆپ رەھمەت! ئالدى بىلەن، ئىشىڭىزنىڭ ئالدىراش، سالامەتلىكىڭىزنىڭ ئانچە ياخشى بولمىغانلىقىغا قارىماي، تۇنجى يىرىك ئەسىرىم — «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» نى ئېرىنمەي ئوقۇپ چىقىپ، تەپسىلىي تەسىرات يازغانلىقىڭىزغا چىن كۆڭلۈمدىن تەشەككۈر ئېيتىمەن!

كىشىلەردە: «قىزىلگۈل ھەرقانچە چىرايلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بەرگىنىڭ كۆتۈرۈپ تۇرۇشىغا موھتاج» دېگەن بىر گەپ بار. دەرۋەقە، بەرگىنىڭ ئەجرى بىلەن قىزىلگۈلنىڭ گۈزەللىكى نامايان بولالايدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، ئەدەبىياتىمىز مۇپېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ كېيىنكى شاگىرتلارنى يېتەكلىشى، قوللىشى ۋە ئاسرىشى بىلەن گۈللىنىدۇ، روناق تاپىدۇ.

خېتىڭىزدە رومانىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە تەئەللۇق بەزى ياخشى گەپلەرنى قىپسىز. مەن بۇنى ئەلۋەتتە كۆيۈمچان بىر ئۇستازنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ كىچىككىنە نەتىجىسىنى كۆرگەندە ھاياجانلىنىپ ئېيتقان ئىلھاملاندۇرۇش نىيىتىدىكى سۆزلىرى دەپ چۈشىنىمەن. مۇبادا «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» دە راستىنلا ئاز - تولا مۇۋەپپەقىيەت بار دېيىلسە، بۇ مۇۋەپپەقىيەتمۇ، ئالدى بىلەن، خەلقىمىزنىڭ باي ۋە رەڭگا رەڭ تۇرمۇشى بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك گۈللىنىشكە قاراپ يۈز تۇتۇۋاتقان ئەدەبىياتىمىزنىڭ ماڭا بولغان ئىلھامىغا مەنسۇپ، خالاس!

رومانىنىڭ پىشمىغان، چولتا، يېتەرسىز جايلىرى توغرىسىدا بىرنەچچە ئورۇنلۇق پىكىرلەرنى يېزىپسىز. ئالدى بىلەن، بۇ پىكىرلىرىڭىزنى چىن كۆڭلۈمدىن قوبۇل قىلىپ ئالىمەن. بۇ پىكىرلىرىڭىزمۇ تەلەپچان بىر ئۇستازنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى كۆرگەندە، كۆيۈنۈپ تۇرۇپ ئېيتقان سەمىمىي سۆزلىرىگە ئوخشايدۇ. بۇ پىكىرلەر ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيىتىمدە ئۈنۈملۈك ساۋاق بولۇپ قالىدۇ.

باتۇقنىڭ ئوبرازى توغرىسىدىكى پىكىرىڭىز ھەقىقەتەن يوللۇق. بۇ ھەقتە ھۆرمەتلىك ئۇستازىمىز زۇنۇن قادىرىمۇ بىر كۈنى ماڭا: «رومانىڭنى ئوقۇتۇپ ئاڭلىدىم، ياخشى يېزىپسەن، لېكىن باتۇقنى بىرئاز كەپسىز قىلىپ قويدۇڭمۇ - قانداق؟ نەگىلا بارسا

شوخلۇق قىلىپ، ئىش تېرىپ يۈرىدىكەن ... شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنە كىشىگە سۆيۈملۈك تۇيۇلىدىكەن...» دېگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن باتۇقنىڭ ئوبرازى توغرىسىدا قايتىدىن ئويلاپ باقتىم. راستىنى ئېيتقاندا، باتۇق روماندىكى ئەجرىم كۆپرەك كەتكەن، ياخشى كۆرۈپ تەسۋىرلىگەن بىر ئوبراز. مەن ئۇنى ئامال بار جانلىقراق، تىرىكرەك، مۇرەككەپرەك يارىتىشقا ئۇرۇنغانىدىم. بىر چاغلاردا مەنمۇ بىر قىسىم ھېكايە، پوۋېستلىرىمدا سىياسىي رامكا بىلەن سىياسىي ئۇقۇملاردىن خالىي بولالمىدىم. ياراتقان ئوبرازلىرىم ئاشۇ چۈشەكلەر بىلەن بوغۇلۇپ، جانسىز، خۇنۈك بولۇپ قالدى. بۇ ھەقتە بىر قىسىم كەسىپداش، قەلەمداشلىرىمدىنمۇ ئاز - تولا پىكىرلەر ئاڭلىدىم. رومانىنى يېزىشقا كىرىشكەن ۋاقتىمدا، مانا شۇ پىكىرلەر كۆز ئالدىمدا گەۋدىلەندى. ئۆزۈمچە رامكىلاردىن، چۈشەكلەردىن قۇتۇلۇش نىيىتىدە، روماندىكى بەزى ئوبرازلارنى — باتۇق، نازاكەت خېنىم، مامۇت قۇرغۇي قاتارلىقلارنى جانلىق، ئېمسىياتلىق، ئۆزىگە خاس ئوي - پىكىرلىك ھەم كۆپ قىرلىق ئوبرازلار قىلىپ يېزىپ بېقىشقا تىرىشتىم. ئەلۋەتتە، بۇ مەندىكى بىر ئارزۇ ئىدى، ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئارزۇيۇمغا دېگەندەك يېتەلمىگەنلىكىم، ئەكسىچە، بەزى يەرلەردە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىم روشەنلەشتى. بۇمۇ خۇددى «يېڭى تۇغۇلغان موزاي يولۋاستىن قورقماپتۇ» دېگەندەكلا ئىش بولدى. بۇ ئەلۋەتتە، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەسەرلىرىمدە ئوبراز يارىتىشتا قوبۇل قىلىشقا ساۋاق بولۇپ قالىدۇ.

روماندىكى «چىلتەنلەر نامايىشى» بابى توغرىسىدا ئېيتقان پىكرىڭىزنىمۇ ئەستايىدىل ئويلاپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنى مەن يولداشلار بىلەن بىللە مۇنداق ئىككى نۇقتىدىن تەتقىق قىلىپ باقماقچى: بىرسى، ئاشۇ تارىخىي ھەم كونكرېت شارائىتتا قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ چىلتەنلەر پائالىيىتىگە ئارىلىششى ھەم ئۇنى تەشكىللىشى توغرىمۇ - ئەمەسمۇ؟ ئىككىنچىسى، قۇتلۇق ئەپەندىدەك ئەينى ۋاقىتنىڭ زىيالىيسى ھەم ئىنقىلابچىسىنىڭ ئاشۇنداق قويۇق دىنىي تۈس ئالغان دەرۋىشلەر پائالىيىتىگە قاتنىششى تارىخىي چىنلىققا ئۇيغۇن كېلەمدۇ - يوق؟

بۇنىڭغا ھازىر ئۆزۈممۇ ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. مېنىڭ ئاشۇ بابنى يازغان ۋاقىتتىكى چۈشەنچەم مۇنداق ئىدى: بىر تەرەپتىن، ئاشۇنداق مۇئەييەن بىر تارىخىي، كونكرېت شارائىتتا، قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ خەلق مەنپەئىتىنى ئويلاپ، ئۆز ئېتىقادىغا خىلاپ ئىش قىلىشقا جۈرئەت قىلغانلىقىنى كۆرسىتىش؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئەسەرنىڭ رەڭدارلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ھەر خىل قاتلام ۋە تەبەقىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇشىنى سۈرەتلەش.

ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ مەقسەتكە يېتىشتىكى ئۇسۇلۇمنىڭ مۇۋاپىق بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى قايتىدىن ئويلىشىپ بېقىشقا توغرا كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ.

تېيىپجان ئاكا، خېتىڭىز مېنى ئومۇمەن ھەممە جەھەتتىن چوڭقۇر ئويغا سالدى. رومانىنىڭ نەتىجىلىك چىققان يەرلىرى توغرىسىدا بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيىتىمدە ئۇنى قانداق

www.uyghurkitap.com

جاري قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ پىشادۇرۇشنى ئويلىسام، چولتا، يېتەرسىز يەرلىرى توغرىسىدا بۇلىمىدىن كېيىنكى ئىجادىيىتىمدە ئۇنى قانداق ساۋاق قىلىپ، خەلىققە تېخىمۇ پىشقان، شېرىن مېۋىلەرلى بېرىشنى ئويلىمىدىم. ھەر ئىككى ئويىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش ئەلۋەتتە ئاسان ئەمەس، بۇنىڭ ئۈچۈن، جاپالىق ئۆگىنىشكە، ئىزدىنىشكە، ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇستازلارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىققا تىرىشىمەن!

ئىشىنىمەنكى، قاتمۇ قات قىش - زىمىستاننى بېشىدىن كەچۈرۈپ، بۈگۈنكى ئىدالىق، ئازادە باھار قويىندا گۈللەپ يېتىلىۋاتقان ئەدەبىياتىمىز پېشقەدەم ئۇستازلار بىلەن ئۈزلۈكسىز يېتىشىپ زورىيىۋاتقان كېيىنكى شاگىرتلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى، ھەمكارلىقى ۋە بىر - بىرىگە بولغان كاتتا مەدەتكارلىقى بىلەن يېقىن كەلگۈسىدە دۇنياۋى شان - شۆھرەت قۇچقۇسى!

ئاخىرىدا تېنىڭىزگە ساقلىق، تۇرمۇشىڭىزغا خاتىرجەملىك، ئىجادىڭىزغا ئۇتۇق تىلەيمەن.

ھۆرمەت بىلەن قەلەمداش ئىنىڭىز:

ئەخەت تۇردى.

1988 - يىل، 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى.

---

(بېشى 145 - بەتتە)

پاقىدىكى تېلېۋىزىيە ئېكرانلىرىدا «ئاتىلار ۋە باللار» ناملىق چوڭ تېپتىكى كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى قايتا - قايتا كۆرسىتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، چوڭ-كىچىك شېئىردېكلاماتسىيە يىغىنلىرىدا ياشلار پۈتۈن دىققىتى بىلەن «بوسۇغا» ناملىق ئەسەرنى ئاڭلىشىۋاتقانلىقىنى ئەسكە ئالدىم. قورۇقتىن يىراقتا قارىغاندا، بوك باراقسان دەرەخلەر ئارىسىدىن يىراقتىكى پايانسىز ئالتۇن رەڭ ئېتىزلارنى كۆرگىلى بولاتتى، ئۇ يەردە، كۆك ئاسمان ئاستىدىكى ئىللىق قۇياش ئۆز نۇرىنى سېپىپ تۇرغان ئېتىزدا رۇس ئەۋلادلىرى ئۆز بەختىنى يارىتىش يولىدا تىرىشچانلىق بىلەن مېھنەت قىلماقتا... يىراقتىن ئۈچ ئاتلىق ھارۋىنىڭ زىل قوڭغۇراق ئاۋازى كېلىشكە باشلىدى... مەن بىردىنلا گوگولنىڭ «ئۆلۈك جانلار» رومانىدا تەسۋىرلەنگەن ئۈچ ئاتلىق ھارۋىنى ھەمدە ئۇنىڭ چوڭقۇر ھېسسىيات ۋە ئىشەنچكە تولغان «بۇ يەردىن قەھرىمان چىتىماسلىقى كېرەكمىدى؟» دېگەن سۆزىنى ئەسكە ئالدىم.

(جۇ شيە نىشىڭنىڭ «ئەدەبىيات - سەنئەت گېزىتى» نىڭ 1988 - يىللىق 7 - ماي سانىغا بېسىلغان شۇ ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى).

قادىر راخمان تەرجىمىسى.



# سوۋېت ئۇيغۇر شائىرلىرى شېئىرلىرىدىن

☆خىزمەت ئابدۇللىن☆

(1986 — 1925)

خىزمەت ئابدۇللىن ئالمۇتا ئوبلاستى ئەمگەكچى قازاق رايونىنىڭ بايانداي يېزىسىدا تۇغۇلغان.

ئۇ دەسلەپ ئالمۇتىدا چىقىدىغان «يېڭى هايات» ژۇرنىلىدا، «يازغۇچى» نەشرىياتىدا ۋە «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتىدە ئىشلىگەن، كېيىن قازاقىستان يازغۇچىلار سويۇزى ئۇيغۇر سېكسىيىسىنىڭ باشلىقى بولغان.

خىزمەت ئابدۇللىننىڭ ئىجادىيىتى، 50-يىللاردا شېئىرىيەت بىلەن باشلانغان. ئۇنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى ئومۇمىي توپلاملاردا ۋە «ئانايەت» ناملىق كىتابىدا ئېلان قىلىنغان. شۇنىڭدىن بېرى خ. ئابدۇللىن ئەدەبىياتنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئەسەرلەرنى ياراتتى. ئۇنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىندى.

«ياركەنت ناۋاسى» ۋە «لوتپۇللا» ناملىق دراملىرى ئۇيغۇر تىياتىر سەھنىسىدە ئوينىلىپ كەلمەكتە.

خ. ئابدۇللىن سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

### ئانا تىلىم

يىللار، ئەسىرلەر ئۆتىدۇ نۇرغۇن
ئانا قەددىنى كۆتۈرۈپ ئېگىز.
ئەزىزدۇر ماڭا ئەجدادىم — ئۇيغۇر،
ئانامنىڭ تىلى بولغاچقا ئەزىز.

ئانامنىڭ سۈتى بىلەن بىللىلا
قەلبىمگە خوش نەپ قويۇلغان ئاندىن.
ئىنتىلىپ شۇ ئانا تىلىمغا،
غالتەكنى تۇتۇپ مەن ماڭغاندىم.

جاھاننىڭ بارى،
سېھىرلىك سىرلار
ئانا تىلىمدا ئېچىلغان ماڭا.
بەختلىك كۈنلەر، شىددەتلىك يىللار
ئانا تىل بەردى بەھرى بۇ جانغا.

دۇنيادىكى بارچە تىللاردىن
ئانا تىلىمنى نۇرغۇن بىلىمەن.
شەرقتە مەشھۇر مىڭ-مىڭ يىللاردىن
ئانا تىلىم بىلەن مەغرۇرلىنىمەن.

## كۆرۈشۈش خۇشاللىقى

يۇرەك قېتىدىن چىققان ئاددىي سۆز
ئاڭلاشقا گۈزەل بولۇشى مۇمكىن.
پەقەت دىل بىلەن جىرىغان بۇ كۆز
دوستلارغا قاراپ تويمايدۇ بۈگۈن.
هەي، ئەزىز دوستۇم!
سەن بىلسەڭ ئىدىڭ،
سۆيگەن يۈرەكنىڭ ئىشقىنى ئۆلچەپ:
چەكسىز هاياجان ئىلكىدە قەلبىم
تەۋرىنىپ كەتتى بۇ كۈن بىر ئەجەپ.
بۈگۈن كۆردۈممەن ئاتا ماكانىنى،
باغرىمنى يېقىپ ئۇنىڭ يولىغا.
باغۇ-بوستانغا جىر قىلىپ جانىنى،
سۆيۈش ئەزىزكەن يەرنى ئوغلىغا.
بۈيۈك ئەجدادلار ئىزلىرىن كۆرۈش—
مىڭ ئۆي،
كارىزلار تەپتى باشقىكەن.
خەلق تارىخى،
ئەنئەنە،
تۇرمۇش
قەدىمىي يەر،
تام-سېپىل، تاشتېكەن!...

## دۇتار

دۇتار!
دىلغا ئىلتىجا ساز دۇنياسى،
ۋۇجۇدىدا ئەل تارىخى، مۇددىئاسى.
بارچە سازلار ئاڭا چەكسىز جىرىغان،
ئۇندا مەۋجۇت ئەرلەر دىتى-قىياسى.

دەريالارنىڭ شاۋقۇنى بار دۇتاردا،
بۇلبۇللارنىڭ شوق ئۈنى بار دۇتاردا؛
ئەمگەك بىلەن كۈرەشلەرنىڭ قامۇسى،
خەلقىمىزنىڭ جۇشقۇنى بار دۇتاردا.

مىڭ ئۆي بىلەن، مۇناربلار نەقىشى،
كارىز سۈيى، كارىزچىلار ناخشىسى،
دۇتارىمدا، مۇقاملاردا مۇجەسسەم،
سۆيگۈ-نەپرەت، كۈچ-جاسارەت—بارچىسى.

دۇردانىلەر دۇردانىسى دۇتاردۇر،
گۈلشەنلەرنىڭ گۈلدانىسى دۇتاردۇر.
ئەل-يۇرتۇڭغا كۆپ ئەسىردىن ئەڭگۈشتەر
كىلەچەكنىڭ يالدامىسى دۇتاردۇر.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر.

## ئېلىيا بەختىيا

(1932 — 1988)

ئېلىيا بەختىيا ئالمۇتا ئوبلاستى ئۇيغۇر رايونىغا قاراشلىق چوڭ ئاچىنوقا يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1957-يىلى قازاقستان ئاباي نامىدىكى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى تاماملاپ، كېيىن يەنە موسكۋادىكى ئىككى يىللىق ئالىي ئەدەبىيات كۇرسىدا ئوقۇغان. ئۇ، ئىنستىتۇتنى تۈگەتكەندىن، كېيىن، دەسلەپ ئوقۇتقۇچى بولغان، كېيىن «يازغۇچى» نەشرىياتىدا ۋە رادىئو-تېلېۋىزىيە كومىتېتىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن.

شائىر ئېلىيا بەختىيانىڭ تۇنجى شېئىرلار توپلىمى «دوستلارغا سوۋغا» 1955-يىلى نەشر قىلىنغانىدى. 1982-يىلى يەنە ئۇنىڭ تاللانغان شېئىرلار توپلىمى «ھايات داۋانلىرى» نەشر قىلىندى.

### تۇغۇلغان يەر توپىسىغا

مۇشۇ يەردە تۇغۇلدۇم مەن ھەم ئۆستۈم،
مۇشۇ يەردە دەسلەپ كۆردۈم يەر ئۈستىن.
مۇشۇ يەردە دوست قەدرىنى بىلىپ مەن،
مۇشۇ يەردە ئەمگەك سۆيۈپ، تەر تۆكتۈم.

دەسلەپ كۆردۈم مۇشۇ يەردە كۈن نۇرىن،
دەسلەپ تەردىم مۇشۇ يەرنىڭ گۈللىرىن.
مۇشۇ يەردە قەدرىن بىلىپ كەتمەننىڭ،
مۇشۇ يەردە تاۋلاندى ھەم قوللىرىم.

پۇتقا كىرگەن مۇشۇ يەرنىڭ تىكىنى،
كۆتۈردۈم مەن مۇشۇ يەرنىڭ يۈكىنى.
مۇھەببىتى قانات بولۇپ قەلبىمگە،
مۇشۇ يەردىن ئالدىم يۈرەك ئوتىنى.

كۈلكىنىمۇ مۇشۇ يەردىن بىلىمەن،
يىغىنىمۇ مۇشۇ يەردىن بىلىمەن.
ياخشى بولاي، يامان بولاي، ئەيتاۋۇر،
مۇشۇ يەرنىڭ مەنمۇ بىر تال گۈلىمەن.

ئاچچىقىنىمۇ مۇشۇ يەردىن بىلىمەن،
تاتلىقىنىمۇ مۇشۇ يەردىن بىلىمەن.
ھاياتىمغا ئالتۇن قوزۇق مۇشۇ يەر،
مەن شۇنىڭدىن تومۇر تارتىپ كېلىمەن.

1966-يىل.

### خەتلەر سىرى

مەن يازىمەن:
«تىنچلىقمۇ» دەپ يۇرتۇمغا.
ئۇلار يازار:
«تىنچلىقمۇ، — دەپ، — يۇرتۇڭدا؟»
بىر ئېغىز سۆز قايناپ چىققان يۈرەكتىن،
ئارمان بولۇپ ئاۋۇشىدۇ خېتىمدا.

مەن خۇشالمەن:
«تىنچلىق!» دېگەن خەت ئالسام،
ئۇلار خۇشال:
«تىنچلىق!» دېگەن خەت ئالسا.
ئادەملەرنى خۇشال قىلغان شۇ سۆزدە
قانداق ياخشى پۈتكۈل جاھان ئاتالسا.
1975 - يىل.

## ئۇيغۇرلارنى تونۇشتۇرۇش

يىغىپ يۈرگەن دۇنياسىنى تويغا دەپ
تۆكۈۋېتىدۇ —
«مېھمان كەلدى ئۆيگە!» دەپ.
دېسەڭ ئەگەر چۈشەنمەستىن:
«بۇ قانداق؟»
بىلىپ قويغىن، ئۇيغۇر دېگەن مۇشۇنداق،
ئۇيغۇرلارنىڭ قولى ئالتۇن، كۆڭلى گۈل،
باغ - باراقسان
ئۇلار تۇرغان دەشتى - چۆل.
دوستقا دېگەن مېھرى - ئوچۇق،
كۆڭلى ئاق،
بىلىپ قويغىن، ئۇيغۇر دېگەن مۇشۇنداق.

ئەتە - ئاخشام ئىشىكنى ئىلمايدۇ،
قۇلۇپ سالماس،
قىزغىنىشنى بىلمەيدۇ.
چۈشەنمەستىن دېسەڭ ئەگەر:
«بۇ قانداق؟»
بىلىپ قويغىن، ئۇيغۇر دېگەن مۇشۇنداق.

كۆچەت تىكىپ، سايە بولسۇن دەيدۇ ئۇ،
ئۇ سايىدا
ئۆزى ئولتۇرسا مەيلىغۇ؛
دوست - بۇرادەر كۆڭلى تويسا شۇ باغقا،
«مەن قاتارغا قوشۇلدۇم!» دەر شۇ ۋاقتا.

قايغۇ چۈشسە تەڭ بۆلۈشۈپ ئالىدۇ،
بىرسى كۈلسە،
ئۇنىنىڭ كۆڭلى قانىدۇ.
قېرىنداشتىن ئارتۇق كۆرۈپ قوشنىنى،
ئاتىسىدەك تىڭشايدۇ يار - دوستنى.
جاپادىنمۇ، خاپادىنمۇ قورقمايدۇ،
ئاغرىپ قالساڭ،
ئەڭ ئاۋۋال شۇ يوقلايدۇ.
دەردىڭ بولسا، ئالىدۇ ئۇ بۆلۈشۈپ،
شادلىق كۈنى
ئولتۇرىدۇ كۈلۈشۈپ.

ناخشا، سازسىز، مەشرەپسىز ئۇ يۈرمەيدۇ،
سەن كۈلمىسەڭ،
ئۇ ئېچىلىپ كۈلمەيدۇ.
سەن ئېگىلسەڭ، ئۇ سۇنىدۇ سەن ئۈچۈن،
ھە، سەن سۇنساڭ،
ئۇ ئۆلىدۇ سەن ئۈچۈن.

ئۇيغۇر دېگەن ياخشىلىققا يارالغان،
بىلىم - ئىلمى جاھانغىمۇ تارالغان.
ئوق ئورنىدا ھەمىشەم گۈل ئۈنسۇن دەپ،
ئەگەك قىلار،
«ئىنسان ئامان بولسۇن!» دەپ.
1975-يىل.

## ئېھتىمالىم، ھايات شۇنداق ئوخشايدۇ

ھايات — غەلۋىر، ھەممىمىزنى تاسقايدۇ،
بىرسى كۈلۈپ، بىرسى يىغلاپ قاقشايدۇ.
بەخت دېگەن كەلمەيدىكەن ئۆزىدىن،
ئېھتىمالىم، ھايات شۇنداق ئوخشايدۇ!

بەزلىرى بار ئويلىمايدۇ، ئۇخلايدۇ،
ياخشىلىقنى، يامانلىقنى ئۇقمايدۇ.
بىرلىرىنىڭ چېچىلا بار، ئەقلى يوق،
ئېھتىمالىم، ھايات شۇنداق ئوخشايدۇ!

ئەمدى بىرى ئەمگەك تەرىنى تۆكمەيدۇ،
ئەمما لېكىن سىزدىن ياخشى كۆكلەيدۇ.
ھەر بەندىدە بىردىن تالانت بار ئىكەن،
ئېھتىمالىم، ھايات شۇنداق ئوخشايدۇ!

بىرلىرى بار ئەجەلدىنمۇ قورقمايدۇ،
مەقسىتىگە يەتكەندىلا توختايدۇ.
بەش قول بىردەك يارالماپتۇ ئەسلىدە،
ئېھتىمالىم، ھايات شۇنداق ئوخشايدۇ.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: جاپپار ئەمەت.

www.uyghurkitap.com



# مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن

## تۇرگېنېۋنىڭ يۇرتىدا

موسكۋادىن 300 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايغا مەشھۇر رۇس شائىر، يازغۇچىلىرىنىڭ يۇرتى — ئورىيول ئورۇنلاشقان. بۇ يەردە مەشھۇر شائىر تيۇتچېۋ، فېت، بۇنىن ۋە مەشھۇر يازغۇچىلاردىن لېسكوۋ، پىسارېۋ، ئاندرېيېۋ قاتارلىقلار دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، روسىيەدىكى ئۈچ چوڭ ئەدەبىيات پىرىنىڭ بىرى بولغان تۇرگېنېۋمۇ مۇشۇ يەردە تۇغۇلغان.

ئۆتكەن يىلى 8-ئايدا، روسىيىنىڭ ئالتۇن كۈز پەسلىدە مەن بۇ زېمىننى مەخسۇس زىيارەت قىلىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولۇپ، تۇرگېنېۋ خاتىرە سارىيىنى زىيارەت قىلغان بىرىنچى جۇڭگولۇق دېگەن شەرەپكە ئېرىشتىم.

ئورىيول كوچىلىرى باراقسان دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان، دائىرىسى كىچىك بولسىمۇ، ئەمما پاكىزە، گۈزەل ھەم خىلۋەت بىر شەھەر ئىكەن.

تۇرگېنېۋ كوچىسى شەھەرنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە ئىكەن. بۇ كوچا بەك كەڭ بولمىسىمۇ، ئەمما ناھايىتى ئۇزۇن ئىكەن. كوچىنىڭ شىمالىدا ئىلگىرى تۇرگېنېۋنىڭ ئىككى قەۋەتلىك بىر بىناسى بولۇپ، 1818-يىلى 11-ئاينىڭ 4-كۈنى تۇرگېنېۋ مۇشۇ ئۆيدە دۇنياغا كۆز ئاچقانىكەن. بۇ بىنا 1840-يىلى ئوت ئاپىتىدە كۆيۈپ كېتىپتۇ. ھازىر بۇ جايغا ئېگىز بىر بىنا سېلىنىپتۇ. ئۇ، شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسى ئىكەن.

تۇرگېنېۋ كوچىسىدىن غەربكە قاراپ ماڭسا، «دىۋورىيانلار ئائىلىسى» باغچىسىغا بارغىلى بولىدىكەن. بۇ ئىنتايىن گۈزەل، خىلۋەت بىر جاي ئىكەن. تاغ باغرىدا ناھايىتى ئۇزۇن، ئەمما سەل ئەگرى-بۈگرى كەلگەن بىر كۆل بولۇپ، ئەينەكتەك پارقىراپ تۇرىدىكەن، ئۇنىڭ قىرغاقلىرىدا ئاسمان-پەلەك بوي تارتقان فىنكوس دەرەخلىرى بولۇپ، يىراقتىكى ئورمان ئىچىدىن بىر ئاق شىپاگىنىڭ چوققىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن.

مەن كۆل بويىدىكى كىچىك يولدا سەيلى قىلىۋاتقىنىمدا، كۆز ئالدىمدىكى مەنزىرىلەر «دىۋورىيانلار ئائىلىسى»دىكى باش قەھرىماننىڭ تەقدىرىنى ئېسىمگە سالدى،

كۆل بويىدا جۈپ - جۈپ ئولتۇرۇشقان قىز - يىگىتلەرنىڭ بەزىلىرى شاد - خۇراملىق بىلەن كۈلۈشسە، بەزىلىرى باشلىرىنى بىر يەرگە قىلىپ پىچىرلىشاتتى. ئۇلار بەختلىك ئىدى، ئۇلار ئەمدى ھەرگىزمۇ ئىزا ۋە راپاسكىلاردەك پاجىئەلەرگە ئۇچرىمايدۇ.

تۇرگىنيېۋنىڭ ئاق شىپاڭغا يېقىن جايدىكى يېرىم ھەيكىلىنى 1903 - يىلى ئورىيولدىكى خەلق سەنئەت ھەۋەسكارلىرى تەشكىلاتى مەبلەغ توپلاپ ياساتقانىكەن. تۇرگىنيېۋنىڭ يەنە بىر ھەيكىلى ئورىيول شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى شەھەر بويىچە ئەڭ ئېگىز بولغان تاغ باغرىغا ئورنىتىلىپتۇ. بۇ ھەيكەل تۇرگىنيېۋ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 150 يىللىقىغا ئاتاپ 1968 - يىلى ياسالغانىكەن. تاغ تۈۋىدىكى ئوكا دەرياسى خۇددى پارقىراپ تۇرغان يىپەك لېنتىدەك شەھەرنى ئايلىنىپ ئېقىپ ئۆتەتتى. ھەيكەلنىڭ ئەتراپى پۈتۈنلەي رەڭگا رەڭ گۈللەر، چۆپلاۋكىلار ۋە باراقسان دەرەخلەر بىلەن ئورالغانىدى. ھەيكەل يېنىدا بىرمۇنچە تاش ئورۇندۇقلار بولۇپ، ئۇ يەردە بىر قانچە بوۋاي پاراڭلىشىۋاتاتتى، چوكانلار بوۋاقلار سېلىنغان ھارۋىلارنى ئىتتىرىشىپ، بۈك - باراقسان دەرەخلەر ئارىسىدىكى يولدا سەيلە قىلىشاتتى...

تۇرگىنيېۋ خاتىرە سارىيى تۇرگىنيېۋ كوچىسىغا جايلاشقان. ئۇزۇن سوزۇلغان سارغۇچ قورۇق تام، ھويلىدىكى ئېگىز دەرەخلەر، دەرۋازىدىكى ئېگىز، يۇمىلاق تۈۋرۈكلەر كىشىگە تىنچلىق، گۈزەللىك تۇيغۇسى بېرەتتى. تۇرگىنيېۋ خاتىرە سارىيى تۇرگىنيېۋ تۇغۇلغانلىقىغا 100 يىل تولغان 1918 - يىلى سېلىنغان. ئۇ چاغدا ئىنقىلاب تېخى ئەمدىلا غەلىبە قىلغان، دۆلەت ھەرقايسى تەرەپلەردىن ئىنتايىن قىيىنچىلىق ئىچىدە تۇراتتى، ئەمما سوۋېت ھۆكۈمىتى كۆپ مەبلەغ ئاجرىتىپ، بۇ خاتىرە سارايىنى سالغان، بۇ ساراي ھەر يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەرقايسى جايلىرى ۋە دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەردىن كەلگەن مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئېكسكۇرسەيىچىلەرنى كۈتۈۋالغان.

خاتىرە سارايىنىڭ مەسئۇلى بالكوۋا مېنى باشلاپ سارايىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى ھەمدە مەن سورىغان ھەربىر سوئالغا ئەستايىدىللىق بىلەن جاۋاب بەردى. خاتىرە سارايىنىڭ كۆرگەزمە بۆلۈمىگە قويۇلغان نۇرغۇنلىغان قول يازمىلار ۋە فوتو سۈرەتلەرنى مەن ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. مەن بىر قول يازما ئالدىدا خېلى ئۇزۇنغىچە تۇرۇپ قالدىم. بۇ مەشھۇر نەسرىي شېئىر — «رۇس تىلى»نىڭ قول يازما ئورىگىنالى بولۇپ، ئۇنىڭ ھەربىر قۇرىدىن جۇشقۇنلۇق ۋە جاسارەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. بالكوۋا ئەينەك ئىشكاپتىن كۆك تاشلىق بىر كىتابنى ئېلىپ ماڭا ئۇزاتتى. بۇ، 1960 - يىلى تۈزۈپ نەشر قىلىنغان ماقالىلار توپلىمى ئىدى. بالكوۋا كىتابتىكى بىر بەتنى ئېچىپ ماڭا كۆرسەتتى، قارىسام ئۇ، باجىنىڭ «تۇرگىنيېۋ ئىجادىيىتى جۇڭگودا» ناملىق ماقالىسى ئىكەن. ماقالىنىڭ بېشىغا بۇ ماقالىنىڭ باجىنىڭ تۇرگىنيېۋ خاتىرە سارىيىغا ئەۋەتكەن قول يازما ئورىگىنالىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقى ھەمدە 1958 - يىلى 10- ئاينىڭ 8 - كۈنى خاتىرە سارايدا ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي يىغىندا ئوقۇپ ئۆتۈلگەنلىكى توغرىسىدا ئۇزۇن تەھرىر ئىلاۋىسى بېرىلگەنىدى. تەھرىر ئىلاۋىسىدە يەنە ئۆز ۋاق-

www.uyghurkitap.com


تىمدا «ئۇرىيول ھەقىقەت گېزىتى» بۇ ھەقتە مەخسۇس خەۋەر بەرگەنلىكى يېزىلغانىدى. مەن بالكوۋاغا: «باجىن جۇڭگودىكى ئەڭ شۆھرەت قازانغان يازغۇچىلارنىڭ بىرى، ئۇ ئۆز ئىجادىيىتىدە تۇرگېنېۋنىڭ تەسىرىگە ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۇچرىغان. جۇڭگودىكى كۆپلىگەن ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرى تۇرگېنېۋنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. جۇڭگو كىتابخانلىرى، بولۇپمۇ ياش كىتابخانلار تۇرگېنېۋنىڭ ئەسەرلىرىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ» دېدىم. مەن يەنە ئۇنىڭغا: «ئازادلىقتىن بۇرۇنلا تۇرگېنېۋ ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان، ئۇلارنىڭ تەرجىمانلىرى ئاساسەن مەشھۇر يازغۇچىلار. ئەمما ئۇ ئەسەرلەرنىڭ كۆپى ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلىنغان. ‹ئاتىلار ۋە بالىلار›، ‹بوز يەر›، ‹نەسرىي شېئىر›لارنى باجىن تەرجىمە قىلغان» دېدىم.

— «رۇدىن»، «دىۋوريانلار ئائىلىسى»نى كىم تەرجىمە قىلغان؟ — دېدى بالكوۋا ناھايىتى قىزىقىش بىلەن. مەن:

— «رۇدىن» ۋە «تاماكا» ناملىق ئەسەرلەرنى لۇلى تەرجىمە قىلغان. «دىۋوريانلار ئائىلىسى» ۋە «ھارپا»نى لى نى تەرجىمە قىلغان. ئاڭلىشىمچە، لى نىنىڭ شەخسىي تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرى راپىلىسكىنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىكەن، شۇڭا «دىۋوريانلار ئائىلىسى»نىڭ تەرجىمىسى ناھايىتى ياخشى چىققان، — دېدىم.

بالكوۋا يەنە:

— تىياتىرلارنى كىم تەرجىمە قىلغانلىقىنى بىلەمسىز؟ يېقىندا نيۇ-يورك ۋە ۋارشاۋا سەھنىلىرىدە تۇرگېنېۋ تىياتىرلىرى ئوينالدى، — دېدى.

— تىياتىرلارنى لى جيەنۋۇ ئەپەندى تەرجىمە قىلغان، ئۇ ئېلىمىزدىكى مەشھۇر يازغۇچى، ئالىم ۋە تەرجىمىشۇناس، — دېدىم مەن.

بالكوۋانىڭ قىزىقىشى تېخى بېسىلمىغانىدى. شۇڭلاشقا ئۇ سوئال سوراشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى.

— شېئىرلارنى كىم تەرجىمە قىلغان؟ بۇنى بىلىسىزغۇ دەيمەن؟ ئىۋان سېرگېيېۋىچ يەنە تېخى كۆزگە كۆرۈنگەن شائىر، — دېدى ئۇ.

مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ يېقىندا بىر دوستۇم بىلەن بىللە تۇرگېنېۋنىڭ تۆت پارچە داستانى ۋە لىرىك شېئىرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ پۈتتۈرگەنلىكىمنى، ئۇنىڭ پات ئارىدا نەشىردىن چىقىدىغانلىقىنى ئېيتتىم. بالكوۋا قولۇمنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ:

— سىزگە ۋە دوستىڭىزغا رەھمەت! كىتاب نەشىردىن چىققاندا بىزگە چوقۇم ئەۋەتىپ بېرىڭ! — دېدى. بىز خاتىرە سارايىنىڭ ئىلمىي دوكلات زالىغا كىردۇق. زالنىڭ تۆت تېمىنىڭ ھەممىسىگە رەسىملەر ۋە ئۈزۈندىلەر چاپلانغانىدى. كۆزۈم ئەڭ ئاخىرقى بىر سۆزگە چۈشتى.

«گەرچە يازغۇچى بۇ چىنلىقنى زادىلا ياقتۇرمىسىمۇ، ئەمما چىنلىق ۋە ھەقىقىي ئەھۋالنى توغرا ھەم كۈچلۈك ھالدا ئىپادىلەپ بېرىشلا يازغۇچىنىڭ ئەڭ ئالىي

بەختىدۇر» دېگەن بۇ سۆزلەر ماڭا ئىنتايىن تونۇشلۇق ئىدى. مەن بۇ دەل ئىۋان سېرگېيېۋىچنىڭ ئۇلۇغلۇقى، دەپ ئويلىدىم.

خاتىرە سارايىدىن ئايرىلىدىغان چاغدا بالكوۋا ماڭا خاتىرە قالدۇرۇش دەپتىرىگە جەزمەن ئازراق بىر نەرسە يېزىپ قالدۇرۇپ كېتىشىڭ، دەپ تۇرۇۋالدى. مەن باجىنىڭ ماقالىسىدىكى:

«جۇڭگو كىتابخانىلىرى تۇرگېنېۋنى قىزغىن سۆيىدۇ» دېگەن جۈملىسىنى ئېسىمگە ئېلىپ، خاتىرە قالدۇرۇش دەپتىرىگە ئۇنى رۇسچە يېزىپ قالدۇردۇم.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە يولداش بىردىيېۋا مېنى سىپاسكىغا باشلاپ ماڭدى، ئورېيولدىن 65 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بۇ يەرگە تۇرگېنېۋنىڭ تۇرۇقى جايلاشقانىدى. تۇرگېنېۋنىڭ قورۇقىنى ئورېيول شەھەرىنىڭ ھۆكۈمەت 1921 - يىلى لېنىن ئىمزا قويغان بىر ھۆججەتكە ئاساسەن ياسىغانىدى. ئۇ ياسنايا پولياناداكى تولستوي قورۇقىدىن سەل كىچىكرەك بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە ئىدى. خۇددى تۇرگېنېۋ ئەسەرلىرى تولستوي ئەسەرلىرىدەك زور ھەجىملىك بولمىسىمۇ، ئەمما ئىنتايىن نەپىس، ئېسىل ئەسەرلەر بولغىنىدەك، تۇرگېنېۋنىڭ قورۇقىمۇ كىچىكرەك، ئەمما ناھايىتى كۆركەم ئىدى. قورۇقنىڭ دەرۋازىسى تاملىرى سارغۇچ رەڭلىك بىر كىچىك چېركاۋدىن ئىبارەت ئىدى. سائەت مۇنارىنىڭ چوققىسى قورۇدىكى چوڭ دۆپ دەرەخلىرىدىنمۇ ئېگىز ئىدى. ئىككى تەرىپى باراقسان دەرەخلەر بىلەن ئورالغان بىر يول قورۇقتىكى ئىككى قەۋەتلىك بىناغا تۇتىشاتتى. بىنانىڭ ئۆلى ۋە سېمونت رىشاتكىلىرى ئاق رەڭلىك، بىنانىڭ تىك تاملىرى سۈس ھاۋا رەڭلىك، ئۆگزىدىكى كاھىشلار سۈس يېشىل رەڭلىك بولۇپ، بىنا پۈتۈنلەي دەرەخلەر بىلەن پۈركەلگەنىدى. قىسقىسى، بۇ قورۇق بەكمۇ كۆركەم ئىدى.

تۇرگېنېۋنىڭ بالىلىق دەۋرى مۇشۇ يەردە ئۆتكەنىدى. ئۇ 10 يېشىدىن 23 يېشىغىچە موسكۋا، پېتربورگ ۋە بېرلىنلارغا بېرىپ ئوقۇغان، پەقەت بەزى يىللىرى تەتىلدە بۇ يەرگە كېلىپ تۇرغان. 1842 - يىلدىن 1851 - يىلغىچە ئۇنىڭ كۆپ ۋاقتى سىپاسكىيدا ئۆتكەن. ئۇ ئوۋچىلىق قىلىپ يۈرۈپ، يۇرتىنىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ - پۇچقىقىنى ئارىلاپ چىققان ھەمدە دېھقانلار بىلەن داۋاملىق ئۇچراشقان، شۇ ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ قايغۇ ھەم شادلىقىنى چۈشەنگەن. ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى تونۇپ يەتكەن ۋە ئۇنى مەدھىيىلىگەن، شۇنداقلا ئۇنىڭدا يەنە گۈزەل تەبىئەتكە بولغان مۇھەببەت ۋە ئېستېتىك قاراش كۈچەيگەن. ئۇنىڭ دېموكراتىك ئىدىيىسى ۋە ئىنسانپەرۋەرلىكى مۇشۇ مەزگىلدىكى كەچۈرمىشلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئۇنىڭ داڭ قازانغان ئەسىرى «ئوۋچى خاتىرىلىرى» مانا مۇشۇ مەزگىلدە يېزىلغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا ئۇ گەرچە ئۇزۇن مۇددەتكىچە چەت ئەلدە تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ھەر يىلى دېگۈدەك يازدا ياكى كۈزدە سىپاسكىيغا قايتىپ كېلىپ ئەسەر يازغان. بىنا ئىشىكىنىڭ يېنىدا مەن بىر جەدۋەلنى كۆردۈم، ئۇنىڭدا تۇرگېنېۋنىڭ ھەرقايسى يىللاردا سىپاسكىيغا قايتىپ كەلگەن ۋاقتى ۋە

ئىجادىيەت ئەھۋالى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى، «ئوۋچى خاتىرىلىرى»، بىر قىسىم ھېكايىلىرى ۋە نەسرىي شېئىرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆز يۇرتىدا يېزىلغان. مەن تۇرگېنېۋنىڭ «پەقەت رۇس يېزىلىرىدا ئەڭ ياخشى ئەسەر يازغىلى بولىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئېسىمگە ئالدىم. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ چىن يۈرەك قېتىدىن چىققان سۆزلەر ئىدى.

مەن تۇرگېنېۋنىڭ خۇسۇسىي كۇتۇپخانىسىدا ئۇنىڭ كىتابلىرىنى تەپسىلىي كۆزدىن كەچۈردۈم. بۇ كۇتۇپخانىدا قەدىمىي رۇس تىياتىر ئەسەرلىرى، تۇرگېنېۋ تەرىپىدىن «يېرىم خۇدا» دەپ تونۇلغان پۇشكىننىڭ شېئىر توپلاملىرى، ئۇ چوڭقۇر ھۆرمەتلەيدىغان بېلىنىسكىينىڭ ماقالىلىرى بېسىلغان «زامانداشلار» ژۇرنىلى، ھومېر، شېكىسپىر، گيۇتې، دېككىنس ئەسەرلىرىنىڭ ھەر خىل تىللاردىكى نۇسخىلىرى بار ئىدى. بۇ كىتابلارنىڭ بەزىلىرى ئۇ ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدا ئوقۇغان كىتابلار، بەزىلىرى ئۇ كېيىنكى يىللاردا چەت ئەلدىن ئېلىپ كەلگەن كىتابلار ئىدى. مەن ئىشكاپقا قويۇلغان گېگېل ئەسەرلىرىگە ئالاھىدە دىققەت قىلدىم، ئېچىپ قويۇلغان بىر بەتتە تۇرگېنېۋنىڭ ئەينى يىللاردا كىتاب بېتىنىڭ ئەتراپىغا يېزىپ قويغان باھالىرى ۋە ئىزاھلىرى تۇراتتى. تۇرگېنېۋ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بېرلىنغا بېرىپ گېگېلنى مەخسۇس تەتقىق قىلغان، ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بېلىنىسكى بىلەن پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى داۋاملىق ئالماشتۇرغان، بېلىنىسكى ئۇنىڭ چوڭقۇر بىلىمى ۋە ئۆتكۈرلۈكىگە ھەيران قالغانىدى. ئۇنىڭ شائىرلارغا خاس قىزغىنلىقى ۋە پەيلاسوپلارغا خاس ئۆتكۈرلۈكى بىر - بىرىگە ئاجايىپ چوڭقۇر سىڭىشىپ كەتكەن، مانا بۇ ئۇنىڭ كىشىنى ئەڭ جەلب قىلىدىغان بىر تەرىپى ئىدى.

بىز بىنادىن چىقىپ بىر توپ چوڭ دەرەخنىڭ يېنىغا كەلدۇق. ئەتراپى رىشاتكا بىلەن قورشالغان، ناھايىتى چوڭ، باراقسان بۇ دەرەخنىڭ ئېگىزلىكى 20 - 30 مېتىرچە كېلەتتى. يول باشلىغۇچى ماڭا: «بۇ تۇرگېنېۋ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان دۇب دەرىخى» دېدى. بۇ دەرەخنىڭ بىنا بولغىنىغا ھازىر 200 يىلچە بولۇپ قالغان. تۇرگېنېۋ بالىلىق دەۋرىدە ھەمىشە مۇشۇ دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئوينىغان. ئۇ «فائۇست» ناملىق پوۋېستىدا بۇ دەرەخنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن: «مېنىڭ كىچىك دۇبۇم ھازىر چوڭىيىپ قىران دۇب بولۇپ قالدى، تونۇگۈن مەن ئۇنىڭ سايىسى ئاستىدىكى ئورۇندۇقتا بىر سائەتتىن كۆپرەك ئولتۇردۇم، كۆڭلۈم بەك خۇش بولۇپ كەتتى.» كېيىن ئۇ چەت ئەلدە تۇرغاندىمۇ ھەمىشە بۇ دەرەخنى ئېسىدىن چىقارمىغان. ئۇ، تۇرگېنېۋنىڭ نەزىرىدە دەرەخ ئەمەس، بەلكى ۋەتەن ۋە يۇرتىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان. ئۇ ۋاپات بولۇشتىن سەل ئىلگىرى چەت ئەلدە كېسەل كارىۋىتىدا يېتىپ پولونسكىغا يازغان خېتىدە: «سىپاسكىيغا بارغان چېغىڭىزدا مېنىڭ ئورنىمدا ئۆيۈم، گۈللۈكۈم، ياش دۇبۇمغا سالام ئېيتىپ قويۇشىڭىزنى، يۇرتۇمغا سالام ئېيتىپ قويۇشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن، ئېھتىمال، مەن ئۇلارنى مەڭگۈ كۆرەلمەسلىكىم مۇمكىن» دېگەن. مەن قېرى دۇب دەرىخىنىڭ يېنىغا ئورنىتىلغان بىر ياغاچ تاختىدىكى ئاشۇ سۆزلەرنى

كۆرۈپ، يازغۇچىنىڭ چوڭقۇر ۋەتەنپەرۋەرلىكىدىن يەنە بىر قېتىم قاتتىق تەسىرلەندىم.

بىز ئېكسكۇرسىيىچىلەر توپىغا ئەگىشىپ قورۇقنىڭ چېتىگە كەلدۇق، بۇ يەردە تاملىرى ئاق بىر خىش ئۆي بار ئىدى، دېرىزە رامكىسىنىڭ سىرلىرىنىڭ كۆپى چۈشۈپ كەتكەن بۇ ئۆيگە تۇرگېنېۋ چارپادىشاھ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن نەزەربەنت قىلىپ قويۇلغانىدى. بۇ 1852 - يىلى 4 - ئاي مەزگىلى بولۇپ، ئۇ چاغدا تۇرگېنېۋ چارپادىشاھ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغانىدى. قولغا ئېلىنىشىنىڭ باھانىسى تۇرگېنېۋنىڭ گوگولغا تەزىيە بىلدۈرۈپ بىر پارچە ماقالا ئېلان قىلغانلىقى بولسا، ھەقىقىي سەۋەبى ئۇنىڭ كىرىپوستنويلۇق تۈزۈمگە بولغان قاتتىق قارشىلىقىنى ئىپادىلەيدىغان «ئوۋچى خاتىرىلىرى» ناملىق ئەسىرىنىڭ نەشر قىلىنىشى ئىدى. چارپادىشاھ ھۆكۈمىتى ئۇنى پېتېرگرادتا بىر ئاي قاماپ قويغاندىن كېيىن، ئۆز يۇرتىغا سۈرگۈن قىلىپ، ئۇ يەردىكى ساقچىلارنىڭ نازارەت قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن تۇرگېنېۋ مۇشۇ ئۆيدە بىر يېرىم يىللىق سۈرگۈنلۈك ھاياتىنى باشتىن كەچۈرگەن. دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت- لەر ئىچىدە، ئېھتىمال، روسىيە يازغۇچىلىرىنىڭ تەقدىرى ئەڭ پاجىئەلىك بولسا كېرەك. كىرىپوستنويلۇق تۈزۈمنىڭ ئېغىر بويۇنتۇرۇقى پەقەت ئون مىليونلىغان كىرىپوستنويلارنىڭ گەجگىسىنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە روسىيىدىكى ئىلغار يازغۇچىلار- نىڭ بېشىنىمۇ بېسىپ تۇراتتى. كىرولىنكوۋنىڭ روسىيە يازغۇچىلىرىنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئېيتقان مۇنداق بىر جۈملە سۆزى ئېسىمدە: «بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئىنتايىن ئازساندىكى كىشىلەرلا قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تۇرۇپ، مەن تۈرمىدە ئېغىر ئەمگەككە سېلىنمىغان، سۈرگۈن قىلىنمىغان، ئاشكارا ھالدا ياكى يېرىم ئاشكارا ھالدا نازارەت ئاستىغا ئېلىنمىغان... دېيەلەيدۇ». تۇرگېنېۋ گەرچە ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئادىل، ئاق كۆڭۈل قەلبىدە ھەر قاچان جاپاكەش خەلقلەرگە بولغان ھېسداشلىق ۋە تەڭسىز تۈزۈمگە بولغان غەزەپ - نەپرەت قايناپ تاشقان. شۇڭلاشقا ئۇ ئوخشاشلا مۇستەبىت تۈزۈمنىڭ زىيانكەشلىكىدىن خالىي بولال- مىغان. مەن ئېكسكۇرسىيىچىلەر ئىچىدىكى نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ باش كىيىملى- رىنى قولىغا ئېلىپ، بۇ ئاق ئۆيگە ئېگىلىپ سالام بەرگەنلىكىنى كۆردۈم. بۇ چاغدا مېنىڭ كۆز ئالدىمدا بىردىنلا مۇنداق بىر مەنزىرە پەيدا بولغاندەك بولدى: بىر كىچىك پويىز ئىستانسىسىدا كىيىملىرى جۇل - جۇل كىرىپوستنويلار يىرتىلىپ كەتكەن كونا كىگىز قالپاقلىرىنى قولىغا ئېلىپ، «ئوۋچى خاتىرىلىرى»نىڭ ئاپتورىنى ئارىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا چوڭقۇر ئىززەت - ئىكرام بىلدۈرۈشمەكتە ئىدى.

مەن قورۇقتىكى دەرەخلىك يولدا كېتىۋېتىپ، ئەتراپتىكى تۇرگېنېۋقا ھەمراھ بولۇپ ئۆتكەن ھەربىر دەرەخ، ھەربىر گىياھقا قارىدىم، تۇرگېنېۋ ئاڭلىغان قۇش- لارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم ۋە ئىختىيارسىز ھالدا موسكۋا تىياتىر سەھنىلىرىدە «ھارپا» يىل بويى ئۈزۈلمەي ئوينىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، پۈتۈن سوۋېت ئىتتى-

(داۋامى 135 - بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



ئېرنېست ھېمىڭۋاي

# ئالەمدىكى نۇر ①

(ھېكايە)

ئىشىكتىن كىرىشىمىزگە مەيپۇرۇش بىزگە لەپپىدە بىر قاراپ، ئىككى ھېجىردىكى ھەقسىز زاكوسكىنى② ئەينەك ياپقۇچ بىلەن يېپىپ قويدى.

— ماڭا بىر ئىستاكان پىۋا كەلتۈرۈڭ، — دېدىم مەن.

ئۇ بىر ئىستاكان پىۋا قۇيدى، لېكىن ئىستاكاننىڭ ئاغزىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان كۆپۈكنى قىرغۇچ بىلەن قىرىۋېتىپ، ئىستاكاننى تۇتقىنىچە تۇرۇۋەردى. مەن پىۋا تۈگمىنىڭ ئۈستىگە بەش سېنتلىق نىكېل پۇلنى قويغىنىمدىن كېيىنلا، ئۇ پىۋىنى ماڭا سۈنۈپ بەردى.

— سىز نېمە ئىچىسىز؟ — سورىدى ئۇ تومدىن.

— پىۋا.

ئۇ بىر ئىستاكان پىۋا قۇيۇپ، كۆپۈكىنى قىرىۋەتتى-دە، پۇلنى كۆرگەندىن كېيىن، پىۋىنى ئاندىن تومنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى.

— نېمە بولدىڭىز؟ — سورىدى توم.

مەيپۇرۇش ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدى، بەلكى بىزنىڭ باش ئۈستىمىزدىن يېڭىلا كىرگەن بىرسىگە قاراپ:

— سىز نېمە ئىچىسىز؟ — دېدى ۋارقىراپ.

— قارا بۇغداي ھارىقى، — دېدى ھېلىقى ئادەم، مەيپۇرۇش ھېلىقى ئادەمگە بىر بوتۇلكىدا ھاراق، قەدەھ ھەم بىر ئىستاكان سۇ كەلتۈردى.

توم ھەقسىز زاكوسكىنىڭ ئۈستىگە يېپىقلىق ئەينەك ياپقۇچنى ئاچتى. ئىككى ھېجىرنىڭ بىرىدە تۇزلانغان پاچاق بار ئىكەن، قاچىدا يەنە خېرىدارلارنىڭ گۆشنى سانجىپ ئېلىشى ئۈچۈن، شەكلى قايچىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ياغاچ ئارا بار ئىدى.

— بولمايدۇ، — دېدى مەيپۇرۇش ۋە ھېجىرلارنى ئەينەك ياپقۇچ بىلەن يەنە يېپىپ قويدى. ياغاچ ئارا تومنىڭ قو-

① بۇ سۆز «ئىنجىل»نىڭ يۇھاننا ئىنجىل تەسمىدىكى ۋ-پارە ى-سۈرىدىن ئېلىنغان: ئەيسا دېدىكى «مەن ئالەمدە چېغىمدا، ئالەمدىكى نۇردۇرمەن». بۇنىڭ مەنىسى: بۇ دۇنيا گۇناھقا پاتقان، زۇلمەتكە چۆمگەن. ئەيسا ئىنسانلارغا بەخت ئاتا قىلغۇچى، زۇلمەتنى يورۇتقۇچىدۇر، دېگەندىن ئىبارەت.

② غەرب ئەللىرىدىكى قاۋاقخانىلاردا 30-، 40-يىللاردا خېرىدارلارنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن، ھەقسىز زاكوسكا قويۇپ قويۇلاتتى. — ت.

لىدا قېلىۋىدى، مەيپۇرۇش ئۇنىڭغا «قويۇپ قويۇڭ» دېدى.

— ئارتۇق گەپنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى توم.

مەيپۇرۇش پۇكەينىڭ ئاستىدىن بىر قولىنى سۇنغىنىچە بىزگە چەكچىيىپ قاراپ تۇراتتى. مەن پىۋا تۇڭىنىڭ ئۈستىگە ئەللىك سېنت پۇلنى قويغىنىدىن كېيىن، ئۇ ئاندىن قەددىنى رۇسلىدى.

— نېمە ئىچىسىز؟ — سوردى ئۇ.

— پىۋا، — دېدىم مەن. ئۇ ئاۋۋال ئىككى ھېجىرنىڭ ئۈستىدىكى ياپقۇچىنى ئېلىۋېتىپ، ئاندىن پىۋا قۇيدى.

— دۆكىنىڭلاردىكى بۇ پاچاقلار پۇراپ قاپتۇ، — دېدى توم ئاغزىدىكى زاكوسكىنىڭ ھەممىسىنى يەرگە تۈكۈرۈۋېتىپ. مەيپۇرۇش گەپ قىلمىدى. قارا بۇغداي ھارىقى ئىچكەن ھېلىقى ئادەم ھاراقنىڭ پۇلىنى تۆلىۋېتىپ، كەينىگە قاراپمۇ قويماي چىقىپ كەتتى.

— سېسىق دېگەن سىلەر، سەن ئالدىقاناتلارنىڭ ھەممىسى سېسىق بىر نېمىلەر، — دېدى مەيپۇرۇش.

— ئۇ بىزنى ئالقانات دەۋاتىدۇ، — دېدى توم ماڭا.

— ماڭا قارا، بىز بۇ يەردىن كېتەيلى، — دېدىم مەن.

— ھەي، ئالىقاناتلار، بۇ يەردىن چاققان كېتىش! — دېدى مەيپۇرۇش.

— بىز بۇ يەردىن «سەن كەت» دېگەچكە كېتىۋاتقىنىمىز يوق جۇمۇ، ئۆزىمىز كېتەلى دەپ كېتىۋاتىمىز، — دېدىم مەن.

— بىز يەنە كېلىمىز تېخى، — دېدى توم.

— ياخشىسى، كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولۇشما، — دېدى مەيپۇرۇش ئۇنىڭغا.

— ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويىملى، خاتالىقىنى چۈشىنىپ قالسۇن... — دېدى توم كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭا قاراپ.

— ماڭە، — دېدىم مەن.

تالا قاپقاراڭغۇ ئىدى.

— بۇ قەيەر؟ — توم سورىدى.

— بىلەلمىدىم، بىز پويىز ئىستانسىسىغا بارايلى، — دېدىم مەن.

بىز شەھەرنىڭ بۇ تەرىپىدىن كىرىپ، ئۇ تەرىپىدىن چىقتۇق. تېرە بىلەن ئېچىتقۇنىڭ پۇرىقى شەھەرنى بىر ئالغانىدى. ئۇ يەر بۇ يەردە ھەرە كېپىكى دۆۋىلىنىپ ياتاتتى. بىز شەھەرگە كىرگىنىمىزدە تېخى يېڭىلا گۇگۇم چۈشكەنىدى، مانا ئەمدى ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، ھاۋا سوۋۇپ كەتتى. يوللاردا ئازگاللارغا يىغىلىپ قالغان سۇلار مۇز تۇتۇشقا باشلىدى.

ۋوگزالدا بەش پاھىشە ئايال بىلەن ئالتە ئاق تەنلىك، تۆت ئىندىيان پويىزنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشقانىكەن. تارغىنا ۋوگزالنىڭ ئىچى ئىس، ھەر خىل پۇراقلار بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ، مەشتە بولسا ئوت ئۇلۇق كۆيۈۋېتىپتۇ، بېلەت سېتىلىدىغان خانىنىڭ دېرىزىسى ئېتىك تۇرىدۇ.

— ئېشىكنى ياپساڭ بولمامدۇ؟ — دېدى بىرسى.

مەن گەپ قىلغان ئادەمگە قارىدىم، ئۇ ئاق تەنلىك ئىكەن. ئۇمۇ باشقا بىر نەچچىيلەنگە ئوخشاش ئۇچىسىغا چاقماق گۈللۈك كۆڭلەك، قىسقا كېلىپ قالغان شالۋۇر، پۇتىغا ياغاچ كەسكۈچىلەر كىيىدىغان رەزىنكە ئۆتۈك كىيىۋالغانىدى، بېشى يالاڭباشتاق ئىدى، تولىمۇ ياداڭغۇ

كەلگەن بۇ ئادەمنىڭ يۈزىمۇ، قوللىرىمۇ تاتىراڭغۇ ئىدى.

— زادى ياپامسەن - يوق؟

— ياپاي، ياپاي، — دېدىم مەن ئىشىكنى يېپىۋېتىپ.

— ئاۋارە قىلىپ قويدۇم، — دېدى ئۇ. يېنىدىكى بىرەيلەن پىخىلداپ كۈلدى.

— ئاشپەزگە چاقچاق قىلىپ باققانمۇ؟ — سورىدى ئۇ مەندىن.

— ياق.

— سىز بۇياققا چاقچاق قىلىپ بېقىڭ، ئۇ چاقچاققا ئامراق، — دېدى ئۇ ھېلىقى ئاشپەزگە قاراپ.

ئاشپەز ئۇنىڭدىن كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ، لەۋلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالدى.

— ئۇ قولىغا ۋازىلىن سۈرىدۇ، قاچا يۇيغان سۇغا ھەرگىز قولىنى تىقمايدۇ. قاراڭ، قوللىرىنىڭ ئاپئاقلىقىغا.

پاھىشە ئاياللاردىن بىرى قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. بۇنىڭدەك ئېگىز بويلۇق پاھىشە ئايالنى ياكى خوتۇن كىشىنى ئۆمرۈمدە بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى. باشقا ئىككى پاھىشە ئايالنىڭ بويىمۇ ئۇنىڭكىدىن قېلىشمايتتى، لېكىن بۇ دارازا گەپ يوق 350 قاداق كېلەتتى. ئۇنىڭ تۇرقىنى كۆرسىڭىز ئادىمىزات ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈڭىز كەلمەيدۇ. ئۇلار ھەر ئۈچىلىسىلا رەڭگى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان تاۋاردىن كۆڭلەك كىيىشكەنىدى، ھەر ئۈچىلىسىلا ئۇزۇن ئورۇندۇقتا قاتار ئولتۇرۇشاتتى. قالغان ئىككى پاھىشە ئايالنىڭ يۈز - كۆزى ئادەتتىكىدەك، چاچلىرىنى بولسا سېرىققا بويىۋېلىشقانىدى.

— ئۇنىڭ قوللىرىغا قاراڭلار، — دېدى ھېلىقى ئادەم ئاشپەزنى بېشى بىلەن ئىشارە قىلىپ، ھېلىقى پاھىشە ئايال يەنە كۈلۈۋېدى، پۈتۈن گەۋدىسى تىترەپ كەتتى.

ئاشپەز كەينىگە بۇرۇلۇپ:

— ھۇ، خام سېمىز، سېسىق خوتۇن، — دېدى ئۇنىڭغا قاراپ ۋارقىراپ.

پاھىشە ئايال پۈتۈن گەۋدىسىنى تىترىتىپ يەنە كۈلدى.

— ۋاي، پەرۋەردىگارىم، — دېدى ئۇ ئاجايىپ يېقىملىق ئاۋاز بىلەن، — ۋاي، خۇدايىم.

قالغان ئىككى پاھىشە ئايال، گويا ھېچقانداق سەزگۈسى يوقتەك، تولىمۇ ئىتائەتمەن، تولىمۇ سىپايە قىياپەتكە كىرىۋېلىشتى، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى بويى ئەڭ ئېگىز ئايالدىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە بويلۇق ئىدى، ھەر ئىككىلىسى گەپ يوق 250 قاداق كېلەتتى، ئۇلار خېلى دۇرۇستەك كۆرۈنەتتى.

ئەركەكلەرنىڭ ئىچىدە ئاشپەزگە گەپ قىلغان ھېلىقى ئادەمدىن باشقا يەنە ئىككى ياغاچ كەسكۈچى ئىشچى بار ئىدى. ئۇلاردىن بىرى پاراڭغا قىزىققاندەك قىلسىمۇ، يۈزى قىزىرىپ گەپ قىلالمايتتى، يەنە بىرى گەپ قىلغۇسى باردەك تەمشىلىپ - تەمشىلىپ قوياتتى. ئۇلاردىن باشقا يەنە ئىككى شۋېتسىيىلىك بار ئىدى. ئىندىيانلاردىن ئىككىسى ئۇزۇن ئورۇندۇقنىڭ نېرىقى بېشىدا ئولتۇراتتى. يەنە بىرى تامغا يۆلىنىپ ئۆرە تۇراتتى.

گەپ قىلىشقا تەمشىلىپ تۇرغان ھېلىقى ئادەم:

— بۇلار چوقۇم سامانلىقتىن چىقتى ھەقىچان، — دېدى ماڭا شىۋىرلاپ.

مەن ئىختىيارسىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ كېپىنى تومغا دەپ بەردىم.

— ۋىجدانەن گەپ قىلسام، مەن

ئۇلداق يەرگە زادى كىرىپ باقمىغان، — دېدى توم.

— ماۋۇ ئۇچىگە قاراڭلار، — دېدى ئاشپەز گەپ قىلىپ.

— سىلەر ئىككىڭلار لەچچە ياشقا كىردىڭلار؟

— مەن توقسان ئالتىگە، ئۇ ئاتمىش توققۇزغا، — دېدى توم.

— ھا... ھا... ھا... — ھېلىقى ئېگىز بويلۇق پاھىشە ئايال پۈتۈن گەۋدىسىنى تىترىتىپ كۈلدى، ئۇنىڭ ئاۋازى بەكمۇ يېقىملىق ئىدى. قالغان پاھىشە ئاياللار كۈلمىدى.

— ھوي، سېنىڭ ئاغزىڭدىن دۇرۇس گەپ چىقمامدۇ؟ سەندىن سوئال سورىشىمنىڭ ئۆزى دوستانىلىققۇ، — دېدى ئاشپەز.

— بىرىمىز ئون يەتتىگە، بىرىمىز ئون توققۇزغا كىردۇق، — دېدىم مەن.

— بۇ نېمە قىلىق؟ — دېدى توم ماڭا ۋارقىراپ.

— بولدى، بولدى.

— مېنى ئايرىس دەپ چاقىرساڭ بولىدۇ، — دېدى ئېگىز بويلۇق پاھىشە ئايال يەنە پۈتۈن گەۋدىسىنى تىترىتىپ.

— بۇ سېنىڭ ئىسمىڭمۇ؟ — سورىدى توم.

— ھەئە، ئىسمىم ئايرىس، — دېدى ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئاشپەزنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئادەمگە قاراپ.

— خۇددى شۇنداق، ئىسمى ئايرىس.

— بۇ سىلەرنىڭ باشقىدىن قويۇۋالغان ھېلىقىدەك ئىسىمڭلار، — دېدى ئاشپەز.

— بۇ مېنىڭ راست ئىسمىم، — دېدى ئايرىس.

— باشقا قىزلارنىڭ ئىسمى نېمە؟ — سورىدى توم.

— ھېزىر، ئېزىر، — دېدى ئايرىس، ھېزىر بىلەن ئېزىر كۈلۈمسىرەپ قويدى، ئۇلار سەل رەلجىپ قىلىشتى.

— سېنىڭ ئىسمىڭ نېمە؟ — سورىدىم مەن سېرىق چاچلىق بىر ئايالدىن.

— فرانسېس، — دېدى ئۇ.

— فرانسېس نېمە؟

— فرانسېس ۋېلسون، بۇنى سوراپ نېمە قىلىسەن؟

— سېنىڭ ئىسمىڭ نېمە؟ — سورىدىم مەن يەنە بىرىدىن.

— بولدى، ھەددىڭدىن ئاشما! — دېدى ئۇ.

— ئۇنىڭ بىز بىلەن دوست بولغۇسى باردۇ، ئەجەبا سېنىڭ دوست بولغۇڭ يوقمۇ؟ — دېدى باشتا گەپ قىلغان ھېلىقى ئادەم.

— بولغۇم يوق، مېنىڭ سەن بىلەن دوست بولغۇم يوق، — دېدى چېچىنى سېرىققا بويىغان خوتۇن.

— ئۇ تازا بىر كۆكەمە ئىكەن، سېپى ئۆزىدىن ئۇششۇق خوتۇنكەن، — دېدى ھېلىقى ئادەم.

سېرىق چاچلىق خوتۇن يېنىدىكىگە قاراپ بېشىنى چايقاپ قويدى.

— تېتىقسىز سەھرالىق، — دېدى ئۇ.

ئايرىس يەنە پۈتۈن گەۋدىسىنى تىترىتىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— كۈلگۈدەك نېمە ئىش بولدى؟ — دېدى ئاشپەز، — ھەممىڭلار كۈلۈۋاتىسىلەر، كۈلگۈدەك نېمە ئىش بولدى؟ يىگىتلەر، ئىككىڭلار نەگە كېتىۋاتىسىلەر؟

— ئۆزۈڭ نەگە كېتىۋاتىسەن؟ — سورىدى توم ئۇنىڭدىن.

— كېيوراكقا. سىلەر بېرىپ باققانمۇ؟

ئۇ يەردە مېنىڭ سىڭلىم بار، — دېدى ئاشپەز.

— ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر سىڭىل، — دېدى قىستا كېلىپ قالغان شالۋۇر كىيگەن كىشى.

— بۇنداق گەپلەرنى قىلمىسالىڭ بولمامدۇ؟ دۇرۇسراق گەپلەرنى قىلىشساق نېمە بولىدۇ؟ — دېدى ئاشپەز.

— كېيىندراك سېپتۇكېيشېر① نىڭ يۇرتى. ئىداۋوگستىمۇ شۇ يەرلىك، — دېدى تارتىنچاق ئادەم.

— سېپتۇكېيشېر، — سېرىق چاچلىق خوتۇنلاردىن بىرى خۇددى ئوق تەگكەندەك بىردىنلا چىرقىرىۋەتتى، — ئۇنى ئۆز دادىسى ئېتىۋەتتى. ئاھ خۇدا، ئۆز دادىسى. سېپتۇ كېيشېردەك ئادەمنى ئەمدى ھېچ يەردىن تاپالمايمىز.

— ئۇنىڭ ئىسمى ستانلى كېيشېر② ئەمەسمىدى؟ — سورىدى ئاشپەز.

— ئۇھۇ، يوقىلاڭ گەپنى قىلما! سەن سېپتۇنى قانچىلىك بىلەتتىڭ؟ ستانلى دېگىنىنى. سېپتۇ كېيشېر تولىمۇ ياخشى ئادەم، كېلىشكەن ئەركەك. مەن سېپتۇكېيشېردەك ئۇنداق پاكىز، ئۇنداق ساپ، ئۇنداق چىرايلىق ئەركەكنى كۆرۈپ باقمىغان. ئۇنىڭدەك ئادەمنى ھېچ نەدىن تاپالمايسەن. ئۇ دېگەن يولۋاستەك چەبدەس، تولىمۇ ياخشى ئادەم، پۇل خەجلەشكە كەلگەندە شۇنداق مەرد، — دېدى سېرىق چاچلىق ئايال.

— ئۇنى تونۇمسەن؟ — سورىدى ئەرلەردىن بىرى.

— تونۇمسەن دەمسەن؟ تونۇمسەن دەمسەن؟ ئۇنى ياخشى كۆرەمسەن دەمسەن؟ مەندىن شۇنى سوراۋاتامسەن؟ مەن ئۇنىڭ بىلەن قويۇق تونۇش، خۇددى سەن ئامىسىز شەيتان بىلەن ياخشى تونۇشقاندەك. مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، خۇددى سەن خۇدانى ياخشى كۆرگەندەك. سېپتۇكېيشېرچۇ، باھاسىز ئۇلۇغ ئادەم، ياخشى ئادەم، دۇرۇس ئادەم، كېلىشكەن ئەركەك، لېكىن دادىسى ئۇنى خۇددى بىر ئىتنى ئاتقاندەك ئېتىۋەتتى.

— سەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە دېڭىز بويىدىكى يەرلەرنى ئايلىنىپ باققانمۇ؟

— ياق، مەن ئۇنىڭ بىلەن شۇ ئىشتىن ئىلگىرىلا تونۇشقانتىم، ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى بىردىنبىر ئادەم ئىدى.

چېچىنى سېرىقتا بويىۋالغان خوتۇن بۇ ئىشلارنى خۇددى ئويۇن قويۇۋاتقاندەك قىلىپ سۆزلەپ بەردى، شۇڭا بىز ئۇنىڭ گەپلىرىگە پۈتۈن دىققىتىمىز بىلەن قۇلاق سالدۇق، لېكىن ئايرىسىنىڭ پۈتۈن گەۋدىسى يەنە تىترىدى. مەن ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغاچقا سېزىپ تۇردۇم.

— ئەپسۇسكى، ئۇنىڭغا تېگىۋالماپتىكەنسەن - دە، — دېدى ئاشپەز.

— ئۇنىڭ ئىستىقبالىنى خاراب قىلغۇم كەلمىدى، ئۇنىڭغا يۈك بولغۇم كەلمىدى. ئۇنىڭغا زۆرۈرى خوتۇن ئەمەس ئىدى. ئاھ، پەرۋەردىگارىم، ئۇ دېمىسىمۇ قالتىس ئادەم ئىدى! — دېدى چېچىنى سېرىقتا بويىۋالغان خوتۇن.

— ئۇنىڭغا مۇشۇنداق قارىغىنىڭمۇ بوپتۇ، لېكىن جېك جونسون③ ئۇنى ئۇرۇپ يىقىتىۋەتكەن ئەمەسمىدى؟ — دېدى ئاشپەز.

— ئۇ ساختىپەزلىك قىلدى. ئۇ دارا-

①، ② بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان سېپتۇ كېيشېر بىلەن ستانلى كېيشېرلەر ھەر ئىككىلىسى ئامېرىكىنىڭ بوكسيورچىلىق تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر. — ت.

③ جېك جونسون (1946 — 1978) — ئامېرىكىنىڭ بوكسيور پادىشاھى. — ت.

زا لېكىن تۇيدۇرماي بىر مۇشت ئۇرۇۋالدى. ئەسلى ئۇ جېك جونسوننى ئۇرۇپ يىقىتقانىدى. ھېلىقى زەڭگى تاسادىپ غەلىبە قازاندى،① دېدى چېچىنى سېرىققا بويىۋالغان خوتۇن.

بېلەت سېتىلىدىغان خانىنىڭ دېرىزىسى ئېچىلدى. ئۈچ ئىندىئان دېرىزىنىڭ ئالدىغا باردى.

— سېتۇ ئۇنى ئۇرۇپ يىقىتقان، ئۇ تېخى ماڭا قاراپ كۈلۈپمۇ قويغانتى، — دېدى چېچىنى سېرىققا بويىۋالغان خوتۇن.

— سەن تېخى ھېلىلا ئۇنىڭ بىلەن بىللە دېڭىز بويىدىكى يەرلەرنى ئايلىنىپ باقمىدىم، دېگەنىدەك قىلىۋىدىڭغۇ؟ — دېدى بىرسى.

— مەن ئاشۇ بوكسيور مۇسابىقىسىنى دەپ سىرتقا چىققان. سېتۇ ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇرىۋىدى، ھېلىقى بېشىنى يەيدىغان زەڭگى كۈچۈك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا بىر مۇشت قويدى. ئەسلىدىغۇ سېتۇ ئۇنداق زەڭگىدىن يۈزى كەلسىمۇ تېتىيتتى.

— ئۇ دېگەن بوكسيور پادىشاھى تۇرسا، — دېدى ياغاچ كەسكۈچى.

— ئۇ دېمىسىمۇ بوكسيور پادىشاھى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدەك ياخشى بوكسيورچىنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئۇ بەئەينى بىر ئىلاھ ئىدى، راست دەيمەن. شۇنداق ساپ، شۇنداق چىرايلىق، خۇددى يولۋاستەك چەبدەس، چاققانىدى، — دېدى چېچىنى سېرىققا بويىۋالغان خوتۇن.

— مەن ئۇنى بوكسيورچىلارنىڭ كىنوسىدا كۆرگەن، — دېدى توم. بىز ھەممىمىز ئۇنىڭ گەپلىرىدىن قاتتىق تەسىرلەندۇق.

ئايرىسنىڭ پۈتۈن گەۋدىسى تىترەپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ يىغلاۋېتىپتۇ. ھېلىقى ئىندىئانلار ۋوگزال سەھنىسىگە يېتىپ بېرىپتۇ.

— جاھاندا ھېچقانداق ئەر ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيتتى. بىز خۇدانىڭ كۆز ئالدىدا توي قىلدۇق. مەن شۇ ئان ئۇنىڭكى بولۇپ قالدىم. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەن ئۆمۈر بويى شۇنىڭغا مەنسۇپ بولدۇم. مېنىڭ بارلىقىم ئۇنىڭكى. مەن جىسمىمغا ئېتىبار قىلىپ كەتمەيمەن. خەقلەر مېنىڭ جىسمىمنى ئاياغ ئاستى قىلىشى مۇمكىن، لېكىن مېنىڭ روھىم... سېتۇ كېيشېرنىڭكى. يارەببىم، ئۇ راستىنلا بىر ئەزىمەت ئىدى.

ھەممىلا ئادەم بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى. بولۇنغان گەپلەر كىشىنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلاتتى ۋە خاتىرجەمسىزلەندۈرەتتى. مانا شۇ پەيتتە تېخىچە تىترەۋاتقان ئايرىس تولىمۇ پەس ئاۋازدا گەپ باشلىدى:

— كۆزۈڭنى يۇمۇۋېلىپلا يالغان ئېيتىۋاتىسەن. سەن شۇ ياشقا كەلگۈچە سېتۇ كېيشېر بىلەن بىللە يېتىپ باقمىدىڭ، بۇنى ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن.

— دەۋاتقان گېپىڭنى قارا! — دېدى چېچىنى سېرىققا بويىۋالغان خوتۇن كۆرەڭلەك بىلەن.

— مەن بۇ گەپنى راست بولغاچقا دەۋاتىمەن. بۇ يەردە سېتۇ كېيشېرنى يالغۇز مەنلا تونۇيمەن. مەن مانسىرونادىن كەلدىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن شۇ يەردە تونۇشقان. بۇ پاكىت. بۇنىڭ پاكىتلىقىنى سەن ئوبدان بىلىسەن. گېپىمگە كىچىككىنە يالغان گەپ ئارىلىشىپ قالغان بولسا، مېنى

① بۇ يەردە شۇ نەرسە ئېنىقكى: چېچىنى سېرىققا بويىۋالغان خوتۇن سېتۇ كېيشېر بىلەن ستانلى كېيشېرنى ئالماشتۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ. ئەسلىدە جېك جونسون 1909 - يىلى 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى سېتۇ كېيشېر بىلەن ئەمەس، ستانلى كېيشېر بىلەن مۇسابىقىلەشكەن. ستانلى كېيشېرنى (سېتۇ كېيشېرنى ئەمەس) 1910 - يىلى 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۆز دادىسى ئەمەس، بەلكى بىر دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ خوجايىنى ئېتىۋەتكەن. — ت.

www.uyghurkitap.com

خۇدا ئۇرسۇن، — دېدى ئايرىس.

— خۇدا مېنىمۇ ئۇرسۇن، — دېدى چېچىنى سېرىققا بويىۋالغان خوتۇن.

— بۇ پۈتۈنلەي توغرا، مۇتلەق توغرا، بۇنى سەن ياخشى بىلىسەن. بۇنى توقۇپ چىققىنىم يوق. ئۇنىڭ ھەربىر ئېغىز گېپى ئېنىق ئېسىمدە.

— ئۇ نېمىلەرنى دېدى ساڭا؟ — دېدى چېچىنى سېرىققا بويىۋالغان خوتۇن كۆرەڭلەپ.

ئايرىس يىغىدىن ئۆزىنى زادىلا توختىتالمىدى، ئەزايىنىڭ تىترىشىدىن گەپمۇ قىلالماي قالدى.

— ئۇ ماڭا: سەن راستلا سۆيۈملۈك گۆھەرچاقكەنسەن، ئايرىس، — دېدى. بۇ گەپنى ئۇ ئۆز ئاغزى بىلەن دېدى.

— يالغان، — دېدى چېچىنى سېرىققا بويىۋالغان خوتۇن.

— راست، ئۇ راست شۇنداق دېدى، — دېدى ئايرىس.

— يالغان ئېيتىۋاتىسەن، — دېدى چېچىنى سېرىققا بويىۋالغان خوتۇن كۆرەڭلىك بىلەن.

— ياق، بۇ راست، پۈتۈنلەي توغرا، يالغان گەپ قىلمىدىم.

— سېتىۋ مۇنداق گەپنى ھەرگىز قىلمايدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئادەتتە دەيدىغان گېپى ئەمەس، — دېدى چېچىنى سېرىققا بويىۋالغان خوتۇن خۇشال بولۇپ.

— دېگىنى راست، — دېدى ئايرىس تولىمۇ يېقىملىق ئاۋاز بىلەن، — ئىشەنمىسەڭ ئۆزۈڭنىڭ ئىختىيارى.

ئايرىس ئەمدى يىغلىمىدى، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— سېتىۋنىڭ مۇنداق گەپنى دېيىشى مۇمكىن ئەمەس، — دېدى چېچىنى سېرىققا بويىۋالغان خوتۇن جار سېلىپ.

— ئۇ دېدى. ئۇ مۇشۇ گەپنى قىلغان چاغدا، مەن راستلا ئۇنىڭ دېگىنىدەك سۆيۈملۈك گۆھەرچاق ئىدىم. ھېلىمۇ مەن سەندىن ياخشىراق. سەن دېگەن سۆيۈپ قورۇپ كەتكەن كونا گىرىلكا، — دېدى ئايرىس كۈلۈمسىرەپ.

— ماڭا ھاقارەت قىلغۇچى بولما، يىرىك خالتىسى. مېنىڭ ئېسىم جايىدا، — دېدى چېچىنى سېرىققا بويىۋالغان خوتۇن.

— ھەم، سېنىڭ ئېسىڭدە قالغان ئىشلارنىڭ قايسى بىرسى راست؟ پەقەت يالىڭاچ ساغرىلىك ياكى قاچان كوكايىن، مورفى چەككەنلىكىڭ ئېسىڭدە قالدۇ. باشقىلارنىڭ ھەممىسىنى سەن يېڭىلا كېيىنتىن كۆرۈۋالغان. مېنىڭ گۇناھسىزلىقىمنى ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن. بويۇم ئېگىز بولغىنى بىلەن، ئەركەكلەر يەنىلا مېنى ياخشى كۆرىدۇ. سەن بۇنىمۇ ئوبدان بىلىسەن. مەن ھەرگىز يالغان ئېيتمايمەن. سەن بۇنىمۇ ئوبدان بىلىسەن، — دېدى ئايرىس تولىمۇ يېقىملىق ئاۋاز بىلەن.

— مېنىڭ نېمىنى ئېسىمدە تۇتۇشۇم بىلەن نېمە چاتىقىڭ. ئىشقىلىپ ئېسىمدە بارنىڭ ھەممىسى راست ئىشلار، ئوبدان ئىشلار، — دېدى چېچىنى سېرىققا بويىۋالغان خوتۇن.

ئايرىس ئاۋال ئۇنىڭغا، ئارقىدىن بىزگە قارىدى، ئۇنىڭ چىرايىدىكى غەمكىنلىك يوقالدى. ئۇ كۈلۈپ قويدى، ئۇنىڭ چىرايىدىكى گۈزەللىك ھەقىقەتەن كەمدىن كەم ئۇچرايتتى. ئۇنىڭ يۈزى شۇ قەدەر چىرايلىق، تېرىسى شۇ قەدەر

(داۋامى 158 - بەتتە)

مۇختەر ياسىن

# ئىككى غەزەل

## دېھقانىم كېرەك

ئىزدەيمەن گۈل يۈزلىكىمنى، ماڭا جانانىم كېرەك،
ئىزدەيمەن ئوت كۆزلىكىمنى، كۆزى چولپانىم كېرەك.
سۆيگىنىم دېھقان قىزىدۇر، مېھرى ئىسسىق، گۈل ئېرۇر،
بىللە ئىشلەشكە ماڭا ئاشۇ دېھقانىم كېرەك.
نەچچە يىل بولدىكى ئۇ چۆلنى گۈلىستان قىلغىلى،
ئىشتا چېۋەر، قولى گۈل شۇ ماھى تابانىم كېرەك.
باغ ئارامى شۇنچە كەڭدۇر، خۇددى جەننەتنىڭ ئۆزى،
بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولۇشقا ئاشۇ ئىشچانىم كېرەك.
يېڭى ئۇسۇل بىرلە بىزەپ كەڭ ئېتىز سەھناسىنى،
ئالدى كۆپلەپ مول-ھوسۇل ئۇ، شۇ قەدىردانىم كېرەك.
ئىزدە، مۇختەر، شۇ نىگارنى، ئۇ سېنىڭ بىر تال گۈلۈڭ،
ماڭا كەڭ گۈلزار ئىچىدە گۈلى رەيھانىم كېرەك...

## يازىمەن دېھقانغا كۈي

يازىمەن دېھقانغا كۈي، كۆڭلۈمنى شەيدا ئەيلىگەچ،
ئۇنچە تەر، ئەمگەك بىلەن يارىنى ئاشنا ئەيلىگەچ.
بۇ ئانا تۇپراققا تۆككەن تەرلىرى سانسىز ئۇنىڭ،
مېھرىنى شۇ تەر بىلەن گوياكى دەريا ئەيلىگەچ.
مۇقەددەس خەلقىم جاپانى شۇنچە شېرىن ھېس قىلار،
ئۆزىنى مەجنۇن قىلىپ، مېھنەتنى لەيلا ئەيلىگەچ.
تا ئەزەلدىن دېھقىنىم مېھنەت سۆيەر، ھەممە بىلۇر،
تەر بىلەن ئۇشبۇ دىيارنى گۈلزارى دۇنيا ئەيلىگەچ.
دېھقىنىمنىڭ تامچە تەرى ئابى زەمزەمدۇر گويا،
ساقلىغايمەن يۈرىكىمدە، ئۇنى تۇتيا ئەيلىگەچ.
سۆيىمدۇ دېقاننى مۇختەر قەدرىگە يەتكەچ ئۇنىڭ،
چۈنكى ئۇنى ئۆزىگە چىندىن نىگارا ئەيلىگەچ.

# ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

△ شاڭخەي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاتاقلىق فرانسۇز ئەدەبىياتى تەرجىمانى ۋاڭ داۋگەن يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى فرانسۇز ئەدەبىياتى ئۈستىدە توختالغاندا: ھازىر فرانسىيەدە يېڭى پروزىچىلىق ئېقىمىنىڭ ۋاقتى ئۆتتى، بىمەنە تىياتىرچىلىق ئاخىرقى چەككە يەتتى، رېئاللىقنى يازىدىغان يازغۇچىلار تەبىئىي ھالدا ئالقىشلانماقتا، دېگەن. ئەمما ئۇ فرانسىيە ئەدەبىياتى رېئالىزمغا قايتماقتا، دېگەن قاراشقا قوشۇلمايدىكەن. ئۇنىڭ قارىشى مۇنداق: نۆۋەتتە فرانسىيە ئەدەبىياتىدا ھەر خىل ئۇسلۇبتىكى ئىجادىيەتلەر بىر-بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزئارا سىڭىشىپ بارماقتا. 50-، 60-يىللاردا بالزاكقا قارشى تۇرۇشنى مۇددىئا قىلغان كرودسىمون، دۇراس قاتارلىق يېڭى پروزا ئېقىمىدىكى يازغۇچىلار كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغانىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ يېقىنقى مەزگىلدىكى ئەسەرلىرىدە ئىلگىرىكى چۈشىنىش تەس بولۇشتەك ئەھۋاللار ئۆزگەرمەكتە. 50-، 60-يىللاردا فرانسىيەدە ئەنئەنىگە قارشى بولغان ئەدەبىيات ئېقىمى مەيدانغا كەلگەن. يېڭى پروزىچىلىق بۇ پىكىر ئېقىمىنىڭ ۋەكىلى بولغان. ئوخشاش بىر مەزگىلدە مەيدانغا كەلگەن مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپە نۇقتىسىدىن ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئەھمىيىتىنى مۇھاكىمە قىلغان بولسا، يېڭى پروزىچىلىق بەدىئىي جەھەتتىن ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىنى باشتىن كەچۈرگەن ھازىرقى زامان غەرب كىشىلىرىنىڭ ئۆزگىچە تۇرمۇش مۇھىتىنى ۋە تەسىراتلىرىنى ئىجادىي ئۇسلۇبتا ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن ئىزدەنگەن. ئەينى ۋاقىتتا بۇ خىل يېڭىلىق يارىتىش بالزاكتىن باشلانغان پروزىنىڭ ئىپادىلەش ئەنئەنىسىگە ئاسىيلىق قىلغانلىق بولۇپ، دۇنيا ئەدەبىيات ساھەسىدە زور تەسىر قوزغىغانىدى. بۈگۈنگە كەلگەندە يېڭى پروزىچىلارنىڭ كۆپلىگەن ماھارەتلىرى قوبۇل قىلىنماقتا، ھەتتا رېئاللىقنى يازىدىغان بەزى يازغۇچىلارمۇ ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ماھارەتلىرىنى قوللىنىشقا باشلىغان. ئەنئەنىگە قارشى نەرسىلەر ئاخىرى بېرىپ يېڭى ئەنئەنە بولۇپ قالماقتا.

يېڭى پروزا يازغۇچىلىرى چۈشىنىشلىك بولغان ئورغۇن بازىرى ئىتتىك ئەسەرلەرنى يازغان. شۇنداقلا رېئاللىقنى يازىدىغان يازغۇچىلار بىمەنىچىلەر ئۇسلۇبىنى سىناق تەرىقىسىدە قوللىنىپ، ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ئىپادىلىگەن. بۇ خىل يۈزلىنىش فرانسىيە ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى ئەندىزىسى بولۇپ قالغان.

ئۇ يەنە فرانسىيە ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئۈستىدە توختالغاندا، نەزەرىيىنىڭ راۋاجلىنى-

شى، كۆپىنچە ھالларدا يۇقىرى دولقۇن ئۆتۈپ
كەتكەندىن كېيىن بولدى. بۇ بىرنەچچە يىلدا
فرانسىيىنىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيە ساھەسى جان-
لاندى، خەلقئارادا زور تەسىر قوزغىدى. كۆ-
پىنچە ھاللاردا فرانسىيە نەزەرىيە ساھەسىدى-
كىلەرنىڭ قارىشى دۇنيا مىقياسىدىكى نەزەرىيە
ئېقىمى بولغان كېيىنكى قۇرۇلمىچىلىقنى تە-
رەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت، دېگەن.

△ بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بويىچە
ئاززۇ ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنى يېقىندا كۇن-
مىڭدا ئېچىلدى. شىزاڭ، سىچۇەن، گەنسۇ،
يۈننەن، بېيجىڭ قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن
ئاززۇ يازغۇچى، شائىر، تەھرىر ۋە ئاززۇ ئە-
دەبىياتى تەتقىقاتچىلىرى بولۇپ 40 قا يېقىن
كىشى مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىن
قاتناشچىلىرىنىڭ قارىشىچە، يېڭى دەۋردىكى
ئاززۇ ئەدەبىياتى ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىپ،
پۈتكۈل ئەدەبىيات ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنەر-
لىك ئورۇنغا ئىگە بولدى. دەسلەپكى قەدەمدە
مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ ئالدىدىكىدەك،
يازغۇچى ئاز بولۇش، ئەسەر ئاز بولۇش
ھەمدە ئەدەبىي ژۇرنال بولماسلىقتەك ئەھۋال
دەسلەپكى قەدەمدە ئۆزگەرتىلدى. ئەمما باشقا
مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىغا سېلىشتۇرغاندا ئاززۇ
ئەدەبىياتى نۆۋەتتە يەنىلا تۆۋەنكى باسقۇچتا
تۇرماقتا. ئەسەرلەرنىڭ سانى ۋە سۈپىتىنى،
يازغۇچىلارنىڭ نەزەرىيىۋى تەربىيىلىنىشىنى
يەنىمۇ ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

△ بۇ يىل 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن
8 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە جۇڭگو يازغۇچىلار
جەمئىيىتى، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى
بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان تۇنجى قېتىملىق ئاز
سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى خەن-
زۇچىغا تەرجىمە قىلىش خىزمەت سۆھبەت
يىغىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ غۇلجا شەھى-
رىدە ئۆتكۈزۈلدى.

مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەل-
گەن 60 تىن ئارتۇق كىشى بۇ سۆھبەت يى-
غىنىغا قاتناشتى. بۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى
ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى خەنزۇچىغا
تەرجىمە قىلغۇچى مۇتەخەسسىسلەر ھەمدە ئاز
سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى
نەشر قىلغۇچى خادىملاردۇر. يىغىندا ۋەكىللەر
ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى خەنزۇچىغا
تەرجىمە قىلىش خىزمىتى ئۇزۇندىن بېرى جەم-
ئىيەتنىڭ يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشەل-
مەي كەلدى. تەرجىمانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئور-
نىمۇ تۆۋەن بولدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر تى-
لىدا يېزىلغان ئەسەرلەر خەنزۇچىغا كۆپ تەر-
جىمە قىلىنمىدى، تەرجىمە قىلىنغانلىرى بولسا،
مەتبۇئات ۋە نەشرىياتلارنىڭ يېتەرسىزلىكى
تۈپەيلىدىن ئېلان قىلىنىشقا مۇيەسسەر بولال-
مىدى.

يىغىن قاتناشچىلىرى جۇڭگو يازغۇچىلار
جەمئىيىتى تەركىبىدە مەملىكەتلىك ئاز سانلىق
مىللەتلەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى خەنزۇچىغا
تەرجىمە قىلىش خىزمەتچىلىرى جەمئىيىتىنى
قۇرۇپ، بۇ خىزمەتكە كونكرېت رەھبەرلىك قى-
لىش ۋە پىلانلاش، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئە-
دەبىي ئەسەرلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىل-
غۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى يۇقىرى كۆ-
تۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش، مۇناسىۋەتلىك
ئالىي مەكتەپلەردە بەلگىلىك مۇددەتتە خەن-
زۇچە تەرجىمانلار سىنىپىنى ئېچىش ۋە مۇنا-
سىۋەتلىك ئورگانلار قىسقا مۇددەتلىك كۇرس-
لارنى تەشكىللەپ، تەرجىمانلارنىڭ كەسپىي
سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش تەكلىپىنى بەردى. جۇڭگو
يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى كېلەر
يىلدىن باشلاپ لۇشۈن ئەدەبىيات ئاكادېمىيە-
سىدە تۇنجى قارارلىق «ئاز سانلىق مىللەتلەر

ئەدەبىي ئەسەرلەرنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش سىنىپى» ئاچىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

يىغىن قاتناشقۇچىلىرى يەنە مەخسۇس ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات نەشرىياتى قۇرۇش، ھازىر بار بولغان مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش ھەمدە مۇناسىۋەتلىك نەشرىياتلاردا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش، تەھرىرلەش ئىشخانىسىنى تەسىس قىلىش، «مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىنى نەشر قىلىپ، مەخسۇس خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنى بېسىش، «تەرجىمە خەۋەرلىرى» گېزىتى چىقىرىپ، خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى، تەجرىبىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ئالماشتۇرۇش قاتارلىق تەكلىپلەرنى بەردى.

Δ يېقىندا مەملىكىتىمىزنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى، تەرجىمىشۇناس، پروفېسسور يې جۇنجەن ئەپەندى دانىيىنىڭ دۆلەت بايرىقى ئوردېنىغا ئېرىشكەن. دانىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ ۋاقىتلىق ۋەكالەتچىسى ئايال پادىشاھقا ۋەكالىتەن دانىيە دۆلەت بايرىقىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئوردېننى يې جۇنجەن ئەپەندىگە تەقدىم قىلغان. 74 ياشلىق پروفېسسور يې جۇنجەن ئەپەندى ئۆمۈر بويى دانىيىنىڭ مەشھۇر چۆچەك يازغۇچىسى ئاندېرسوننىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان. دانىيە دۆلەت بايرىقى ئوردېنى ئادەتتە زور تۆھپە قوشقان ئالىملار ۋە مۇتەخەسسىسلەرگە بېرىلىدۇ. يې جۇنجەن ئەپەندى بىرىنچى بولۇپ بۇ ئوردېنغا ئېرىشكەن جۇڭگولۇق.

Δ ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوخشاش بولمىغان سىياسىي كۆز قاراشتىكى ۋە چەت ئەللەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن يازغۇچىلىرىنىڭلا ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىدىغان كونا ئادىتىنى ئۆزگەرتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھازىرقى زامان ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىپ، ئامېرىكا كىتابخانلىرىنى سوۋېت ھازىرقى زامان ئەدەبىي ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلماقچى بولغان. سوۋېت ئىتتىپاقى نەشر ھوقۇقى كومىتېتى ئامېرىكىنىڭ ئاساسلىق نەشرىياتلىرى بىلەن نەشر ئىشى توختامىغا ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىمزا قويغان.

ئالبۇمىل نەشرىياتى نەشر قىلىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن يەتتە كىتاب ئىچىدە ئەنگلىكى زىيارەت خاتىرىسى، بىر سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئاساسلىق يازغۇچى، تەقرىزچىلەرنىڭ تاللانغان ھېكايىلار توپلىمى، يەنە بىر ئايال يازغۇچىلارنىڭ تاللانغان ھېكايىلار توپلىمى قاتارلىقلار بار.

راندىن، نوۋ قاتارلىق نەشرىياتلار تۇنجى تۈركۈمدە يازغۇچى ۋىلادىمىر گوربايېۋنىڭ چېرنوبىل يادرو ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋەقەسىنى يازغان «تاش كىروپ» دراممىسى ۋە تاتىيانا تولستويانىڭ بىر ھېكايىلار توپلىمى قاتارلىقلارنى نەشر قىلماقچى بولغان. كىچىك بوران نەشرىياتى ستالىن دەۋرىدىكى تۇرمۇش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رومان «ئالبېرت كوچىسىدىكى بالىلار»نى نەشر قىلماقچى بولغان. ئاناتولى رىباكوۋنىڭ بۇ رومانى بۇنىڭدىن 20 يىل ئىلگىرى يېزىلغان بولۇپ، ئۇزۇندىن بېرى ئېلان قىلىنىش چەكلىنىپ كەلگەن. پەقەت 86 - يىلىغا كەلگەندە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تەسىرى ئانچە چوڭ بولمىغان ئەدەبىي ژۇرنالغا بېسىلغانىدى.

Δ سوۋېت ئىتتىپاقىدا چىقىدىغان «ئوكتەبىر» ژۇرنىلى يەھۇدى يازغۇچىسى ۋاسىلى گروسماننىڭ 26 يىلدىن بۇيان ئېلان قىلىنىش چەكلەنگەن، سوۋېت جەمئىيىتىنىڭ قا-

راڭغۇ تەرەپلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «ھاياتلىق ۋە تەقدىر» ناملىق رومانىنى ياسىغان؛

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدى-كەينى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان بۇ رومان 1984-يىلى تۇنجى قېتىم چەت ئەلدە نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، دۇنيادىكى كۆپ خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنغان.

گروسمان 1905-يىلى ئۇكرائىنادا تۇغۇلغان. دەسلەپكى ئەسەرلىرى گوركىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئۇ «قىزىل يۇلتۇز» گېزىتىنىڭ ئالدىنقى سەپتىكى مۇخبىرى بولۇپ، ناتسىست گېرمانىيىسىنىڭ جازا لاگېرىدىكى ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ، مەتبۇئاتتا خەۋەر قىلغان. ئۇرۇشتىن كېيىن ۋەتەن ئۇرۇشى تېما قىلىنغان «ھەققەت ئۈچۈن» ناملىق ھېكايىسىنى ئېلان قىلغان، ئۇ مىللەتچى دېگەن جىنايەت بىلەن تۈرمىگە سولىنىپ، 1953-يىلىغا كەلگەندىلا قويۇپ بېرىلگەن. «ھاياتلىق ۋە تەقدىر» ناملىق رومانىنى 1961-يىلى يېزىپ تاماملىغان. روماندا ئاپتور ئۆزىنىڭ كۆلەڭگىسى بار باش قەھرىمان — ئاتوم فىزىكىسى ئالىمى شتروم بىلەن فىزىكا ئالىمى لاندونىڭ بەختسىز تەقدىرى ھەمدە ئەينى ۋاقىتتىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئېلىپ بېرىلغان چوڭ تازىلاش ۋە يەھۇدىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش قاتارلىق ئەھۋاللار بايان قىلىنغاچقا، رومانىنى نەشر قىلىش مەنئى قىلىنغان. يوقسۇللۇق ۋە كېسەللىكنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقان يازغۇچى 1964-يىلى 59 يېشىدا ئېچىنىشلىق ھالدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

△ چوڭ قۇرۇقلۇق كىتابخانىلىرى ئارىسىدا يۇقىرى ھۆرمەتكە ئىگە بولغان تەيۋەنلىك ئاتاقلىق يازغۇچى بەي شيەنيۇڭ ئەپەندى يېقىندا ئىنتايىن سەممىيلىك بىلەن جۇڭگودىن ئۇلۇغ يازغۇچى چىقىدۇ، دېگەن ئۈمىدىنى چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى يازغۇچىلارغا باغلىغان.

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان بەي شيەنيۇڭ كۆپ قېتىم چوڭ قۇرۇقلۇققا كېلىپ ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەر بىلەن كەڭ تۈردە ئۇچراشقان. ئۇ چوڭ قۇرۇقلۇق، تەيۋەن ۋە شياڭگاڭنىڭ ئەدەبىيات ئەھۋالىنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندىن كېيىن، بۇ قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ يەنە: «بۇ ئارزۇ ئاز دېگەندە 30 يىلدىن كېيىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۇ ۋاقىتتىچىلىك مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى پەيدىنپەي تۈگەيدۇ. چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى يازغۇچىلار ئەگەر پۇختا كلاسسىك ئەدەبىيات ئاساسىدا غەربنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بۈيۈك يازغۇچىلار چىقىدۇ» دېگەن. بەزىلەر ئۇنىڭ 30 يىلدىن كېيىن دېگەن سۆزىگە قارىتا باشقىچە پىكىردە ئىكەن. مەسىلەن، ئاتاقلىق يازغۇچى ليۇ بىنيەن: كەلگۈسىدىكى بەش يىلدىن ئون يىلغىچە ئارىلىقتا چوڭ قۇرۇقلۇقتىن بۈيۈك يازغۇچى چىقىدۇ، دېگەن.

△ ۋاڭ فايمىڭنىڭ يازغۇچى ليۇ جېن ئۈستىدىن ئەرز قىلىش دېلوسى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا كۈچلۈك غۇلغۇلا پەيدا قىلغانىدى.

بۇ دېلونى ئۈستىگە ئالغان شىجاجۇاڭ شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى 7-ئاينىڭ 26-كۈنى ليۇ جېن ۋە ئۇنىڭ ئادۋوكاتىغا سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق ۋاڭ فايمىڭنىڭ ليۇ جېننىڭ ئۈستىدىن سۇنغان ئەرزىنى بىكار قىلغانلىقىنى ئۇقتۇرغان.

ليۇجېن «ئاياللار ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا «قاراڭ، بۇ ئەتىرگۈلگە» ناملىق ئوچېركىنى ئېلان قىلغانىدى.

ۋاڭ فايمىڭنىڭ قارىشىچە، بۇ ئەسەردە ليۇ

جىن ئۇنىڭغا تۆھمەت چاپلاش ۋە ئىززەت - نەپسىگە ھۇجۇم قىلىش جىنايىتىنى سادىر قىلغانىكەن. لىۋجىيىنىڭ ئادۋوكاتى سۇي يۇجىن؛ سوت مەھكىمىسىنىڭ بۇ يىل 3 -، 4 - ئايلاردا چىڭخۇاڭداۋ، ۋۇنىڭ نامىسىغە نەۋەتكەن ئادىمىنىڭ نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ ئىگىلىگەن ئەھۋاللىرى لىۋجىيىنىڭ ئەسىرىنىڭ پاكىتسىز ئەمەسلىكىنى دەلىللەيدۇ، دېگەن.

ۋاڭ فايىلىڭ سوتتىن ئەرزىنىڭ جىنايى ئىشلار قىسمىنى قايتۇرۇۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ھەق - تەلەپ ئىشلىرىدا ئاتىمت دەۋاسىنى ساقلاپ قالغان. لىۋ جىن؛ «ۋاڭ فايىلىڭ ‹خەلق گېزىتى› دە ئارقا - ئارقىدىن ماقالىلار ئېلان قىلىپ، ماڭا تۆھمەت چاپلاپ، ئىرز قىلدى. مەن ئۇنىڭ ئۈستىدىن سوتقا ئەرز سۇندۇم» دېگەن. سوت مەھكىمىسى بۇ دېلونى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلىمەكتىكەن.

كامىل تۇرسۇن تەرجىمىسى.

(بېشى 152 - بەتتە)

يۇمران، ئاۋازى شۇقەدەر يېقىملىق ئىدى، دېمىسىمۇ ئۇ بەك ياخشى، يەنە كېلىپ بەك دوستانە ئىدى، لېكىن پەرۋەردىگارىم، ئۇنىڭ بويى بەكمۇ ئېگىز ئىكەن. بۇ ئۇچ خوتۇننىڭ ھەر ئۇچىلىسىنىڭ بويى ئېگىز ئىدى. توم مېنىڭ ئۇلارغا قاراپ تۇرغىنىمنى كۆرۈپ: «تېز بول، ماڭايلى» دېدى.

— خوش ئەمىسە، — دېدى ئايرىس. ئۇنىڭ ئاۋازى ھەقىقەتەن يېقىملىق ئىدى.


— خوش ئەمىسە، — دېدىم مەن.

— سىلەر ئىككىڭلار قايسى يول بىلەن ماڭىسىلەر؟ — سورىدى ئاشپەز.

— ئىشقىلىپ سەن بىلەن يولىمىز بىر ئەمەس، — دېدى توم ئۇنىڭغا.

(«مەشھۇر ئەسەرلەردىن زوق ئېلىش» ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىل 6 - سانىدىن ئېلىندى.)

مۇساجان ئەزىزى تەرجىمىسى.



## نەسرىي ئەسەرلەر


| | | |
|---|---|---|
| ماخمۇت مۇھەممەت | ئىككى تال قىزىل ئالما (ھېكايە) | 12 |
| ئاتاۋۇللا تۇرسۇنتوختى | ئىمامنىڭ خوتۇنى (ھېكايە) | 27 |
| ھۆسەنجان ئەستەر | نەسرلەر | 39 |
| مىڭچېبى لولولو | ئۈيلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش (ئەدەبىي ئاخبارات) | 53 |
| تۇرسۇنجان لېتىپ | مېھرى (ھېكايە) | 96 |
| ئەھمەتجان ھوشۇر | ئەمدى بىرگە كىم قارايدۇ؟ (ھېكايە) | 101 |


## شېئىرلار


| | | |
|---|---|---|
| تۇمۇر داۋامەت | تۈركىيە ئىلھاملىرى | 3 |
| ياسىن خۇدابەردى | تۆتلىكلەر | 8 |
| ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن | شېئىرلار | 9 |
| ئابدۇقادىر جالالىدىن | ئالا ۋە يېشىل | 41 |
| تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن | سەھرا نەزمىلىرى | 44 |
| ئەركىن داۋۇت | شېئىرلار | 46 |
| كېرىمجان سۇلايمان | ئازاب | 47 |
| ئەزىزى | مۇھەببەت | 48 |
| ئابدۇرېھىم زۇنۇن | قىزلار | 49 |
| ئابدۇلئەھەت قادىرى | ئىككى شېئىر | 50 |
| سالامەت ئۆمەر | ئۈچ شېئىر | 51 |
| ئايگۈل ھەمدۇللا | لەۋلەر | 51 |
| | سېنى كۆرگەندە | 51 |
| تۇرداخۇن ئىركىباي | ئىككى شېئىر | 52 |
| ئابدۇرېھىم نەۋرۇز | مەن تاجىك ئوغلى | 52 |
| مۇتەللىپ خۇرسەندى | ئۈچ شېئىر | 104 |
| مەمتىمىن بارى | شېئىرلار | 105 |
| مەھەممەت ئابدۇرېھىم | ئىككى شېئىر | 107 |
| پەرھات مۇھەممەت | يىغلاپ تۇرۇپ سۆيگەنتىڭ، بىراق | 108 |
| قاسىم ھاشىم | تەكلىماكان | 108 |
| ئادىلجان تۇنىياز | پىنھان سۆيگۈ | 109 |

تۇراپ دايىم............ ئىككى شېئىر.................................... 110
ۋارىس قاسىم............ ئاھ، مېنىڭ يەلكەنىم.............................. 110
ئېلى قادىر............... دالا كۈيى.......................................... 111
ئەنۋەر شەيدائى............ ئۈچ شېئىر.......................................... 111
مۇتەللىپ جۇماخۇن........ قىسقا شېئىرلار .................................... 112
ئابلىز قۇربان.............. يىمالار.............................................. 112
مۇختەر ياسىن............. ئىككى غەزەل ......................................... 153

## تەرمە گۈللەر

نىجات ئەخمەت............ ئانامغا خەت (ھېكايە)................................ 113

## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

مۇختەر مەخسۇت............ يېڭىچە شېئىرلار ھەققىدە ئىككى ئېغىز پاراڭ... 116
تېيىپجان ئېلىيوپ، ئەخەت تۇردى... ئىككى پارچە خەت ............................ 131

## سوۋېت ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن


خىزمەت ئابدۇللىن............ ئانا تىلىم.......................................... 136
ئېليا بەختىيا............ تۇغۇلغان يەر تۇپىسىغا.................................. 138

## مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن

تۇرگېنېۋنىڭ يۇرتى.................................................. 140


## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

ئېرنىست ھېمىڭۋاي............ ئالەمدىكى نۇر (ھېكايە)................................ 146



بزنىڭ قۇملۇق

سۇرەتنى ئابلز غۇجامنياز تارتقان.




《塔 里 木》 文学月刊 (维吾尔文)

TARIM AMONTHLY LITERATURE INUIGHURLANGUAGE JOURNAL

تارىم

| | |
|---|---|
| 编　　辑: | 《塔里木》编辑部 |
| 出　　版: | 新疆人民出版社 |
| 印　　刷: | 新疆新华印刷厂 |
| 发　　行: | 乌鲁木齐市邮局 |
| 国外总发行: | 中国出版对外贸易总公司 (北京782信箱) |
| 订阅、零售: | 各地邮局所 |

1988 - يىل 11 - سان (333 - سان) ، 38 - يىل نەشرى .

تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32 - قورو ، تېلېفون نومۇرى : 78784 .

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى . شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى .

ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ . مەملىكەت بويىچە ھەممە

جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ .

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى : جۇڭگو نەشرىيات تاشقى سودا باش شىركىتى

(بېيجىڭ 782 - خەت ساندۇقى) .

O. P. BOX782 BEIJING. CHINA

国内统一刊号: CN65-1010/I

本刊代号: 58-66 定 价: 1.00 元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : CN 65 - 1010 / I .

ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى : 66 - 58 ، باسما تاۋاق : 10 ، باھاسى : 1 يۈەن